04/29 19:27:13 Time: 2000/04/27 20:43:58








ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

# ئاشۇ يىللاردا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 7-228-05711-2
9 787228 057115 >

ISBN7-228-05711-2
1.2103(民文)定价 :15:00元

15
I234
11

15/I234
11

ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

图书在版编目(CIP)数据
茫茫岁月：维吾尔文/阿曼努尔 著。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3
ISBN7—228—05711—2
I.茫…  II.阿…  III.诗剧—剧本—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)N.I234
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第22970号

# ئاشۇ يىللاردا

责任编辑：伊力亚斯·热依依
封面设计：艾尼扎提·艾热提

(تارىخىي كىنو سىنارىيىل

ۋە

(تاللانغان ھېكايىل

茫茫岁月 (维吾尔
830001)
次印刷

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN7—228—05711—2/I.2…  定价:15.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
茫茫岁月:维吾尔文/阿曼努尔 著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.3
ISBN7－228－05711－2
1.茫… Ⅰ. 阿… Ⅱ. 话剧－剧本－作品集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言)N.I234
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 22970 号

责任编辑:伊力亚斯 ·热依祢
封面设计:艾尼扎提·艾热提

**茫茫岁月** (维吾尔文)

阿曼努尔·阿不都肉苏力 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
呼图壁八一印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12 印张
2000 年 4 月第 1 版 2000 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3,000

ISBN7－228－05711－2/1.2103 定价:15.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : غەنىزات غەيرەت

# ئاشۇ يىللاردا

ئاپتورى : ئامان نۇرى ئابدۇررۇسۇل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
قۇتۇبى 1 - ئاۋغۇست باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 م م 1/32 باسما تاۋىقى : 12
2000 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1—3,000
ISBN7—228—05711—2/I. 2103
باھاسى : 15.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## تارىخىي كىنو سېنارىيلەر:


نۇزۇگۇم ........................................ 1
تۇرپان پارتىزانلىرى ........................................ 76
ئاشۇ يىللاردا ........................................ 153


## تالانغان ھېكايىلەر:


قەدىناس دوستلار ........................................ 244
يارايسەن ئوغلۇم ........................................ 251
قولىغا كويزا سېلىنغان ئادەم........................................ 260
ئىككى بوتۇلكا ھاراق ........................................ 270
كوچىدىكى پاراڭلار ........................................ 279
مەسخىرىگە قېلىش ........................................ 308
دادىسىنىڭ خۇيىنى ئالغان بالا........................................ 316
ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................................ 320
ئاھ ئونبەش ياش چېغىم........................................ 329
تۇپراق بېشىدا........................................ 346
نېمە دېگۈلۈك؟ . . . ........................................ 354
كىچىك بەگگى........................................ 360
قاپچۇق ........................................ 367
دېۋانە ........................................ 374
مەن تېخى. . . . . . ........................................ 382
ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى........................................ 387

# نـوزۇگـۇم

## 1

تاڭ سەھەر ۋاقتى.

گـويا قىيامەت قايىم بولغاندەك قەدىمكى شەھەر قەشقەر-نىڭ دەھشەتـلىك ئوتـتا لاۋۇلـداپ كۆيۈۋاتقانلىقى يىراقتىن كۆرۈنىدۇ.

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ھەدەپ ئاھالە ئۆيلىرىگە ئوت قو-يۇۋېتىدۇ، ئوت ئەتراپقا شىددەت بىلەن يېيىلىدۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىكى دۇكانلار، مەسچىت ـ جامە پەشتاقلىرى لاۋۇلداپ كۆيىدۇ.

## 2

ھېيتگاھ ئالدى.

قوللىرىغا ئارا ـ توقماق، پالتا ـ ئورغاق، كەتمەن ـ گۈرجەك ئالغان خەلق قوزغىلاڭچىلىرى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشماقتا.

ئاتـلىق قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇپ كېلىۋاتقان مەنچىڭ ئەسكەرلىري بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا.

بـىر قىز ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئوڭ، سول ۋە ئالدى تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن-لەردىن بىر نەچچىسىنى ئات ئۈستىدىن غۇلىتىدۇ. قىز يەنە بىر دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقاندا قىلىچى سۇنۇپ كېتىد-

دۇ . قىز ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىيدۇ ، ئات ئالدى ئىككى پۇ- تىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، قاتتىق كىشنەيدۇ . مانا شۇ كۆرۈنۈش ئۈستىگە فىلىمنىڭ ئىسمى « **نوزۇگۇم** » سەكرەتمە خەت بىلەن بېرىلىدۇ .

## 3

شەھەر ئىچى .

بىر توپ مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، پۇقرالارنى قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرمەكتە . ئۇلار زورلۇق قىلىپ ، هويلا - ئارامىلاردىن قىز - چوكانلارنى سۆرەپ چىقماقتا .

تۈرلۈك نادىر ئەسەرلەرنى ئوت ئۈستىگە قالايمىقان تاشلاپ كۆيدۈرمەكتە .

## 4

يېزىغا تۇتىشىدىغان يول .

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى يەرلىك بەگ - دورغىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، يېزا تەرەپكە قېچىپ كې- تىۋاتقان بىگۇناھ كىشىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ « چاپ ، ئۆلتۈر » دەپ ۋەھشىيلەرچە قىرماقتا . باللىسىنى يېتىلەپ قېچىپ كېتىۋې- تىپ ، كەينىگە تەشۋىش بىلەن قارىغان بىر ئايالنى بىر چېرىك چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ . يەنە بىر چېرىك ھېلىقى ئايالنىڭ ئالتە - يەتتە ياشلىق ئوغلىنى نەيزە سانجىپ پىرقىرىتىپ تاشلايدۇ ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— بۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ قۇرۇتۇش كېرەك ، بولمىسا ، كېيىن ئاپەت كەلتۈرىدۇ ، — دەيدۇ .

شەھەر كوچىلىرىدا ياتقان جەسەتلەر ئۈستىدىن مەنچىڭ

ئەسكەرلىرى ئات سېلىپ چېپىپ ئۆتىدۇ.

دارغا ئېسىلغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەنلىرى يىراقتىن ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەزىمەتلەر خۇددى قاپاقلىرىنى تۆرگەن پېتى ئۇيقۇغا كەتكەندەك، ئۇيقۇدىن ئويغانسىلا، بۇ زۇلمەتلىك جاھان بىلەن شىركەبى ئېلىشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئۈستىگە فىلىم ئاپتورى، رېژىسسورى، ئارتىس ۋە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقانلارنىڭ ئىسمىلىكى يېزىلىدۇ.

## 5

يول ياقىسى.

— رەھىمدىل بولما!

— چاپسان كۆم، چاپسان!

قولىدا قىلىچ تۇتقان، يوغان باش، چوشقىدەك سەمرىگەن بىر چېرىكلەر باشلىقى قولىدا قامچا تۇتقان يەرلىك بەگ ـ دورغىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنى ئورەككە تاشلاپ كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ.

ئورەك ئىچىدە چىرايى زەپىران بوۋاي ـ مومايلار، نارەسىدە ئوغۇل ـ قىزلار ھەسرەت ئىچىدە داد ـ پەرياد ئۇرۇپ بۇ بىۋاپا دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

ئورەكتە توپىغا بوينىغىچە كۆمۈلگەن ئەگمە بۇرۇتلۇق قەيسەر بىر كىشى ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلمىغان جەسۇرانە قىياپەت بىلەن: «يوقالسۇن زالىملار!»، «ھۆرىيەتپەرۋەر خەلقىمىزنى ئۆلتۈرۈپمۇ تۈگىتىشەلمەيسەن!» دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 6

دەريا بويى.

ھاۋا تۇتۇق، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، يامغۇر ياغماقتا. تۆمەن دەرياسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ، مۇڭلىنىپ ئاقماقتا.

## 7

ئۇرۇش خارابىلىكىگە ئايلانغان قەشقەر شەھىرى.

بويىنىغا تاقاق، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان قوزغىلاڭچىلارنى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بەگ ــ دورغىلار كوچىدا ئىككى ياقتىن يالاپ ئېلىپ كەلمەكتە. قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، قارا قاش، 18 ياشلىق نوزۇگۇمنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى چاقنايدۇ.

## 8

رەستە كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپلانغان پۇقرالار، قايغۇ ــ ھەسرەتكە تولغان چىرايلار، ياشلانغان كۆزلەر.

ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى چوڭقۇر ئېچىنغان ھالدا:

ــــ ئاھ، خۇدا بىزنى نېمە كويلارغا سېلىۋاتقاندۇرسەن، ئەي بىۋاپا دۇنيا، ئەي زالىم پەلەك، كىملەرگە ۋاپا قىلىپ، كىملەرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈۋاتىسەن! ــــ دەيدۇ.

خەلق توپى ئىچىدە بېشىغا سەللە يۆگىگەن سالاپەتلىك ئىككى كىشى ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرى:

ــــ ئەسىرلەردىن بېرى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كەلدۇق. بۇ قوزغىلاڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك

دەسلەپ غەلىبە قىلىپ ، كېيىن يېڭىلىپ قالدۇق . بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى ئەمەسمۇ ؟ . . . — دەيدۇ .

يەنە بىرى :

— ئۆتكەن قېتىم ئەرلەرنى سۈرگۈن قىلغانىدى . بۇ قېتىم ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاياللارنى سۈرگۈن قىلىۋاتىدۇ . ئاڭلىسام ، بۇ قىز — چوكانلارنى ئىلىغا ئاپىرىپ ، مەنچىلىك ئەمەلدارلىرىغا خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بەرگۈدەك . . . قىز — چوكانلىرىمىز ئاخىر بېرىپ مۇشۇنداق ئاياغ ئاستى بولۇپ كېتەرمۇ ؟ . . . بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ ؟ . . .

— زۇلۇم چېكىدىن ئاشتى . زالىملار ھەددىدىن . . . لېكىن ، ئەل قىساسى مىنەلھەق . . . قىساسلىرىمىز بىر كۈنى بولمىسا ، بىر كۈنى بۇ زالىملارنىڭ گېلىدىن بوغىدۇ .

## 9

چوڭ كوچا .

تۇتقۇنلار يېقىنلىشىدۇ . خەلق توپى دولقۇنلىنىدۇ . مەنچىلىك ئەسكەرلىرى ئۇلارغا مىلتىق ، قىلىچلىرىنى دىۋەيلەپ : « كەينىڭگە تۇر ! » دەپ ۋارقىرىماقتا . بىر يەرلىك بەگ — دورغا : « نېمىشقا كەينىڭگە تۇرمايسەن ! » دەپ كىچىك بالا كۆتۈرگەن ئايالنىڭ يۈزىگە قامچا بىلەن بىرنى ئۇرىدۇ ، بالا چىرقىراپ يىغلايدۇ .

## 10

چوڭ كوچا .

خەلق توپى ئىچىدىن كىشىلەر : « نوزۇگۇم ، نوزۇگۇم ! » دەپ ئالغا ئىنتىلىدۇ . نوزۇگۇم خەلق توپىغا قاراپ مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا بېسىپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 11

چوڭ كوچا.

ساقىلى سۇتتەك ئاقارغان، ئازاب ئىچىدە يۈزى تاتارغان، بىر بوۋاي خەلق توپى ئىچىدىن شۇڭقاردەك ئېتىلىپ چىقىپ:

— قىزىم!... نوزۇگۇم... — دەپ يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ. نوزۇگۇم يان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ھېلىقى كىشىگە قاراپ:

— دادا! — دەپ توۋلاپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالىدۇ.

بوۋاي نوزۇگۇمنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كېلىدۇ:

— ئون گۈلۈڭنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغاندا بۇ كۆلپەتلەر بېشىڭغا كەلدى. ئەمدى مەن سەن ئامراق قىزىمدىن ئايرىلىپ، بۇ دەردكە قانداقمۇ چىدارمەن؟ ماڭا مۇنداق ھاياتنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ نالە - پەرياد قىلىدۇ. ئاندىن مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

خوش، گۈل قىزىم نوزۇگۇم،
يورۇپ تۇرغان يۇلتۇزۇم.
كۆلپەت چۈشۈپ باشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم.

## 12

ئېكراندا ئەسلىمە بېرىلىدۇ:

مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان نوزۇگۇم ئات ئۈستىدە دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ، بىر قانچە دۈشمەننىڭ كەينى - كەينىدىن كاللىسىنى ئالىدۇ، ئاندىن تېخىمۇ ھېيلىگەر بىر دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەندە قىلىچى سۇنۇپ كېتىدۇ.

قىناش ئۆيى.

نوزۇگۇمنى باشماللتىقىدىن ئېسىپ قويۇپ، چىرىك ۋە بەگ ـ دورغىلار دەھشەتلىك ئۇرىدۇ.

## 14

نوزۇگۇمنىڭ دادىسى قوشقىنىڭ داۋامىنى ئوقۇيدۇ:

ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
ئامراق قىزىم نوزۇگۇكئاي.
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم،
سەندىن قانداق ئايرىلاي.

## 15

ئېكراندا: نوزۇگۇمنىڭ ئاكىسى ئابدۇللانىڭ بويىنغا تاقاق، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ھالدا مەنچىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يالاپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئېكران سىرتىدىن:

كۆمپەيكۇم بولسۇن زۇلمەت ـ جاھالەت،
بىزگە يار بولسۇن بەخت ـ سائادەت.

دېگەن ئاۋاز بېرىلىدۇ.

## 16

نوزۇگۇمنىڭ دادىسى قوشقىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىدۇ:

سەندىن قانداق ئايرىلاي .

قوشاق ئاخىرلىشىش بىلەن بوۋاي خۇددى يېتىم قوزى-دەك نوزۇگۇمغا قاراپ ئېيتىلىپ :

— نو . . . زۇ . . . گۇم . . . قىزىم ! — دەپ يۈرىكى باغرى كاۋاپ بولىدۇ .

نوزۇگۇم دادىسىغا قاراپ تەلمۈرۈپ :

— دادا ، ئۆزىڭىزنى يوقاتماڭ . . . مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان قەدىرلىك جېنىم دادا ! — دەيدۇ ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە .

بىر چېرىك مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن بوۋاينى ئۈرۈپ يىقىتىدۇ . نوزۇگۇم « دادا . . . ! » دەپ ئالدىغا يۈلقۇنىدۇ . ئۇنى بىر چېرىك تۇتۇۋالىدۇ ، يەردە يېتىپ نالە قىلىۋاتقان بوۋايغا يەرلىك دورغا ھومىيىپ قاراپ :

— ئۇنىڭنى چىقارما ، ھېلى بىكار جېنىڭنى ئالمەن ! — دەپ ھەيۋە قىلىپ قامچا شىلتىيدۇ .

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بەگ - دورغىلار نوزۇگۇمنى ئېتتىرىپ ماڭىدۇ . نوزۇگۇم يەردە چاڭ - توزانغا مىلىنىپ ياتقان دادىسىغا ئاخىرقى قېتىم قاراپ :

— دادا ، دادا ! — دەپ توۋلايدۇ . ئاندىن مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ :

خەير - خوش دەردمەن دادا —
غەمگۇزارىم ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى —
گۇلئۇزارىم ياخشى قال .

مىسكىن قىزىڭ كۆزى دائىم
تۆمەن بويىغا باقىدۇ .

ئېكراندا : تۆمەن دەريا بويىدا ئالدىغا چۈشكەن سۇمبۇل چېچىنى ئويىنىتىپ ، مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان نوزۇگۇم كۆرۈنىدۇ .

كۆرۈنۈش يۆتكىلىپ ، نوزۇگۇم قوشاق ئوقۇيدۇ :

زالىم داگۇالڭ قەپىسىنى
غەزەپ كۈچى چاقىدۇ .

بۇ چاغدا ئېكراندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چاققان مەنزىرە كۆرۈنىدۇ .

نوزۇگۇم دادىسى بىلەن رازىلاشقاندىن كېيىن يۇرتداشلىرىغا قاراپ قوشاق قوشىدۇ :

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
مىسكىن باشقا سايە بەرگەن
بوستان يۇرتلار ياخشى قال .

نوزۇگۇم ناخشا ئېيتىۋاتقاندا ئېكراندا رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان ئاشۇ باغدا شوخ كېيىكتەك سەكرىشىپ ، كۈلۈشۈپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان 13 ـ 14 ياشلاردىكى نوزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كۆرسىتىلىدۇ .

كۆرۈنۈش يۆتكىلىپ ، تۇتقۇن قىلىنغان نوزۇگۇم ناخشا ئېيتىدۇ :

چۆل ـ دەشتلەرنى كېزىپ يۈرگەن ،
پىراق ئوتىدا باغرى كۆيگەن ،
پۇتلىرىدا قانلىق كىشەن ،
باقى جانىم ياخشى قال .

نوزۇگۇم بۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقاندا ئېكرانىدا باقى يىگىتىنىڭ نوزۇگۇمغا باغدا گۈل تۇتۇۋاتقان چېغى ۋە ئېكران ئاستىدا :

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا ،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن .

دېگەن خەت جىلۋە قىلىدۇ .

ئەسلىدىكى كۆرۈنۈش : چىرىكلەر بىلەن بەگ — دورغىلار نوزۇگۇمنى « ماڭ ، چاپسان ماڭ ! » دەپ ھەيدەپ ئېلىپ ماڭىدۇ . پۇقرالار تۇتقۇنلارغا قاراپ ھۆر كىرەپ يىغلىشىدۇ . ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولىدۇ .

## 17

گۇگۇم ۋاقتى .
ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ .
شامال ئارىلاش يامغۇر يېغىپ ، تۆمەن دەرياسى غەزەپ بىلەن دولقۇنلاپ ئاقىدۇ .

## 18

زال ، كەچقۇرۇن .
ھەشەمەتلىك بېزەلگەن زالنى پانۇس چىراغلار يورۇتۇپ تۇرىدۇ .
تەلەتىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان بىر ھەربىي ئەمەلدار كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلىمەكتە . بۇ چىڭ خاقانى داۋگۇاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كەلگەن گېنېرال چىن .

— ئەسرلەردىن بېرى توپىلاپ كۆتۈرۈپ جىم ياتمىغان بۇ ياۋايىلارغا بۇ قېتىم ئۆزىمىزنى راسا تونۇتۇپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن قان، بۇرنىدىن بۇلاق قىلىۋەتتۇق. بۇ ياۋايىلار ئەمدى ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمەيدۇ. بىز كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يەتتۇق... بىزنىڭ بۇ غەلىبىلىك يۈرۈشىمىزدىن، شانلىق زەپىرىمىزدىن، مەن ئىشىنىمەن، داۋگۇاڭ خاقانىمۇ چىن كۆڭلىدىن مەمنۇن بولغۇسى! — ئۇ ئاتتەك غادىيىپ، ھېجايغان ھالدا ئولتۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىدۇ.

ئۇزۇن شىرەنىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرغان مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى مەمنۇن بولغان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ پىچىرلىشىدۇ.

— ھەق راست، ئوبدان ئەدىپىنى بەردۇق!

— راسا پوخادىن چىقتۇق!

گېنېرال چىن سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

— خاقانىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شان - شۆھرىتىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ ياۋايىلارنىڭ قالغان - قاتقانلىرىنىمۇ بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ رەھىمدىل بولماسلىق كېرەك. بۇ ئۇششۇقلارنى قانچە قىرىپ، قانچە چېپىپ تۇرساڭ، شۇنچە ياۋاشلايدۇ. ئىتائەتمەن بولۇپ، ئالدىڭدا خوش - خوش دەپ تەزىم قىلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ، — گېنېرال يېنىدىكى دوتەيگە: «شۇنداق ئەمەسمۇ؟..» دېگەن مەنىدە قارايدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەيدۇ دوتەي خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ.

بىر مەنچىڭ ئەمەلدارى دوتەينىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ:

— نىياز ئامبال بىلەن يولۋاس بەگ ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات ئېلىپ كەپتۇ. كىرىشكە ئىجازەت سوراۋاتىدۇ.

— كىرسۇن! — دەيدۇ دوتەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 19

زال ئىچى.

سىمىزلىكىنى كۆتۈرەلمەي قالغان نىياز ئامبال بىلەن يولۋاس بەگ، خۇددى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، پارقىراپ تۇرغان پەتنۇسلارغا ئالتۇن، يامبۇلارنى تولدۇرۇپ، قوللارچە خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ھىجىيىپ كىرىپ كېلىدۇ.

گېنېرال چىن نىياز ئامبال بىلەن يولۋاس بەگكە مەنستىمەسلىك پوزىتسىيىسىدە نەزەر سالىدۇ، لېكىن پەتنۇستىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايدۇ.

ئۇ سوۋغاتنى كىدىيىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ.

نىياز ئامبال بىلەن يولۋاس بەگ قوللارچە ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— ئاز بولۇپ قالدى، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلالا! — دەيدۇ.

دوتەي يېنىدىكى نىياز ئامبال، يولۋاس بەگلەرگە قاراپ:

— ئاران شۇمۇ؟ — دەيدۇ.

— پات ئارىدا يەنە ئەكېلىمىز! — دەيدۇ نىياز ئامبال بىلەن يولۋاس بەگ كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى يوشۇرۇپ.

## 20

دوتەي يامۇل ھويلىسى، قاراڭغۇ.

پوجاڭزىلار تاراسلاپ ئېتىلىپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدۇ.

## 21

زال ئىچى.

زالـغـا ھەرخىل تائاملار ، نازۇ نېمەتلەر تارتىلىدۇ . مەن- چىلىك ئەمەلدارلىرى تائاملارنى ئاچكۆزلەرچە يېيىشمەكتە . زالنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر شىـرەدە نـىياز ئامـبال ، يولـۋاس بەگلەرمۇ غىزالىنىدۇ .

زىياپەتتىكىلەر كەينى - كەينىدىن :

— خاقانىمىزنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن !

— غەلىبە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن !

— سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ! — دېيىشىپ ، شادلىقتا تې- رىلىرىگە پاتمىغان ھالدا قەدەھ كۆتۈرۈشىدۇ .

## 22

زال ئىچى .

گـېنېرال چىن بىر پارچە قوي گۆشىنى يەۋېتىپ ، خۇددى گېلىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ دوتەيدىن :

— سۇر گۇن قىلىنغانلارنى ئېلىپ ماڭدىمۇ ؟ — دەپ سورايدۇ .

— تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئېلىپ ماڭدى ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ دوتەي ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن سورىغانلىقىنى بىلەل- مەي ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا .

— ھېلىقى ئايالنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ؟ — يەنە سورايدۇ گېنېرال بېشىنى دوتەيگە يېقىن تۇتۇپ .

— نوزۇگۇم ! — جاۋاب بېرىدۇ دوتەي .

— ھە . . . ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر ئىكەن . ليكىنزە ئۇ ئەر بولـماي ، ئايال بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا دارغا ئېسىلماي سۇر- گۇن قىلىندى . بولمىسا ئۇنى جەزمەن دارغا ئېسىشقا توغرا كې- لەتتى . ھېلىمۇ ئۇنىڭدىن قاتتىق ھوشيار بولۇش كېرەك . . .

— شۇنداق ، شۇنداق ! — دەيدۇ دوتەي بېشىنى لىڭشى- تىپ تۇرۇپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

## 23

چۆل ـ جەزىرە، كۈندۈز.

بىر تەرەپ تاغ، يەنە بىر تەرەپ پايانسىز چۆل ـ جەزىرە، يولدا ئات ـ ئۇلاغ ۋە پىيادە ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنىدۇ.

داۋانغا تۇتاشقان يولدا بەدەنلىرى قاتتىق جاراھەتلەنگەن، جۇل ـ جۇل كىيىملىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەسەتلىرى ئۇيەر ـ بۇيەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلۇتلۇق ئاسماندا قاغا ـ قۇزغۇنلار ئەگىپ يۈرىدۇ.

## 24

چۆل ـ جەزىرە.

مەنچىلىك ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە يەرلىك دورغىلار ئۆلۈغا سۈرگۈن قىلىنغان قوزغىلاڭچىلارنى يالاپ ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نوزۇگۇمنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىسى، غەزەپ ئوتى بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزى ئېكراندا ئەكس ئېتىدۇ.

## 25

تاغ ئىچى.

ئايال قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى 16 ياشلىق قىز ـــ لەيلىگۈل نوزۇگۇمغا يېقىنلاپ كېلىپ:

ـــ نوزۇگۇم ئاچا، ئىلىغا ئاپارغاندا، راستىنلا بىزنى چېرىك ئەمەلدارلىرىغا خوتۇنلۇققا بېرىۋېتەرمۇ؟ ـــ دەپ سورايدۇ.

ـــ ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ! ـــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ نو-

زۇگۇم خىيالغا پېتىپ .

— ئۇ كۈنگە قالغاندىن كۆرە ئۆلۈۋالغان تۈزۈك ، شۇنداق ئەمەسمۇ نوزۇگۇم ئاچا ؟ — دەيدۇ لەيلىگۈل قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .

— ياخشى دېدىڭ سىڭلىم ، بىز ئازادلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى تىز پۈكمەس خەلقنىڭ ئەۋلادى . بىز ئاخىرقى نەپەسىمىز قالغۇچە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگىمىز ، كۈرەشسىز ئازادلىق بولماس ، بىز بۇندىن كېيىنمۇ قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك ، زۇلۇم تەختىنى گۇمران قىلىشىمىز لازىم .

لەيلىگۈل باش لىڭشىتىپ ، نوزۇگۇمنىڭ سۆزىنى ماقۇللايدۇ .

## 26

چۆل – جەزىرە .

تۇتقۇن قىلىنغان قوزغىلاڭچىلار داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە .

نوزۇگۇم ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇزاق – ئۇزاقلارغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ كەلمەكتە .

## 27

( ئەسلىمە ) :

هويلا – ئارام ، چۈشتىن كېيىن .

نوزۇگۇمنىڭ ساقىلىنى قىرو باسقان ، ئۇزۇن كەمزۇل كىيگەن دادىسى بازارلىق بەقەسەمنى توقۇپ بولۇپ ، نەرسىلە-
رىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى . ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن 12
ياشلار چامىسىدىكى نوزۇگۇم بويىنىدىن دەپتەر – قەلەم جىلتى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

كىسىنى ئالغاچ، دادىسىغا خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئەركىلەپ:

— دادا، ئەتە بازارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

قىزىغا مەستلىكى كەلگەن دادا كۈلۈمسىرەپ:

— ھەئە، قىزىم، ئەتە بازار! — دەيدۇ ۋە قىزىنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ قويىدۇ.

— ئەتە مەنمۇ سىلى بىلەن بازارغا چىقايمۇ، ئۇزاق بولدى، بازار كۆرمىگىلى؟ — نوزۇگۇم ئەركىلىگىنىدە تېخىمۇ ئوماقلىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدۇ.

— بولىدۇ، قىزىم، بولىدۇ، — دەيدۇ دادىسى خۇشال ۋە تەمكىنلىك بىلەن.

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن — ھە؟ — دەيدۇ — دە، نوزۇگۇم يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 28

بازار، چۈش مەزگىلى.

نوزۇگۇمنىڭ دادىسى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ، دولىسىدا خۇرجۇن، قولىدا بەقەسەم ساتقان پۇلنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئەتلەس — بەقەسەم ۋە دوپپا — تۇماق بازىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

## 29

بازار قىيامىغا يەتكەن، ئادەملەر بىلەن لىق تولغان چاغ.

سىرتتىن مۇڭلۇق راۋاب ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ ئاۋازنى ناۋاي — ئاشپەزلەرنىڭ، ئۆپكە — كاۋاپچىلارنىڭ، باققاللارنىڭ، قەنت — گېزەك ۋە مىلىچ مال ساتقۇچىلارنىڭ ئۆز نەرسىلىرىنى ماختاپ توۋلىغان ئاۋازلىرى بېسىپ چۈشىدۇ.

نوزۇگۇم دادىسى بىلەن بىللە بازار ئارىلاپ يۈرمەكتە.

## 30

زەرگەر دۇكىنىنىڭ ئالدى .

نورۇگۇم دادىسى ئۇزاتقان ئۇزۇكنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ ، قولىغا سېلىپ كۆرگەندىن كېيىن :

— بولىدىكەن دادا ! — دەيدۇ خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ .

— يارىسا ، قىزىم ، ئالىلى ! — دەيدۇ دادىسى .

نورۇگۇمنىڭ دادىسى دۇكانچىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ ، قىزىنى باشلاپ يۈرۈپ كېتىدۇ .

## 31

بازار .

نورۇگۇمنىڭ دادىسى خۇرجۇننى يىپ ، تۇز ، تارشى گۈگۈت ، ئوتياش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇپ ، نورۇگۇمنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا سامسا دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە :

— يۈرسىلە قىزىم ، سامسا ئېلىپ بېرەي ، ئوخشىغان سامسىدىن بىر نەچچىنى يەۋالسىلا ، — دەيدۇ .

— بولدى دادا ، ئۆيگە كېتىلى ، پۇلنى بۇزمايلى ! — دەيدۇ نورۇگۇم ئۇنىماي . لېكىن دادىسى :

— ئۇنداق دېمىسىلە قىزىم ، سىلىنى بازاغا ئاچىقىپ ، قورساقلىرىنى ئاچ قويسام بولماس قىزىم ؟ — دەيدۇ .

## 32

تونۇر بېشى .

سامسىپەز تونۇرنى يەلپۈشتىن توختاپ ، نورۇگۇملارغا قاراپ :

— قېنى كېلىشسىلە، ئىچكىرىگە كىرىشسىلە، سامسىنى ھازىرلا قومۇرىمەن! — دەيدۇ. ئاندىن سامسىپەز سىرتقا قاراپ

— قېنى ئوغۇل باللا، كۆزۈڭ بولسا، كۆرۈپ يەپ كەت! ئەركەك قويىنىڭ گۆشىدە ئەتكەن، ياغ يەيسەن، شېكەر يەيسەن! — دەپ مېھمان چاقىرىپ توۋلايدۇ.

## 33

سامسىخانىنىڭ ئالدى.

نوزۇگۇم دادىسى بىلەن سىرتتىكى پالاس سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ، بىر كىچىك شىرە يېنىدا ئولتۇرىدۇ. بىر تەخسىدە سامسا ۋە چاي دەملەنگەن چەينەك بىلەن ئىككى پىيالە كەلتۈرۈلىدۇ.

نوزۇگۇمنىڭ دادىسى دەرھال سامسا بىلەن چاي پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، قىزىغا قاراپ:

— ئالسىلا قىزىم! — دەيدۇ. نوزۇگۇم:

— دادا، سىلىمۇ باقسىلا! — دەيدۇ.

نوزۇگۇم دادىسى بىلەن سامسا يېيىشكە كىرىشىدۇ.

## 34

سامسىخانا ئىچى.

سامسىخانىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر مەنچىڭ ئەمەلدارى ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇلغان بىر تەخسە سامسىنى ئاچكۆز بۆرىدەك يالماپ يېمەكتە.

بىر چاغدىن كېيىن سامسىخانا ئىچكىرىسىدىن قورساقلىرى تويۇپ، دومبىيىپ چىققان ھېلىقى مەنچىڭ ئەمەلدارى تاشقىرىغا چىقىپ، قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېرتقاچ، كىشىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ

يولىغا ماگماقچى بولىدۇ.
— دارىن، توختىسىلا! — دەيدۇ سامسىپەز ئۇستام.
— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەيدۇ قوپاللىق بىلەن ئەمەلدار.
ئەمەلدارنىڭ بۇ كۆرەڭلىكىدىن ئەنسىرىگەن ئۇستامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى زورىغا خۇش چىراي تۇتۇپ:
— سامسىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىش ئەسلىرىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ! — دەيدۇ مۇلايىملىق بىلەن.
سامسىنىڭ پۇلىنى بەرمەي كېتىشنى باشتىنلا ئويلىغان ئەمەلدارنىڭ بىردىنلا ئوغىسى قايناپ كېتىدۇ:
— تۆت سامساڭنى يېگىنىمگە ئەدەپسىزلىك قىلىپ، تېخى مەندىن پۇل تەلەپ قىلىۋاتامسەن — ھە؟ پۇراپ قالغان گۆشتە ئەتكەن سامساڭنى مېنىڭ يېگىنىمگە خۇش بول! — دەيدۇ زەردە بىلەن.
بۇ چاغدا ئەمدىلا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر كىچىك يەرلىك ئەمەلدار:
— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر نەچچە دانە سامسىنى يېگەنگە نېمە بولاتتى — ھە؟ . . . بىز ئەزەلدىنلا مېھماندوست خەققۇ؟ يېمىسە چىللاپ يېگۈزىدىغان يەردە ئەمەسمۇ بىز؟ — دەيدۇ.
ناھەقچىلىك ۋە خۇشامەتچىلىكنى كۆرسە زادى چىداپ تۇرالمايدىغان ئىچى كۇچلۇك ئۇستام ئۇنىڭغا:
— ماڭ، نېرى تۇر، ئۇجمەڭنى تېرىپ كەل! — دەپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئاندىن ئەمەلدارغا قاراپ:
— تەقسىر! — دەيدۇ تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن، — يېگەن سامسىنىڭ پۇلىنى بەر، دېگەنلىك ئەدەپسىز-لىك بولامدىكەن؟ سىلى تۆت سامسا ئەمەس، بىرى كەممۇ ئە-مەس، دەل 10 سامسا يېدىلە! . . .

— مانا مەن بېرەي ، مانا پۇل ! — دەپ بايىقى كىچىك ئەمەلدار يانچۇقىدىن يارماق پۇل چىقىرىپ ئۇستامغا سۇنىدۇ.

بۇ چاغدا باياتىن بېرى بىر چەتتە قاراپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر ياش دەرھال :

— سەن يالاقچىنىڭ پۇلى كۆپ بولسا ، ئەكەل ! — دەپ ئۇنىڭ قولىدىكى يارماق پۇلنى ئېلىپ ، ئاچچىق بىلەن كۆككە پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىدۇ . ئەتراپتا تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ .

ئۇستام ئەمەلدارغا قاراپ :

— تەقسىر ، پۇلنى تۆلىۋەتسىلە ! — دەپ يەنىلا بوش كەلمەيدۇ .

ئەمەلدارنىڭ جان – پېنى چىقىپلا كېتىدۇ .

— ھوي خۇمسى ، سەن تېخى مەن بىلەن تەڭ تۇرماقچىمۇ ؟ — دەپ ئەمەلدار ئۇستامغا قوللىرىنى شىلتىيدۇ .

— بىز قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش خەق ، قوللىرىدىن كەلگىنىنى قىلسىلا ، بۇ جانـدىنمۇ جاق تويـدۇم ! — دەيدۇ سامسىپەز .

ئەمەلدار يېنىدىكى غىلاپتىن قىلىچىنى زەردە بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، ئۇستامغا دېۋەيلەيدۇ .

بىر باتۇر دېھقان يىگىت ئەمەلدارنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ ، ئەمەلدارنىڭ مەيدىسىگە كۈچەپ مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرىدۇ . ئەمەلدار ئوڭدىسىغا يىقىلىدۇ .

يەرلىك ئەمەلدار غىپپىدە قىلىپ ، كىشىلەر توپى ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ .

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان نوزۇگۇم دادىسى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ :

— دادا ، ھېلىقى ئەمەلدار نېمىدېگەن ئەسكى – ھە ؟

سامسنى يەپ ، پۇلنى بەرمىگىنىنى قارىسىلا ، تازا ئىنساپسىز بىر نائەھلى ئىكەن ئۇ . . . ئۇ ھېلىقى غالچىمۇ تازا ئوبدان دەككىسىنى يېدى ـ ھە ؟ . . . — دەيدۇ .
— زالىم بەگلەر ، پارىخور ئەمەلدارلار خەلقنىڭ شىلىسىغا مىنىۋېلىپ ، خەلقنى بوزەك قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ! . . . ئۇلارنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان جەبىر ـ زۇلۇملىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ، — دەيدۇ دادىسى ھەسرەت ئىچىدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .
دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى گۆدەك نورۇزگۇمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالىدۇ .
ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :
— كەمبەغەللەرمۇ بوزەك بولىۋەرمەس ئەمدى . . . — دەيدۇ .
( ئەسلىمە تۈگەيدۇ . )

## 35

چۆل ـ جەزىرە .
تۇتقۇن قىلىنغان قوزغىلاڭچىلار داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە .

## 36

تاغقا ئۆرلەۋاتقان يول .
نورۇزگۇم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاتتىق خىيال سۈرۈپ كەلمەكتە .
ئاتلىق چېرىك نورۇزگۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— چاپسان ماڭ ! — دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە قامچا بىلەن دولىسىغا قاتتىق ئۇرىدۇ .

غەزەپكە تولغان نوزۇگۇم چىرىككە قاراپ :
— لەنەت ساڭا ، قانخور زالىم ، بىلىپ قوي ، مېنىڭ مۇ-
ڭىشىم شۇ ! — دەيدۇ .

## 37

تاغ ئىچى ، كەچ .
چىرىكلەر قورشاۋىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئارام ئالماقتا .
قورام تاشقا يۆلىنىپ ياتقان نوزۇگۇم ئاستا ناخشا ئوقۇيدۇ :

ئايىنى بۇلۇت توساپتۇ ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن ،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ .

بېشىمىزدا جاللاتلار ،
قىلىچىنى ئوينىتار .
بۇ دوزاختىن بىزلەرنى
قانداق كۈنلەر قۇتقۇزار ؟

— ناخشىنى ئەجەب ياخشى ئېيتتىلا سىڭلىم ! — دەيدۇ
يېنىدا ياتقان بىر ئايال .
— نوزۇگۇم ئاچا ، يەنە ئېيتسىلا ! — دەيدۇ لەيلىگۈل .
ئاڭغىچە چىرىك ناخشا ئېيتىۋاتقان نوزۇگۇمغا قامچى-
سىنى تەڭلەپ :
— هوي ، جىم بول ، ناخشا ئېيتما ! — دەيدۇ .
— ناخشا ئېيتىمەن ، تىلىمنى كېسىۋېتەلمەيسەن ! —
دەيدۇ نوزۇگۇم .
— بىكار قامچا يەپ كېتىسەن ! — دەيدۇ چىرىك .
ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ياتقان نوزۇگۇم



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ :

— قامچاڭدىن قورققانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرمەيدۇ . قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر قامچاڭدىن قورقمايدۇ . بىز ئازادلىق ، هۆرلۈك ئۈچۈن جېنىمىزنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ قويۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ، قانلىق جەڭلەرگە كىرگەن . زۇلۇم تەختى — بەختىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە سېنىڭ قامچاڭ نېمىتتى ؟ . . . — دەيدۇ .

— هىم . . . قېنى كۆرىمىز ! — دەيدۇ چېرىك هومىيىپ .

— سەنىلەرمۇ ئۆز بېشىڭغا ئاگاھ بولۇش ! — دەيدۇ نوزۇگۇم .

چېرىك گەپ تېپىپ بېرەلمەي نېرى كېتىدۇ .

— خۇيمۇ ئوبدان بابلىدىڭىز ، نوزۇگۇم ئاچا ! — دەيدۇ لەيلىگۇل كۈلۈپ تۇرۇپ .

نوزۇگۇم گۇگۇم كۆكسىنى يېرىپ يەنە ناخشا ئېيتىدۇ :

كۆيۈپ يانسۇن زالىملار ،
تاجۇ تەختى كۈل بولسۇن .
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن .
. . . . . . . . . . . . . . .

ناخشىنىڭ ئايغى چۈشۈش بىلەنلا خىيال كەپتىرى قاناتلىنىپ ئۇچىدۇ .

**38**

( ئەسلىمە ) :

زۇلۇمغا چىدىمىغان هۆرىيەتپەرۋەر خەلق قوزغىلاڭ

كۆتۈرمەكتە . قوللىرىغا ئارا ــ توقماق ، پالتا ــ ئورغاق ، كەتمەن ــ گۈرجەك ۋە نەيزىلەرنى كۆتۈرگەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشماقتا . ئۇلار مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرماقتا.

ئاتلىق قوزغىلاڭچىلار مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە نەيزە سانجىپ ، بەدەنلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلگىرىلمەكتە.

نوزۇگۇم ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلماقتا . بىر چېرىك باشلىقى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ، ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ ، نوزۇگۇم ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ.

**39**

قوزغىلاڭچىلار مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ ، ئاممىنىڭ مۇھاسىرىسىگە تاشلايدۇ . ئۇلارغا نىياز ئامبالمۇ قوشۇلىدۇ . ئۇلار ئاما ئالدىدا غال ــ غال تىترىمەكتە .

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ، — دەيدۇ دوتەي بوغۇق ۋە تىترىگەن ئاۋازدا .

— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز ، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز ، — دەيدۇ باشقىلىرى .

نىياز ئامبال نوزۇگۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ھىيلىگەرلىك بىلەن يېلىنىپ :

— قېرىنداشلىرىم ، ماڭا رەھىم قىلىڭلار ! — دەيدۇ .

غەزەپتە يۈرىكى ئۆرتىنىپ تۇرغان نوزۇگۇم :

— ھوي ۋىجدانسىز ، رەزىل ئەبلەخ ! — دەپ تەستەككە بىرنى ئۇرىدۇ . ئاندىن سەپداشلىرىغا قاراپ :

— بۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.
— چاپسان ماڭ ، نېمە كەينىڭگە قارايسەن ! — دەپ قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭىدۇ.
قوزغىلاڭچىلار قولىرىدىكى نەيزە ، مىلتىق قاتارلىق قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ۋە بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، سەكرىشىپ ، غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشىدۇ.

## 40

ھېيتگاھ ئالدى ، كەڭ مەيدان ، كۈندۈز.
كۆكتىكى قۇياش زۇلۇمدىن قۇتۇلغان قەدىمكى شەھەر — قەشقەرگە ھاياتبەخش ئەتكۈچى نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا.
ناغرا - سۇنايلار چېلىنماقتا.
ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلار غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.
نوزۇگۇممۇ سۆيگەن يارى — باقى بىلەن بىر - بىرىگە بېقىشىپ ، ئۇسسۇلنى لەۋەن ئوينىماقتا.

## 41

يېرىم كېچە ، ئەتراپ جىمجىت.
بىر گۇندىپاي تۈرمە كامېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئەتراپقا خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك بىر قارىۋېتىپ :
— چاپسان بولسىلا ! — دەيدۇ.
ئۇچىسىغا تون ، بېشىغا قاما تۇماق كىيىپ ، ئۇيغۇرچە ياسىنىپ تەييارلىنىپ تۇرغان دوتەي چاققانلىق بىلەن ئىشىكتىن چىقىدۇ.
— ئۆزلىرىگە پەخەس بولسىلا ! — دەيدۇ گۇندىپاي.

— بولىدۇ ، رەھمەت ساڭا ، كىيىن تاجۇ تەختىنى قو-
لۇمغا قايتۇرۇۋالغاندا چوقۇم ساڭا مۇھىم ئەمەل بىرىمەن ، —
دەيدۇ دوتەي .

— دەرۋازا سىرتىدا ئىگەر - جابدۇقلۇق ئات تەييارلاپ
قويدۇم ، شۇنى مىنىپ ، چاپسان جانلىرىنى قۇتقۇزسىلا ! —
دەيدۇ گۇندىپاي .

— ياخشى ، بەك ياخشى بولدى ! — دەپ دوتەي
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولىدۇ .

## 42

يول ، كۈندۈز .

20 - 30 مىڭ كىشىلىك مەنچىڭ ئەسكىرى قەشقەر خەل-
قىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن نەرە تارتىپ كەلمەكتە .
ئاتلىق قوشۇن ئالدىدا ، پىيادە قوشۇن كەينىدە سەپ تارتىپ
ماڭغان .

چىن گېنېرال ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە دوتەي بىلەن بىللە
بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ، ئۇزاقتا دۇربۇن سېلىپ :

— قەشقەر شەھىرىگە ئاز قالغان ئوخشايمىز ! — دەيدۇ .

— كەپقالدۇق ! — دەيدۇ دوتەي تۈلكىلىك بىلەن ھى-
جىيىپ ، ئاندىن ئۇ بىردىنلا تەلەتىنى بۇزۇپ :

— خەپ توختاپتۇر ، قەشقەرلىق ! ئەدىپىڭنى راسا بىر
بەرمىسەم ! — دەيدۇ .

## 43

يول ، كۈندۈز .

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھىرىگە ھەدەپ ھۇجۇم
قىلىپ كىرمەكتە .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قـوزغىلاڭچىلار ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتكىنى بىلەن خىل قوراللانغان دۈشمەن ئالدىدا يېڭىلىدۇ.
ئىستىھكاملار قولدىن كەتمەكتە.
قوزغىلاڭچىلار قۇربان بېرىپ چېكىنىدۇ.
(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

44

تاغ يولى.
مەنچىڭ ئەسكەرلىرى، بەگ ــ دورغىلار ئايال قوزغىلاڭچىلارنى تاغ داۋىنىدا ھەيدەپ كەلمەكتە.
شىۋىرغان ھۇۋلايدۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتىدۇ. ئاجىز جانلار جاقىلداپ تىترەيدۇ.

45

تاغ يولى.
تـۇتقۇن قوزغىلاڭچىلار تىك، تار، خەتەرلىك يەردىن ئاران ــ ئاران ئۆتۈشمەكتە.
مادارىدىن كەتكەن بىر قوزغىلاڭچى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. مەنـچىڭ ئەسـكەرلـىرـىنىڭ بىر باشـلىقى كېلىپ، «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى قاتتىق بىرنى تېپىدۇ، ئاندىن ئۇنى چوڭقۇر غارغا ئىتتىرىۋېتىدۇ.
ئايال قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەزىپى پەلەككە يېتىدۇ:
ــ ھوي، قانخور زالىملار!

46

تاغ يولى.
مـەنچىڭ ئەسكەرلىرى، بەگ ــ دورغىلار تۇتقۇن قوز-

غىلاڭچىلارنى داۋاندىن پەسكە ھەيدەپ چۈشمەكتە :
— تېز مېڭىش !

47

تاغ ئىچى .
تۇتقۇنلار ئۇيقۇغا كېتىشكەن ، گۈلخان ئاستا ــ ئاستا ئۆچىدۇ . نوزۇگۇمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىدۇ . ئۇ چۈش كۆرىدۇ :
بۇك ــ باراقسان باغ ئىچى ، نوزۇگۇم سۆيگەن يىگىتى — باقى بىلەن بىر ــ بىرىنى قوغلىشىپ كېلىدۇ .
نوزۇگۇم :
سەن سېغىندىڭمۇ مېنى ؟

باقى :
بەك سېغىندىم مەن سېنى .

نوزۇگۇم :
قەيىرىڭدە سېغىندىڭ ؟

باقى :
يۈرىكىمدە سېغىندىم .

نوزۇگۇم :
ھالىڭ نېچۈك دەپ سورىمىغىن ،
كۆرگىن چىرايىمدىن ئۇنى .
سەن مېنىڭ باقىم بولساڭ ،
قۇتقۇزۇپ ئالغىن مېنى .

باقى :

كۇندە كۆرمىدىم يارنى،
كۇندە كۆرەرمەن دەپ.
ئۇمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

نورۇزگۇم:
ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭـلى
قايغۇ ئىچىدە ئۆتمەكتە.
بەلـنى مەھكەم باغلايلى،
كۈتكەن كۈنگە يەتمەكتە.

چۈشىدىن كېيىن نورۇزگۇم بىر تەۋرىنىپ، ئۇيان ئۆرۇ-لۇپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. يەنە چۈش كۆرىدۇ. ئاندىن «بەخت بىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن!» دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن هالدا ئويغىنىپ كېتىدۇ.

— ئاھ! — دەيدۇ نورۇزگۇم چۈشىنىڭ رېئال ئەمەسلى-كىگە ئىچىنىپ.

نورۇزگۇمنىڭ ئاۋازىدىن باشقىلارمۇ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

— نورۇزگۇم ئاچا، نېمە بولدىلا، چۈش كۆرگەن ئوخ-شىمامدىلا، «بەخت بىزگە يار بولسۇن!» دەپ شېرىن ئارزۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى قىلىپ توۋلىۋەتتىلىغۇ؟ — دەيدۇ لەيلى-گۈل ھەم ھەيران بولغان، ھەم خۇشاللانغان ھالدا نورۇزگۇمغا تىكىلىپ.

نورۇزگۇم چۈۋۈلغان چاچلىرىنى تۈزىگەچ، لەي-لىگۈلگە قاراپ شادىيانە كۈلىدۇ ۋە ئۇنى يېنىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ:

— چۈش كۆرۈپتىمەن! — دەيدۇ.

— نېمە چۈش كۆرۈپتىلا، نورۇزگۇم ئاچا! — دەيدۇ لەيلىگۈل ئاتلاشقا قىزىقىپ.

www.uyghurkitap.com

— چۈشلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلە ، بەك ياخشى چۈش
كۆرگەن ئوخشايلا نوزۇگۇم سىڭلىم ! — دەيدۇ خەلچىخان
ئىسسىلىك يەنە بىر ئايال .
— چۈشۈمدە باقى ، ئابدۇللا ئاكاملار كېلىپ بىزنى
قۇتقۇزۇۋاپتۇ . بىز قايتىدىن قوراللىنىپ ، نىجىس دۈشمەنلەر بى-
لەن راسا ئېلىشىپتۇق . ئاخىر بىز غەلىبە قىپتۇق . قەشقەر شە-
ھىرىگە كىرىپ ، غەمگۇزار دادام بىلەن كۆرۈشۈپتىمەن . قەشقەر
خەلقى كوچىلارغا چىقىپ ، بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ .
مەن ئېگىز بىر يەرگە چىقىۋېلىپ ، كۆپچىلىككە سۆزلەپتىمەن .
سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا « بەخت بىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن ! » دەپ
ئۈنلۈك توۋلاپتىمەن . شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كېتىپتىمەن ، —
دەيدۇ نوزۇگۇم .
— ياخشى بوپتۇ ، « توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ ، ئۆچكە
جاڭگال » دېگەندەك ، سىلىمۇ ئارزۇ - ئىستىكىمىزنىڭ ئەمەلگە
ئاشقانلىقىنى چۈشەپلا ، بۇ چۈشلىرى ئوڭىمىز بولۇپ قالغان
بولسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ؟ — دەيدۇ يەنە
بىر ئايال .
— شۇنى دېمەمسىلەر ، ۋاي ، ئىسست ! — دەيدۇ
نوزۇگۇم .
— كىم بىلىدۇ ، سىلى چۈشلىرىدە كۆرگەندەك ، ئاب-
دۇللا ، باقى ئاكاملار كېلىپ ، بىزنى قۇتقۇزىدۇرۇۋالامدۇ
تېخى ؟ — دەيدۇ لەيلىگۈل ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن .
— شۇنداق بولسا ، بەك ياخشى بولاتتى ! — دەيدۇ
نوزۇگۇم .

## 48

ئىككى تەرىپى قارىغايلىق يول ، كۈندۈز .
قارىغاي بىلەن قاپلانغان تاغ ئىچىدە مەرۋايىتتەك سۈزۈك

سۇلار شارقىراپ ئاقماقتا.

تەبىئەت گۈزەل ھۆسىنىگە تولغان، گۈل - غۇنچىلار تېخىمۇ تاۋلىنىپ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچماقتا. قۇشلار شوخ سايرىشىپ، كۆگۈللىرىنى ئېچىشماقتا.

تۇتقۇنلار بىر - بىرىنى يۆلىشىپ، تاغ يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە.

چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، پۇتلىرى قاپىرىپ يېرىلغان نوزۇگۇم خىيال سۈرۈپ كەلمەكتە.

— نېمىدېگەن چىرايلىق يەر - ھە؟ — تەبىئەت ھۆسىنىگە خۇشتار نوزۇگۇم ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىگە شائىرانە كۆز بىلەن زوقلىنىپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شېئىرىي تۇيغۇ قاپلىۋالىدۇ:

«ئېھ، گۈزەل ۋەتەن، ئەزىز ئانا يۇرت. بىز سەندە تۇغۇلۇپ، سەندە ئۆستۇق، كۆرمىلىك دىرد - ئەلەم ئىچىدە چوڭ بولۇپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ، ھوشىمىزنى تاپتۇق، ھەق - ناھەقنى ئايرىدۇق.

ئۆستۈگىدىن قارا جۇتنى قوغلاپ، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، قوينۇڭنى ئازاد قىلىپ، ھۆر - ئەركىن، شاد - خۇرام ياشايلى! دەپ قولىمىزغا ئەلەم ئېلىپ جەڭلەرگە كىردۇق. سان - ساناقسىز قۇربانلار بېرىش بەدىلىگە ھۆر - ئەركىنلىككە، بەخت - سائادەتكىمۇ ئېرىشكەن بولدۇق.

لېكىن، نېمىشقىدۇر، بەخت بىزگە ئۇزاق يار بولمىدى. ھوما (بەخت قۇشى) قولدىن ئۇچتى. ھۇۋقۇشلار يەنە ھۇۋلاپ، زالىملار دەستىدىن قامچا ئويىنىغان بېشىمىزدا ئەمدى قىلىچ ئوينىدى.

ئېھ، ۋەتەن، باتۇر، كۆرەشچان خەلقىم، بىز سەن تاپىلىغان، تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپىمىزنى ئاخىرقى ھېسابتا ئادا قىلالمىدۇق. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بىلىمىزنى

www.uyghurkitap.com

بۇشاشتۇرمىدۇق. تېخى نى كۆرەش، نى سىناقلار ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بىز بۇ سىناقلارغا ھەرقاچان تەييار!

بىز تىك تۇرۇپ ئۆلۈشكە رازىمىزكى، ھەرگىز زالىملارغا تىز پۈكمەيمىز، ھەرگىز باش ئەگمەيمىز.»

نوزۇگۇمنىڭ بۇ سۆزلىرى ئېكران سىرتىدىن ياڭراق ئاۋازدا بېرىلىدۇ ۋە تاغۇ تاشلارنى يېرىپ، يىراقلاردىن ئەكس سادا ئاڭلىنىدۇ.

49

ئەتراپى قومۇشلۇق، ئوتتۇرىسى يول.

نوزۇگۇم ئاران ـ ئاران ماڭماقتا. شۇنداقتىمۇ يەنە ناخشا ئېيتماقتا:

ئاتام مېنى ئويلايدۇ،
نوزۇگۇم دەپ يىغلايدۇ.
جان ئاكامنىڭ ھەسرىتى،
يۈرىكىمنى داغلايدۇ.

قومۇشلۇقتا سايرىغان
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
تازا يېرى بارمىكىن؟

مۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
يار يېنىمدا بولساڭچۇ؟
قىلىچ بىلەن دۈشمەننىڭ
كاللىسىنى ئالساڭچۇ!

غۇلجا شەھىرى ، كۇندۇز .

شەھەرنىڭ سۇۋادان تىرەكلىك كوچىلىرىدا مەنچىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بەگ ـ دورغىلار ئالدى ـ كەينىدە چارلاپ، ئىككى تەرەپتىن قاتتىق يالاپ سۇرگۇن قىلىنغان ئەرك جەڭچىلىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە.

شەھەر خەلقى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا تەلپۈنۈپ قارىماقتا.

كىشىلەر بوش ئاۋازدا بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، نىمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە.

بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ، ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن، ئۆزىنى توختىتالمىغان بىر ئايال ئىچى سىيرىلغان ھالدا:

— بۇ بىچارە نىمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتى؟ — دەيدۇ. يېنىدىكى بوۋاي زەردە بىلەن ئۇنىڭغا:

— نىمە گۇناھ قىلاتتى؟ ئوغرىلىق قىلمىدى. يولدىن ئېزىپ كوچىغا چىقىپ قالمىدى ياكى خەقنىڭ يېرىگە بېرىپ، باغۇ بوستاننى بۇزۇپ چەيلىمىدى. پەقەتلا: «ئازادلىق، ئەركىنلىك!» دەپ ئۆز شەھىرى ئەزىزانە قەشقەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، خەلقنى ئېزىپ زار قاقشاتقان زالىملارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنىدى. مانجۇ خاقانى داۋگۇاڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قانلىق باستۇردى. ئەرلەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، ئايالارنى بۇ يەرگە سۇرگۇن قىلدى، — دەيدۇ.

ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ، بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ. بوۋاي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئىخ، ئەلنىڭ قايغۇ ـ شادلىقىنى ئۆز قايغۇ ـ شادلىقى دەپ بىلگەن ئايال باتۇرلار، گۇناھسىز بىچارىلەر... ! —

دەيدۇ .

بوۋاي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدۇ .

بۈگۈنكى ئۆزىڭىزنىڭ ، بۇرۇتلۇق ، 40 ياشلاردىكى بىر كىشى ھېلىقى بوۋاينى نوقۇپ تۇرۇپ :

— ئاتا ، ئېھتىيات قىلسىلا ، كونىلارنىڭ « كۆندۈزى گەپ قىلساڭ يان ـ يېنىڭغا باق ، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق ! » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار ئەمەسمۇ ؟ دىققەت قىلغىنىمىز ياخشى ! — دەيدۇ .

— ھوي ئۇكام ، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەنغۇ ؟ يېشىم بۇ ھالغا يېتىپتۇ ، يەيدىغاننى يەپ بولدۇم ، كىيىدىغاننى كىيىپ بولدۇم ، بۇ زالىملارنىڭ دەستىدە قۇلاق ئىشىتمىگەن ، كۆز كۆرمىگەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ، زۇلۇم ـ سەتەملەرنى باشتىن كەچۈردۈم ، ئەمدى نېمىدىن قورقاتتىم ، ناھايىتى كەتسە ، مەندىن ئالىدىغىنى مۇشۇ قۇرۇق ـ قاقشال جان . ھەقىقەتنى ، ئادالەتنى بىز سۆزلىمەي كىم سۆزلەيدۇ ؟ ھەقىقەتنى سۆزلىمەي ۋىجدان قانداق چىدايدۇ ؟ — دەيدۇ بوۋاي جەسۇرانە قىياپەتتە .

**51**

غۇلجا شەھىرى ، كۆندۈز .

ئىككى ياش يىگىت نورۇزگۇم توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە :

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان قىز نېمىدېگەن قەيسەر ، نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ؟ خۇددى پەرىزاتنىڭ ئۆزى !

— مېنىڭچە ـ تۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باتۇرى بولسا كېرەك .

**52**

غۇلجا شەھىرى ، كۆندۈز.

نوزۇگۇم چېرىكلەرگە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، خەلقنى ئىشارە بىلەن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلمەكتە.

نوزۇگۇم ئۆزىگە قاراپ تەلپۈنۈۋاتقان خەلققە قاراپ ناخشا ئېيتىدۇ:

دەرد — ئەلەم يېتىپ كەلدى،
ئەزىز خەلقىم باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.
. . . . . . . . . . . . . . . .

## 53

تۇرمە دەرۋازىسى ئالدى.

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ۋە بەگ — دورغىلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، پۇتلىرى يېغىر بولۇپ، ئورۇقلاپ، مادارىدىن كەتكەن تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ كەلگەن پېتى تۇرمە دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمەكتە.

## 54

قاماقخانا.

قاماقخانىنىڭ تار پەنجىرىسىدىن ھويلىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان نوزۇگۇم ناخشا ئوقۇيدۇ:

ئەپيۈنكەش چېرىكلەر
ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ.
قاراڭغۇ زەي زىنداندا
نوزۇك يالغۇز ياتىدۇ.

## 55

قاماقخانا.

باشقا قاماقخانىدىكى (بەزىلىرىگە ئىككى ـ ئۈچ كىشى سولانغان) تۇتقۇنلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، «نوزۇگۇم ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ» دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، پەنجىرە يېنىغا كېلىپ، نوزۇگۇمنىڭ ناخشىسىنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا. نوزۇگۇمنىڭ ناخشىسى داۋاملىق ياڭرايدۇ:

سەل ئەمەستۇر ئاققانلار،
بىزنىڭ تۆككەن يېشىمىز.
قانلىق قىلىچ قەھرىدىن،
كېسىلمەكتە بېشىمىز.

نوزۇگۇمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقان 40 ياشلار چامىسىدىكى خەلىچىخان:

— ياشاپ كەت، سىڭلىم، سەن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، — دەيدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز خەلىچىخان ئاچا. نوزۇگۇم ئاچام خۇددى ئاسماندىكى تولۇن ئاي، تاغدا مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قارىغاي، چار باغدىكى خۇش پۇراق قىزىل گۈل، مەن نوزۇگۇم ئاچامنىڭ ناخشىلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىسام، ئۆزۈمدە يېڭى كۈچ ـ قۇۋۋەت سېزىمەن، — دەيدۇ لەيلىگۈل.

## 56

تۈرمە ھويلىسى.

مەنچىك ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك بەگلەر تۇتقۇن ئاياللارنى سېتىۋالماقتا. ئىككى ئەمەلدار نوزۇگۇمنى ھەدەپ تالى-

شۋاتقاندا ، تالاش ــ تارتىش ئۈستىگە خوتۇنى بىلەن كېلىپ قالغان دالويې بۇ ھالنى كۆرۈپ :

ــ نېمە ئىش ؟ ــ دەپ سورايدۇ .

ــ مەن ئالىمەن دېگەن خوتۇننى ، ماۋۇ باھاسىنى ئۆس-تۈرۈپ ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ ، ــ دەيدۇ تالىشىۋاتقانلاردىن بىرى .

ــ ئەسلىدە مەن ئالماقچىدىم ، ــ دەيدۇ يەنە بىرى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دالويې قىزىقسىنىپ سورايدۇ :

ــ قايسىسىنى ؟

ئىككى ئەمەلدار نوزۇگۇمنى كۆرسىتىدۇ . دالويې ۋە ئۇ-نىڭ خوتۇنىنىڭ دىققىتى بىراقلا نوزۇگۇمغا ئاغدۇرۇلىدۇ .

دالويېنىڭ خوتۇنى زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن :

ــ پاھ ، نېمىدېگەن چىرايلىق ــ ھە ؟ ــ دەپ ھەيران-لىقتا توۋلىۋېتىدۇ .

ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ خىيالى بېرىلىدۇ :

« مەن بۇ قىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ، مەلۇم ۋاقىت ئۆي ئىشلىرىغا سالغاندىن كېيىن چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ، سولۇن بايلىرىغا ئالتۇن ــ كۈمۈشكە ساتسام ، نېمىدېگەن ياخشى ــ ھە ؟ . . . »

شېرىن خىياللارغا بېرىلگەن تەتەي نوزۇگۇمغا يېقىن كېلىپ ، تېخىمۇ زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن ياسىما كۈلكە بىلەن كۈلىدۇ .

باشقىلار ھەيران بولۇشۇپ تۇرۇپ قېلىشىدۇ .

ــ مەن ئۆي خىزمەتچىسى بولغۇدەك بىرەرسىنى تېپىپ كېلەي ، دەپ كېلىۋىدىم . بۇ قىز بىلەن ياخشى ئۇچرىشىپ قالدىم . بۇنى ماڭا بېرىڭلار ، مەن ئەپكېتىپ ئۆي ئىشلى-رىغا سالاي ، ــ دەيدۇ تەتەي ناز قىلىپ تۇرۇپ .

دالويې خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ نوزۇگۇمنىڭ گۈلدەك چىرايىغا كۆزى چۈشكەنىدى .

ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ خىيالى بېرىلىدۇ :

« بۇ راسا تىرناقتا توختايدىغان سەتەڭلەردىن بولىدىكەن ، مەن بۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشىم كېرەك . »

— شۇنداق بولسۇن ـ ھە ، بۇنى بىزدىن تالاشماڭلار ، — دەيدۇ دالويې .

ئىككى ئەمەلدار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ . دالويې خوتۇنىغا ئىشارەت قىلىدۇ .

تەتەي ئازراق پۇلنى تۇرمە باشلىقىغا تاشلاپ بېرىپ ، نوزۇگۇمغا قاراپ :

— مەن بىلەن يۈر ! — دەيدۇ .

## 57

دالويېنىڭ ئۆيى .

نوزۇگۇم چىرايى پەرىشان ھالدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ :

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ
ئۈنى ھەر جايدا غېرىب .
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى ،
سەن مۇساپىر ، مەن غېرىب .

شۇ چاغدا بىر چېرىك بېشىغا مالىخاي كىيىپ ، بېلىگە پوتا باغلىغان مالايغا ساندۇق كۆتۈرگۈزۈپ ھويلىغا كىرىپ كېلىدۇ . مالاي ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئىشىك تۈۋىدىكى سۇپىغا قويىدۇ . چېرىك قول ياغلىقى بىلەن باش ـ كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ ؟ — دەپ تووۋلايدۇ . ئاندىن مالاي-
غا ، — بۇ نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ ، چاپسان ئارقامدىن
چىق ، — دەيدۇ - دە ، ئۆزى سىرتقا ماڭىدۇ .
نوزۇگۇم ئۆيدىن چىقىدۇ . ئاندىن مالايغا زەن سېلىپ
قارىغاندىن كېيىن :
— ئابدۇللا ئاكا ! . . . — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ .
ئابدۇللا سىڭلىسىنى تونۇپ ، ھاياجان ئىچىدە :
— نوزۇگۇم ! — دەيدۇ .
ئاكا - سىڭىل قىزغىن كۆرۈشىدۇ . ئابدۇللا
ھەيران بولۇپ :
— سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ
سورايدۇ .
— سىزگە كەلگەن كۈلپەتلەر ماڭىمۇ كەلدى !
دادام زار - زار يىغلاپ قالدى . بىز بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىن-
دۇق . بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مېنى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىش ئۈچۈن
سېتىۋالدى ، — دەيدۇ نوزۇگۇم . ئاكىسى :
— ھەي ، يامان بوپتۇ . تۆمۈر قەپەس دەردىنى مەنلا
تارتسام بولماسمىدى ! — دەيدۇ .
— خۇدايىم تەڭ تارتسۇن دەيدىغان ئوخشايدۇ . ئاكا ،
بىز بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلساق بولاتتى ! — دەيدۇ نوزۇگۇم .
— بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ، سىزنى بۇ
يەردىن چوقۇم ئېلىپ كېتىمەن ! — دەيدۇ ئاكىسى .
شۇ چاغدا چېرىك سىرتتىن قايتىپ كىرىپ ، بۇ گەپ-
لەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ . ئاندىن مالايغا قاراپ :
— ھەي ، نېمە دېيىشىۋاتىسەن ؟ نېمىشقا تېز چىقماي-
سەن ؟ — دەپ ۋارقىرايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

58

دالوۋېينىڭ مېھمانخانىسى.

دالوۋېي ئالتە - يەتتە مەنچىڭ ئەمەلدارىنى مېھمان قىلماقتا.

نوزۇگوم ئۇلارغا پەتنۇستا چاي ئەكىرىۋېتىپ، دالاندا مۇنۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ:

— ھازىر دېھقانلار ئالۋان - ياساق تاپشۇرمايدىغان، ھاشارغا ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالدى. ھە دېسىلا كۆتەرەڭلىك قىلىدۇ.

— ئەسكەرلىرىمىزنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، قوراللىرىنى تارتىۋالىدىغان ئەھۋاللار بىر قانچە قېتىم يۈز بەردى. مۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالمىساق، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ.

— قارىغاندا، ئەسكىرىي كۈچنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

نوزۇگوم چېرىك ئەمەلدارىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىر ئىشنى پەملىگەندەك بولىدۇ. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىدۇ.

چېرىك ئەمەلدارلىرى نوزۇگومنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، گەپلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا گۇمانلىنىش ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايدۇ. نوزۇگوم ئەكىرگەن نەرسىلىرىنى قويۇپ، چاندۇرماي چىقىپ كېتىدۇ. دالوۋېي كەينىدىن قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئويلىنىپ قالىدۇ.

59

دالوۋېينىڭ ھۇجرىسى.

ئابدۇللا بىلەن كىرگەن ھېلىقى چېرىك دالوۋېيغا سۆزلىمەكتە:

— سىلىگە دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى .
— ھە ، دېگىن !
— ئۆتكەن قېتىم نوزۇگۇم دېگەن دېگەن مالايلىرىنىڭ ھېلىقى ئابدۇللا دېگەن مالاي بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم .
— ھە ، نېمە دېيىشتى ؟
— نوزۇگۇم « مېنى بۇ يەردىن پاتراق قۇتۇلدۇرسىڭىز » دېيىۋىدى ، ئابدۇللا « بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ ، سىزنى بۇ يەردىن چوقۇم ئېلىپ كېتىمەن » دېدى .
— ھە ، تېخى شۇنداق دەمدۇ ؟ — دەيدۇ دالويى كۆز- لىرىنى چەكچەيتىپ .

60

ئۆي ئىچى .
دالويى بىلەن خوتۇنى بىر - بىرىگە ياندىشىپ ياتقان ھالدا سۆزلەشمەكتە .
— ئويلاپ باقسام ، سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ توغرا ئىكەن ، — دەيدۇ دالويى .
— شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئۇ بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتسە بىز نەدىن ئىزدەپ تاپىمىز ؟ — دەيدۇ خوتۇنى .
— بولىدۇ ، خوتۇن ، سەن دېگەندەك قىلايلى . سولۇن دارىنغا ئالتۇن - كۈمۈشكە سېتىۋېتەيلى ، بىراق . . . — دالويى بېشىنى قاشلايدۇ ، — بۇ نوزۇك يەنە قولدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى - دە !
خوتۇنى قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، دالويىنى نوقۇشلايدۇ :
— نېمە دەۋاتىسىلا ؟ مەن سىلىنىڭ بۇ نىيەتلىرىنى بۇرۇنلا سەزگەن ، ھەددىلىرى ئەمەس جۇمۇ !
— ئانچىكى دەپ قويدۇم خوتۇن ، ھى . . . ھى . . . ھى . . . — دالويى ھىجايغان ھالدا خوتۇنىغا قول ئۇزىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 61

سولۇن دارىنىنىڭ ئۆيى.
توي مەرىكىسى قىزىماقتا.
كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك قىلىپ چىرايلىق بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئۆيدە ئەمەلدارلار دارىنغا تويلۇق كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشمەكتە.
دارىن خۇشال ۋە مەغرۇر كۆرۈنىدۇ. خۇشاللىقتا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ھىلىدىن ـ ھىلىغا ھىجىيىدۇ. ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار:
ـــ مۇبارەك بولسۇن!
ـــ ھەزرەتلىرىنى چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز، ـــ دېيىشىدۇ.
دالويې خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ:
ـــ بۈگۈن جەننەت ھۇزۇرىنى كۆرىدىغان بولدىلا! ـــ دەيدۇ.
ـــ ھا... ھا... ھا... ـــ دارىن قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

## 62

دارىنىنىڭ ھۇجرىسى.
نورۇگۇم قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئوڭ قولى بىلەن چېكىسىنى تىرەپ، نىمىلەرنىدۇر، ئويلاپ ئولتۇرماقتا.
ئۇنىڭ ئالدىغا ئاۋار ـ دۇردۇندا تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئاياللارنىڭ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغان.
ئېكران سىرتىدىن نورۇگۇمنىڭ ئاۋازى:

— تاۋار – دۇردۇن ۋە زىبۇ زىننەت بىلەن ئىرادەمنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . خەلقلەرنىڭ قان – تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇ نەرسىلەردىن كۆرە ، ھالال ئەمگەك ئەجرى سىڭگەن ماتا كۆڭلىكىم كۆپ ئەۋزەل .

ئېكران سىرتىدىن يەنە نوزۇگۇمنىڭ ناخشىسى بېرىلىدۇ :

دارىن ئۆيى زىننەتلىك ،
ئالتۇن – كۈمۈش تاملىرى ،
چاي ئورنىدا ئىچكىنى —
سۇر گۈنلەرنىڭ قانلىرى .

قېرى تۇلكە كۆلكىسى ،
ياۋۇزلۇقنىڭ شەپىسى .
ماڭا جەننەت كۆرۈنەر ،
باقى يىگىت كەپىسى .

**63**

( ئەسلىمە ) :

قوغۇنلۇق ، كۈندۈز .

ياپيېشىل پىلەك ، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ھەرخىل قوغۇن .

باقى ساتما ئالدىدا نوزۇگۇمنى قوغۇن بىلەن مېھمان قىلماقتا . ناشپىكەر قوغۇننىڭ يېرىمىنى كاسا قىلىپ ، نوزۇگۇمنىڭ ئالدىغا قويۇپ :

— قېنى باقسىلا ، — دەيدۇ .

نوزۇگۇم دەسلەپتە تارتىنىپ ، بولاقتەك كۆزلىرىنى يەرگە تىكىدۇ . باقى قوغۇننى ئېلىپ ، نوزۇگۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ . نوزۇگۇم بىر چىشلەم قوغۇننى پىچاق بىلەن سانجىپ

ئاغزىغا سالىدۇ.
(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

## 64

دارىنىڭ ئۆيى، ئالدىنقى كۆرۈنۈشنىڭ داۋامى.
نوزۇگۇم مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ.
ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ:

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
مېنى قەشقەر شەھىرىگە
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

## 65

دارىنىڭ ئۆيى.
يۈزىنى يېرىم ياپقان لەيلىگۈل ئۆيگە پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ كىرىپ، ئۇزۇن پەرىجە چاپىنى ئىچىدىن بىر پارچە خەت بىلەن خەنجەرنى چىقىرىپ، نوزۇگۇمغا بېرىدۇ – دە، تېزلا ئارقىسىغا يانىدۇ.
نوزۇگۇم خەتنى ئېچىپ قارايدۇ.
ئېكران سىرتىدىن ئابدۇللانىڭ ئاۋازى:
— نوزۇگۇم، بۈگۈن كېچە قېچىپ چىقىڭ، سىزنى سىرتتا ساقلاپ تۇرىمەن.
نوزۇگۇم خەت بىلەن خەنجەرنى چىڭ سىققان هالدا يۈرىكىگە بېسىپ هاياجانلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 66

دارىننىڭ ئۆيى.

چىرىغى غۇۋا يېنىپ تۇرغان، ئالاھىدە ياسالغان ئۆيدە نوزۇگۇم دېرىزىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ.

نوزۇگۇمنىڭ ئىچكىرى سىرتىدىكى ئاۋازى:

— قانخور زالىم، سەن خىيال ئەيلىمە، ساڭا قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزغۇچە، بۇ جېنىمدىن ۋاز كېچەرمەن...

شۇ چاغدا دارىن خۇشال، لېكىن مەست ھالدا دەلدەڭ- شىپ ئۆيگە كىرىدۇ.

نوزۇگۇم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. دارىن دەلدەڭشىپ كېلىپ، نوزۇگۇمغا يېپىشىدۇ:

— يۈرۈك بۇياققا خېنىم، يۈرۈك...

نوزۇگۇم غەزەپ بىلەن ئۇنى ئىتتىرىدۇ. دارىن دەلدەڭ- شىگىنىچە بېرىپ يۇمشاق كارىۋاتقا يىقىلىدۇ. ھايال ئۆتمەي چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

نوزۇگۇمنىڭ ئىچكىرى سىرتىدىكى ئاۋازى:

— ئەجەب ياخشى بولدى. مەن ئەمدى قاچىمەن، قاچ- قاندىمۇ قانخور زالىمدىن قىساس ئېلىپ قاچىمەن.

نوزۇگۇم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئەھۋالنى كۆزىتىدۇ. قەلبى غەزەپكە تولغان نوزۇگۇم ئاستا كارىۋات يېنىغا كېلىدۇ — دە، ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچىنى قولىغا يىغىپ، دارىننىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرىدۇ. دارىن كۈچسىز ئىڭرايدۇ، كۆزلىرى ئالىيىپ قالىدۇ.

نوزۇگۇم دارىننىڭ قىلىچىنى ئالىدۇ. ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىم ئادرېسى

67

كېچە ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ .

ئابدۇللا يوغان بىر دەرەخ دالدىسىدا بىر ئاتنى تۇتۇپ نوزۇگۇمنى ساقلاپ تۇرماقتا .

68

هويلا .

نوزۇگۇم ئەتراپقا زەن سېلىپ قارايدۇ . كۆزەت قىلىۋاتقان چېرىكنى كۆرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ . چېرىك ئۆتۈپ كېتىدۇ . نوزۇگۇم قاچىدۇ .

69

ئۆي ، هويلا .

ئۆي ۋە هويلىدا كىشىلەر پاتىپاراق بولۇشىدۇ .

— نوزۇگۇم قېچىپتۇ !

— دارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ !

— بۇ نېمە ئىش ، ۋاي بۇ نېمە ۋەقە !

كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا دەهشەتلىك ئاڭلىنىدۇ .

70

يول چېتىدىكى دەرەخ سايىسى ، كېچە .

دەرەخ دالدىسىدا تۇرغان ئابدۇللا ئەتراپقا دىققەت بىلەن قارىغاچ :

— نوزۇگۇم ، نوزۇگۇم ، — دەپ بوش ئاۋازدا تۋۋلايدۇ . يېقىنلا يەردىن چېرىكلەر يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ .

## 71

يول ئۈستى، كېچە.

نوزۇگۇم ئەتراپقا تەلمۈرۈپ ئاكىسىنى ئىزدەيدۇ. كۆ-تۈلمىگەندە ئالدىغا كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى دال-دىغا ئالىدۇ.

چېرىكلەر نوزۇگۇمنى كۆرمەي قالىدۇ.

نوزۇگۇم ئاكىسى بىلەن كۆرۈشەلمەي، ۋاقىت جىددىي، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، ئۆزى تەنها قاچىدۇ.

## 72

يول ئۈستىدىكى بىر هويلا، كېچە.

نوزۇگۇم سوقما تاملىق بىر هويلىغا كىرىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ.

چىراغ يورۇپ، ئۆي ئىچىدىن كەكە ساقاللىق بىر كىشى چىقىدۇ.

— ئەسسالام ئاكا، — نوزۇگۇم هۆرمەت بىلەن دەيدۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئۆيگە كىرىڭ، — دەيدۇ هې-لىقى كىشى.

— بولىدۇ، رەهمەت سىلىگە! — دەپ نوزۇگۇم ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 73

ئىلى جاڭجۈن مەهكىمىسى.

بىر هەربىي ئەمەلدار بېشىنى ئېگىپ تۇرماقتا.

جاڭجۈن غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن هالدا سورايدۇ:

— ئۇ دارىننى قانداق ئۆلتۈرۈپتۇ ؟
— كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ !
جاڭجۇن مەھكىمە ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ :
— ھىم . . . خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈپتىمۇ تېخى ! . . .
— شۇنداق !
جاڭجۇن بۇيرۇق بېرىدۇ :
— نۇزۇك دەرھال تۇتۇپ كېلىنسۇن !
— خوپ !
ھەربىي ئەمەلدار تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ .
جاڭجۇن تۇرغان ئورنىدا خىيالغا پاتىدۇ . . .

## 74

يول ئۈستىدىكى ھېلىقى ھويلا .
ھېلىقى ئۆيدىن بېشىغا تارانچى مالىخاي ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئەستەرلىك چاپان ، پۇتىغا ئەرەنچە ئاياغ كىيىپ ، ئەرچە ياسانغان نوزۇگۇم چىقىدۇ .
نوزۇگۇم ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققان ئۆي ئىگىلىرىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ :
— رەھمەت ئاكا ، رەھمەت ئاچا ! خۇدا سىلەرنى سالامەت قىلسۇن ! — دەپ خوشلىشىدۇ .
ئۆي ئىگىلىرىمۇ :
— سىزگە ئاق يول تىلەيمىز ، ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ سىڭلىم ! — دەپ مېھرى بىلەن قاراپ قالىدۇ .

## 75

چوڭ دەرۋازا ئالدى ، ئەتىگەن .
ئاتلىق قوشۇنلار چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ ، ھەر تەرەپكە

ئات چاپتۇرۇپ كېتىشىدۇ.
بامدات نامىزىدىن يانغان كىشىلەر:
— يەنە نېمە گەپ؟
— بۇ جۇۋاپىنىمەكلەرگە يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ! — دېيىشىپ ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ.

## 76

يېزا يولى.
نوزۇگۇم يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. ئۇ بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىدۇ.

## 77

كوچا، كۈندۈز.
مەنچىلىك ئاتلىق قوشۇنلىرى ۋە بەگ - دورغىلار نوزۇگۇمنى ئىزدەپ، مەھەللە كوچىلىرىدا ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرمەكتە.
كىشىلەر ئەندىكىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىدۇ.

## 78

يېزا يولى، كۈندۈز.
تۆت - بەش چېرىك يولدىكى ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشىدۇ:
— مانا نوزۇگۇمنىڭ ئىزى!
— بۇ شەھەرگە ماڭغان ئىز ئىكەنغۇ؟
— ياق، يېزىغا ماڭغان ئىز.
— مانا قارىمامسەن!
— راست، راست، شەھەرگە ماڭغان ئىز ئىكەن.

— نوزۇك شەھەردە نېمە ئىش قىلىدۇ ؟
— بۇ ئۇنىڭ ئىزى ئەمەس !

## 79

يول .

مەنچىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى يېزا يولىدا چېپىپ يۈرۈ-شىدۇ . ئۇلاردىن بىرى دەرھال ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ :
— ياق ، ئۇ تېخى شەھەردىن چىقىپ بولالمىدى ، — دەيدۇ .

## 80

يول .

شەھەردىن يېزىغا بارىدىغان يولغا يولۇچىلارنى تەكشۈ-رۈش توساقلىرى قۇرۇلغان.

مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ۋە يەرلىك بەگ ـ دورغىلار يول-دىن ئۆتكەن ئادەملەرنى ، بولۇپمۇ ئاياللارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزمەكتە.

## 81

شەھەرنىڭ رەستە كوچىسى .

جاكارچى بىر ياقتىن جاڭ ئۇرۇپ ، بىر ياقتىن ئۈنلۈك توۋلاپ كەلمەكتە :
— ئەي خالايىقلار ، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، ئىلى جاڭجۈنىنىڭ بۇيرۇقى : كىمكى نوزۇگۇمنى تۇتۇپ بەرسە ياكى بار يېرىنى ئېيتىپ بەرسە ، 500 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىنئام بېرىلىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 82

سىپىل تىمىغا چاپلانغان ئېلان.

بىر ساۋاتلىق كىشى توپلانغان كىشىلەرگە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ بەرمەكتە. باشقىلار ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا:

« ئەي خالايىق!

نوزۇگۇم قاچتى، ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ياكى ئۇ-نىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەرگە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ ئىلتى-پاتى بىلەن 500 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىنئام بېرىلىدۇ! يوشۇر-غۇچىلار بولسا جىنايەتچى قاتارىدا جازالىنىدۇ. »

ئوقۇلۇۋاتقان ئېلانىنىڭ ئايىغى چۈشە — چۈشمەي تۇرۇپلا يېنىغا يەنە بىر ئېلان چاپلىنىدۇ. مەزمۇنى ئوخشاش، ئەمما سوممىسى 1000 سەر كۈمۈش تەڭگىگە كۆتۈرۈلگەن.

## 83

كوچىنىڭ يىمەك — ئىچمەك ساتىدىغان ئاۋات بازىرى.

جاكارچى:

« نوزۇگۇمنى تۇتۇپ بەرگۈچىگە 1000 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىنئام بېرىلىدۇ » دەپ توۋلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىر چەتتە تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي:

« ئىبھە پەرۋەردىگارىم، ئاشۇ ئاجىزە بەندەڭنى ئۆز پانا-ھىڭدا ساقلىغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر... » دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ.

## 84

كوچا.

www.uyghurkitap.com

مەنچىلىك ئەسكەرلىرى ، بەگ ــ دورغىلار كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئۆي ئاختۇرىدۇ . « نوزۇگۇممىكىن » دەپ گۇمان قىلى- غانلىكى ياش ئاياللارنى ئۆيلىرىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىدۇ.

## 85

ياش ئاياللار يىغىۋېلىنغان قورۇ .

چوڭ بىر مەنچىلىك ئەمەلدارى دالويې قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قورۇغا يىغىۋېلىنغان نوزۇگۇم قۇرامىدىكى ياش ئا- ياللارنى بىر ــ بىرلەپ كۆرۈپ چىقىدۇ .

ھېلىقى چوڭ مەنچىلىك ئەمەلدارى دالويىغا قاراپ :

ــ مەن بۇرۇن كۆرمىگەنىكەنمەن . تەقسىر ، سىلى بەكرەك قارىسىلا ! ــ دەيدۇ .

ــ بۇلار ئىچىدىمۇ يوقكەن تەقسىر ! ــ دەيدۇ دالويې .

ھېلىقى چوڭ مەنچىلىك ئەمەلدارى چىرايىنى پۈرۈشتۈ- رۈپ ، ئېڭىكىنى قاقىدۇ . كۆزلىرى ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك بولۇپ كېتىدۇ .

## 86

قومۇشلۇق ، ئەتىگەن .

نوزۇگۇم بوغۇزلانغان توشقاننى كۆتۈرگىنىچە قومۇش- لۇقتا پەيدا بولىدۇ ۋە توشقان گۆشىنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ :

قومۇشلۇق بولدى جايىم ،
بۆرە ، تۈلكە ھەمراھىم .
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن ،
قۇتقۇزارمۇ خۇدايىم .

## 87

قومۇشلۇق ، كۈندۈز .

چېرىكلەر قومۇشلۇقتا نوزۇگۇمنى ئىزلەپ يۈرىدۇ . لېكىن ، نوزۇگۇمنى تاپالمايدۇ . ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەينىگە قايتىپ كېتىشىدۇ .

## 88

ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى .

بىر ھەربىي ئەمەلدار جاڭجۈنگە :

— نوزۇگۇمنىڭ ئىزىنى قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىدا يىتتۈرۈپ قويدۇق . لېكىن ، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدۇق ، — دەيدۇ .

ئاچچىقىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغان جاڭجۈن ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ ، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭىدۇ . ئاندىن :

— قومۇشلۇققا ئوت قويۇڭلار ! — دەيدۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

## 89

قومۇشلۇق .

چېرىكلەر قومۇشلۇققا ئوت قويماقتا . ئوت يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلىدۇ . قومۇشلۇق ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 90

قومۇشلۇق .
نوزۇگۇم لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان قومۇشلۇقنى كەينىدە قالدۇرۇپ ، ئوت تۇتاشمىغان تەرەپكە قاراپ قاچماقتا .
ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ :

مىنى تۇتۇش قەستىدە ،
ئوتنى قويدى قومۇشقا .
خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ ،
سۇلۇن كۆزۈم ئويۇشقا .

قومۇشلۇققا ئوت قويسا ،
مەن نوزۇكنى تاپالماس .
مەن نوزۇكنى تاپقاندا ،
تىرىك قولغا ئالالماس .

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن ،
قەشقەر يولىنى بىلمەيمەن .
خۇدا ئامان ساقلىسا ،
چىرىكلەرنى كۆرمەسمەن .

## 91

جاڭگال ، گۇگۇم ۋاقتى .
نوزۇگۇم تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ .
يىراقتىن قوي – ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ .
نوزۇگۇم شۇ تەرەپكە قاراپ ئاچ قورساق ھەم ھارغىن

ھالدا ماڭىدۇ.
ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى:
«توختا، بەلكى ئاشۇ ئۆيلۈك ئېزىلگەن خەلق ئەۋلادىدۇر، مەن ئاشۇلاردىن قەشقەر يولىنى بىر سوراپ كۆرەي!...»

## 92

پادىچىنىڭ ئۆيى.
قويلىرىنى قوتانغا سولىۋېتىپ، ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغان 40 ياشلاردىكى بىر پادىچى، سىرتتا ئىتلارنىڭ قاۋىشىنىڭ ئەزۋەيلەپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ: «بۇ نېمە ئىش؟...» دەپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىدۇ. پادىچى شۇئان «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن گۈپپىدە قىلىپ يەرگە يىقىلغان بىر سىنىڭ غۇۋا قارىسىنى كۆرىدۇ.
پادىچى يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەردە ھوشسىز ياتقان نوزۇگۇمنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.

## 93

پادىچىنىڭ ئۆيى.
پادىچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى يىقىلىپ ھوشىدىن كەتكەن نوزۇگۇمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ.
ئەر - خوتۇن ئىككىسى نوزۇگۇمنى كېگىز سېلىنغان سۇپىغا ياتقۇزۇپ، باش - كۆزىنى سىلاپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلايدۇ.
پادىچى نوزۇگۇمنى يۆلەپ تۇرىدۇ. خوتۇنى نوزۇگۇمنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىدۇ.
نوزۇگۇم ئاستا ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچىدۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيرانلىقتا ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان مېھرىبان چىرايلارنى كۆرۈپ تەسىرلىنىدۇ.

پادىچىنىڭ ئون ياشلىق ئوغلى بىلەن يەتتە ياشلىق قىزى :
— دادا ، ھوشىغا كەلدىمۇ ؟ . . كۆزىنى ئاچتىمۇ ؟ . . — دەپ يېتىشقا تەمشەلگەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، نوزۇگۇمغا يېقىن كېلىپ قارىشىدۇ .

## 94

پادىچىنىڭ ئۆيى .
داستىخان سېلىنىدۇ . پادىچىنىڭ خوتۇنى ھەش - پەش دېگۇچە ئوخشىتىپ ئۆگرە ئاش ئېتىپ ئەكېلىدۇ ۋە :
— ھاردۇق ئېشى ، ئىچىپ بېقىڭ ، تارتىنماڭ ! — دەيدۇ .
ھەممەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىشىدۇ .

## 95

پادىچىنىڭ ئۆيى .
ئاشتىن كېيىن پادىچىنىڭ بالىلىرى ئۇخلاپ قالىدۇ .
پادىچى ئەر - خوتۇن نوزۇگۇم بىلەن پاراڭغا چۈشىدۇ .
— ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام ، دېگەچكە ، باياتىن بىرى پاراڭلاشمىدۇق . قېنى سىڭلىم ، ئەمدى پاراڭلىشايلى . ئۆزىڭىز كىم بولىسىز ؟ قاياقتىن كېلىۋاتىسىز ؟ — دەيدۇ پادىچى . نوزۇگۇم :
— ئىسمىم نوزۇگۇم ، بېشىم قايغان ياقتىن كېلىۋاتىمەن ، — دېگىنىچە ، بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنى ھېچبىر يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىدۇ .



www.uyghurkitap.com

## 96

( ئەسلىمە ) :

شەھەر سىرتى ، كۈندۈز .

سان ـ ساناقسىز دېھقانلار ھاشارغا ئاش توشۇيدۇ .

چېرىكلەر ۋە بەگ ـ دورغىلار ئۇلار ئۈستىدىن قامچا ئوينىتىدۇ .

بىر چېرىك لىق تولغان تاغاردىكى ئاشلىقنى يۈدۈپ ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېتىۋېتىپ ، يىقىلىپ چۈشكەن بىر دېھقاننى « ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك » دېگەندەك قىلىپ ، قامچا بىلەن دەھشەتلىك ئۇرىدۇ .

دەرد ـ ئەلەمگە چىدىمىغان ھاشارچىلار ئۇچىسىدىكى تاغارلارنى تاشلىۋېتىپ كېلىپ ، چېرىكنىڭ قامچا كۆتۈرگەن قولىنى تۇتۇۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭى باشلىنىپ كېتىدۇ .

## 97

شەھەر ئىچى ، كۈندۈز .

ئەينى ۋاقىتتا بەش ـ ئالتە چېرىك بازاردىكى ئۇششاق يايمىچىلارنى ، ناۋاي ـ قاسساپ ، ئاش ـ تاماق ساتقۇچىلارنى ئۇرۇپ ـ تېپىپ ، غالتەك ـ تەنزىلىرىنى ئۆرۈۋېتىپ ، ئاش ـ تاماقلىرىنى چېچىۋېتىپ ئىگىلىرىنى قامچىلايدۇ ، ھەتتا قاچقانلارنى قوغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدىمۇ چېرىكلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

98

شەھەر ئەتراپى ، كۈندۈز .
قـوللىرىغا كەتمەن ، ئارا ، ئورغاق ، بولقا ، توقماق كۆ-
تۈرگەن دېھقانلار شەھەرگە قاراپ چۇقان سېلىپ ئوقتەك ئېتى-
لىپ كېلىپ ، چېرىكلەر بىلەن چىرمىشىپ جەڭ قىلماقتا .

99

شەھەر سىرتى ، كۈندۈز .
نوزۇگۇم ئات ئۈستىدە چېرىكلەر بىلەن قىلىچ جېڭى ئې-
لىـپ بارماقتا . نوزۇگۇم بىرنەچچە چېرىكنىڭ جېنىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىۋېتىدۇ .

100

شەھەر ئىچى ، كۈندۈز .
قـوزغىلاڭچىلار ئەسىرگە چۈشكەن چېرىكلەرنى يالاپ
ماڭىدۇ . بەگ - دورغىلارنى كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىدۇ .

101

ھېيتگاھ ئالدى ، كۈندۈز .
قۇياش سېخىيلىق بىلەن پارلاق نۇر چاچماقتا .
خەلق كەڭ مەيداندا ئازادلىق تېگىنى تەنتەنە قىلماقتا .

102

شەھەر ئەتراپى ، كەچقۇرۇن .
ئاسماندا قارا بۇلۇت ئەگىپ يۈرمەكتە .

يەن دارىن ، نىياز ئامباللارنىڭ يول باشلىشى بىلەن چې-
رىكلەر نەرە تارتىپ قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىرمەكتە .

## 103

شەھەر ئىچى ، ئەتىگەن .

مەنچىلىك ئەسكەرلىرى قېچىپ كېتىۋاتقان ، قولىدا تو-
مۇرنىڭ سۇنۇقى يوق كىشىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ بىلەن
چېپىپ ئۆلتۈرمەكتە .

## 104

شەھەر ئىچى ، كۈندۈز .

مەنچىلىك ۋە يەرلىك بەگ - دورغىلار بويىنغا تاقاق ،
پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ئايال تۇتقۇنلارنى يالاپ ئېلىپ
كەلمەكتە .

نورۇگۇم ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بىر خىل قىياپەتتە
چوڭ قەدەم بىلەن كەلمەكتە .

.........................

( ئەسلىمە تۈگەيدۇ . )

## 105

پادىچىنىڭ ئۆيى .

پادىچى بىلەن خوتۇنى نورۇگۇمغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا
ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشايدۇ .

— مېنىڭ ئەھۋالىم مانا مۇشۇ يەرگىچە ، — دەپ نورۇ-
گۇم مۇڭلۇق قوشاقلارنى ئېيتىدۇ :

دادامنى مەن سېغىندىم ،

ئاكامنى مەن سېغىنىدىم.
تىرىكىمىكىن شۇ دادام،
خەۋىرىنى بىلمىدىم.

ئازادلىقتا يېتەلمەيمەن،
دادامنى ھەم كۆرەلمەيمەن.
شۇلارنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلمايمەن.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ نوزۇگۇم! خۇدايىم، تىلەك - مەقسەتلىرىڭىزگە يەتكۈزەر، — دەيدۇ پادىچىنىڭ خوتۇنى توختىبۇۋى نىساخان.

— رەھمەت ئاچا، ياخشى تىلەكلىرىگە رەھمەت! — دەيدۇ نوزۇگۇم.

**106**

پادىچىنىڭ ئۆيى.

نوزۇگۇم داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پادىچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا:

— كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى، سىلەر مېنى ئوبدان مېھمان قىلدىڭلار، سىلەرگە رەھمەت!... ئەمدى مەن بۇ يەردىن كېتەي دەيمەن، — دەيدۇ.

بۇنىڭغا ھەيران بولغان پادىچى بىلەن خوتۇنى نوزۇگۇمدىن سورايدۇ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟... نەگە كېتەي دەيسىز؟ — دەيدۇ پادىچى.

— ياكى بىزدىن كۆڭلىڭىز ئاغرىدىمۇ؟ — دەيدۇ توختىبۇۋى نىساخان.

— نوزۇگۇم ھەدە ، كەتمەك ، مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ ، كەتمەڭ ! — دەيدۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرى .

— كۆڭلۈم رەنجىگەن ئىش ئەمەس . بايا ئېيتقىنىمدەك ، سىلەر مېنى ئۇبدان كۈتۈۋالدىڭلار ، مەن سىلەردىن مەڭگۈ رازى قېرىنداشلار ! — دەيدۇ نوزۇگۇم ھاياجان ئىچىدە .

— ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا كېتىمەن دەيسىز ؟ — دەيدۇ پادىچى ئەر - خوتۇن ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە .

— ھازىر چېرىكلەر ، بەگ - دورغىلار خۇددى ئىتتەك ھەممە يەرنى پۇراپ - تىمىسقىلاپ مېنى ئىزدەۋاتىدۇ . ناۋادا تەتۈر پەلەكنىڭ شۇم قولى بۇ يەرگە يېتىپ ، چېرىكلەر كېلىپ قالسا ، مەنغۇ مەيلى ، سىلەرنىمۇ تورۇتۇۋېتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قەشقەرنى بەكمۇ سېغىنىدىم . ئۇ يەرگە كېتىشىم كېرەك ، قورغىلاڭ مەشئىلىنى قايتا يېقىپ ، زۇلمەت دۇنياسىنى كۆيدۈرۈشۈم كېرەك . . . — دەيدۇ نوزۇگۇم .

نوزۇگۇمنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پادىچى بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىدۇ . ئۇلار قاتتىق مەيۇسلىنىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، بىر ئاز توختاپ بېرىڭ ، بايا يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرمۇ بولاي دېدى . ئازراق بولسىمۇ يوللۇق نان يېقىپ بېرەي ! — دەيدۇ توختىبۈۋى نىساخان .

— مەيلى ! — دەيدۇ نوزۇگۇم ، — سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم .

107

تونۇر بېشى ، كۈندۈز .

نوزۇگۇم نان راسلاپ بېرىدۇ .

توختىبۈۋى بىر ياقتىن تونۇرغا نان ياقسا ، يەنە بىر ياقتىن ئۇدۇللۇق قىزىرىپ پىشقان نانلارنى تونۇردىن قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مۇرۇپ ئالىدۇ.

## 108

ئىشىك ئالدى.

نوزۇگۇم پادىچىغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ، توختىبۇۋى بىلەن يۈزلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېقىشىپ، بالىلىرىنىڭ توغاچتەك قىزىل مەڭىزلىرىگە سۆيۈپ قويۇپ خوشلىشىدۇ ۋە پادىچىلار بەرگەن بىر ياغلىقتا نان، گۆرۈچ، تۇز، چىنە ۋە بىر مىس قازاننى ئېلىپ، يولغا راۋان بولىدۇ.

پادىچىنىڭ بالىلىرى خېلى يەرگىچە «نوزۇگۇم ھەدە!» دەپ كەينىدىن يۈگۈرىدۇ.

نوزۇگۇم كەينىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— خەير ـ خوش، سالامەت بولۇڭلار، مەن سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، — دەيدۇ.

## 109

قومۇشلۇق، كۆلدۈز.

نوزۇگۇم دەريا بويىدا قومۇشلارنى پىچاق بىلەن كەسكەچ مۇڭلىنىپ ناخشا ئوقۇيدۇ:

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
يار ئۇياقتا، مەن بۇياقتا،
مۇڭدىشىپمۇ باققان يوق.

تۇتقۇن قىلىپ نوزۇگنى،
قورقاتقىلى بولمىغاي.

ئاداله‌تچۇن جان به‌رسه‌م،
دىلـدا ئارمان قالـمىـغاي.

## 110

قومۇشلۇق، كۇندۇز.
نوزۇگۇم كه‌سكه‌ن قومۇشلىرىنى نه‌چچه باغلام قىلىپ باغلاپ، ئۇنى بىر - بىرىگه چېتىپ سال ياسايدۇ. ئۇ سالنى دەرياغا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كېتىدۇ.

## 111

دەريا، كۇندۇز.
سۇمبۇل چاچلىرى مالخىيىدىن چىقىپ قالغان نوزۇگۇمنىڭ سالغا ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىر چېرىك كۆرۈپ قالىدۇ.

## 112

دەريا ياقىسى.
نوزۇگۇم دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتىدۇ.

## 113

قومۇشلۇق.
چېرىك ئامبالغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن خېيىمىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا قارىماي پايپاسلاپ يۇرۇپ كېتىدۇ.

## 114

قومۇشلۇق.

ئامبال بۇ ھەقتە دەرھال ئىلى جاڭجۇنىگە خەت يېزىپ :
— چاپسان ئاپار ! — دەپ خەۋەرچىگە بېرىدۇ .
— خوپ ، بولىدۇ ! — دەپ خەۋەرچى ئىشخانىدىن ئىلدام چىقىپ كېتىدۇ .

## 115

ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى .
بىر ھەربىي ئەمەلدار سەل قورۇنغاندەك قىلىپ ئىلى جاڭجۇنىگە :
— نوزۇگۇمنىڭ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكى بولمايۋاتىدۇ ، — دەيدۇ .
بۇنى ئاڭلاپ جاڭجۇن ئاچچىقىدا چالۋاقاپ كېتىدۇ :
— سەن لىكتاسىملار زادى كارغا كېلىشمىدىڭ ! — دەيدۇ .
بىر چېرىك يۈگۈرۈپ كىرىپ ، ئېگىلىپ تۇرۇپ جاڭجۇنگە خەتنى ئىككى قوللاپ تۇتىدۇ .
جاڭجۇن خەتنى يېنىدىكى بىر ياش ھەربىي ئەمەلدارغا بېرىپ :
— ئوقۇ ! — دەيدۇ .
ياش ھەربىي ئەمەلدار خەتنى قولىغا ئېلىپ ، ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ :
« تونۇگۇن بىر خوتۇن سالغا ئولتۇرۇپ ، دەريانىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتكەن . بۇ ھېلىقى قاچقۇن نوزۇگۇم بولسا كېرەك . »
ئىلى جاڭجۇن :
— بۇيرۇق : نوزۇگۇمنى قەيەردە بولمىسۇن تۇتۇپ ، ماڭا تىرىك كەلتۈرۈڭلار ! بۇنىڭ ئۈچۈن 200 ئاتلىق ئەسكەر يولغا چىقسۇن ! — دەيدۇ .

— خوپ !

## 116

قومۇشلۇق ، كۆندۆز .

قارا قاغىدەك جىق چېرىكلەر ۋە بەگ ـ دورغىلار ئات سېلىپ دەريا بويى ۋە قومۇشلۇقلارنى ئاختۇرىدۇ .

## 117

قومۇشلۇق .

نورۇگۇم دەريادىن مىس قازانغا سۇ ئېلىپ قايتىپ كېلە ۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ :

جان قەشقەرنى كۆرەلمەي ،
ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن .
نـەۋ باھارغـا يېـتەلـمەي ،
شۇلۇپ كېتەر ئوخشايمەن .

## 118

قومۇشلۇق .

ئوچاقتىكى ئوت قومۇش پاسارلىرىغا تۇتىشىش بىلەن بىر پارچە قومۇشلۇققا ئوت كېتىدۇ .

نورۇگۇم ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن سۇ چاچىدۇ ، بىراق قىرىشقاندەك ئوت يالقۇنى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ .

## 119

قومۇشلۇق ئەتراپى .

نـورۇگۇمنى تاپالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان چېرىكلەر ھاۋا

www.uyghurkitap.com

بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكنى كۆرۈپ.

ــ ئەنە ئاۋۇ يەر ئىكەن ! چاپسان بولايلى ! ــ دېيىشىپ ، ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇشىدۇ .

قومۇشلۇقتا نوزۇگۇمنى تۇتىمىز ، دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن بەگ ـ دورغىلارمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشىدۇ .

## 120

قومۇشلۇق .

نوزۇگۇم « قازان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسا ، ئىگىسىگە دەرد كېلىپ قالمىسۇن ! » دەپ ئۇنى يوشۇرۇپ قويىدۇ .

دۈشمەنىنىڭ ئىزدەپ كېلىشىگە كۆزى يەتكەن نوزۇگۇم ئوت كۆيۈۋاتقان يەردىن كۈچىنىڭ بارىچە قاچىدۇ .

## 121

قومۇشلۇق .

« نوزۇگۇم ، . . . نوزۇگۇم ! . . . »

باقى ، ئابدۇللا قاتارلىقلار قومۇشلۇقتا نوزۇگۇمنى ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ .

## 122

قومۇشلۇق .

نوزۇگۇم دۆڭدىكى قومۇشلۇقنىڭ دالدىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ، پەستىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ .

ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى :

« ئەبلەخلەر ، بەش ـ ئونىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، پېشانەمگە

پۇتۇلگىنىنى كۆرسەم مەيلى ئىدى . . . »
نوزۇگۇم خەنجىرىنى ئاغزىغا چىشلەپ تۇرۇپ پەم بىلەن ئۆزىنى ئېگىزدىن چىرىك مىنگەن ئاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئىگەرنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇۋالدۇ .
دۈشمەن ھودۇقۇپ كېتىدۇ . نوزۇگۇم خەنجەر بىلەن چىرىكنىڭ كاللىسىغا سېلىپ، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ .

## 123

قومۇشلۇق .
باقى، ئابدۇللا، يەنە بىر قانچەيلەن قومۇشلۇقتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، چىرىكلەرگە ئوق ئاتىدۇ . بىر نەچچە چىرىك ئوق تېگىپ كەينى - كەينىدىن يىقىلىدۇ . ئىگىلىرى ئۆلگەن ئاتلار كىشنەپ قالايمىقان چېپىشماقتا . بەزى چىرىكلەرنىڭ پۇتى ئۈزەڭگىدىن چىقىپ كېتەلمەي سۆرۈلۈپ قالىدۇ .

## 124

قومۇشلۇق .
نوزۇگۇم قومۇشلۇقتا ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىدۇ .

## 125

قومۇشلۇق .
قومۇشلۇقتا باقى، ئابدۇللا قاتارلىق يەتتە - سەككىز كىشى بەگ - دورغىلارنىڭ ئون نەچچە ئادىمى بىلەن گالاچ - گۇلۇچ مۇشتلىشىدۇ .
باقىنىڭ مۇشتۇمى تەگكەن دورغا - يايىلار كەينى - كەينىدىن دومىلاپ چۈشىدۇ .

دورغا ــ يايلار ئۆلەر ــ تىرىلىشكە قارىماي ، بەھەر قاـ
چىدۇ . بەزىلىرى پۈتلىشىپ يىقىلىدۇ .
باقى ، ئابدۇللالار قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ .

## 126

جاڭگال .
نوزۇگۇم ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىزلا ئالـ
دىدىن بىر توپ چېرىك چىقىپ قالىدۇ . نوزۇگۇم قولىدىكى قىـ
لىچنى قىنىدىن چىقىرىپ جەڭگە تەييارلىنىدۇ :
ــ كەل ، مەلئۇنلار ، كەل !
چېرىكلەر باشلىقى ۋارقىرايدۇ :
ــ تىرىك تۇتۇڭلار !
نوزۇگۇم چېرىكلەر بىلەن قىلىچۋازلىق قىلماقتا ، جەڭ
شىددەتلىك داۋام قىلىدۇ . بىرنەچچە چېرىك ئارقا ـ ئارقىدىن
يىقىلىدۇ . شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بىر چېرىك نوزۇـ
گۇمنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ .
نوزۇگۇم سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىدۇ .

## 127

جاڭگال ، چۈشتىن كېيىن .
چېرىكلەر نوزۇگۇمنىڭ قولنى باغلاپ ، تۆت تەرەپتىن
يالاپ ئېلىپ كەلمەكتە .

## 128

يامۇلنىڭ ئالدى .
نوزۇگۇمنى يامۇلغا ئېلىپ كېلىدۇ .
يامۇلنىڭ سېپىلى ئۈستىدە چېرىكلەر چۇمۇلـ

دەك مىغىلدايدۇ .

## 129

تۇرمە ئىچى .

نوزۇگۇم قاراڭغۇ ، زەي تۇرمىدە تار پەنجىرىگە قاراپ ناخشا ئوقۇيدۇ :

نوزۇك قولى باغلاندى ،
ئۆلتۇرمەككە چاغلاندى .
قەشقەردىكى دادامنىڭ ،
يۈرەك – باغرى داغلاندى .

يالغۇز غېرىب نوزۇكنى ،
بۇ يامۇلغا سولاشتى .
قان ئىچمەككە چېرىكلەر ،
چۇمۇلىدەك ئولاشتى .

## 130

جاڭجۇن سوراقخانىسى .

ئىلى جاڭجۇنى پۇتىغا كىشەن ، بوينىغا تاقاق ، قولىغا كويزا سېلىنغان ، چاچلىرى چۇۋۇلغان نوزۇگۇمنى ئۆزى سوراق قىلماقتا .

نوزۇگۇمنىڭ چىرايىدا چەكسىز غەزەپ ، ۋۇجۇدىدا باتۇرانە تەمكىنلىك ئەكس ئېتىدۇ .

جاڭجۇن : نېمە ئايالسەن ؟

نوزۇگۇم : ئاتا – ئانامدىن ، ئەزىز يۇرتۇمدىن ئايرىلغان يېتىم – مۇساپىرمەن . ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بەختسىز مەزلۇممەن . ئېزىلگەن ، خورلانغان خەلقىمنىڭ ئەرك

www.uyghurkitap.com

جەڭچىسىدۇرمەن .

جاڭجۈن : سـەن بىزنىڭ سەنـلەرگە يەتـكۈزۈۋاتقان مىھىر ـ شەپقەتلىرىمىزنى بىلمەيۋاتامسەن ؟

نـوزۇگۇم : شۇنى بىلىمەنكى ، سەنلەرنىڭ مىھىر ـ شەپقەت دىگىنىڭلار بەئەينى ئاچكۆز چىلبۆرىنىڭ ياۋاش قوزىغا قىلغان رەھىمسىزلىكىگە ئوپئوخشاش . . .

تىڭشاپ تۇر :

زالىم داۋگۇاڭ زار يىغلاتتى ،
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى .

ئېكراندا مەنچىڭ ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا سەدىقە تىلەپ كـەلگەن 9 ـ 10 ياشلاردىكى جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئوغۇل بالىنى قاتتىق تەپكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ .

ياش دىمىدى ياكى قېرى ،
دارغا ئاستى ، پۇلغا ساتتى .

ئېـكراندا بىر مەنچىڭ ئەمەلدارىنىڭ ساھىبجامال قىزغا زورلۇق قىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ .

نى يىگىتلەر ، چىرايلىق قىزلار ،
ئـەرك يولـىدا قانـغا پاتتى .

ئېكراندا تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قىز ـ ئوغۇل ياشلارنىڭ پىلىموت ئوقىدا كەينى ـ كەينىدىن يىقىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ .

گۇناھى يوق مەسۇملەرنىڭ ،
باشـلىـرىغا قـىلىچ چاپتى .

ئېكراندا مەنچىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پۇقرالارنى ، جۈملىدىن ئايال ۋە مەسۇم باللارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ .

تۆمەن دەريا نەرە تارتتى ،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى .

ئېكراندا ئاسماننى قويۇق قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنلىكى ، تۆمەن دەرياسىنىڭ غەزەپ بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ .

شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا ،
مىڭلاپ نوزۇك نەزمە قاتتى .

ئېكراندا نوزۇگۇم قۇرامىدىكى قىزلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ .

يۇقىرىقى ناخشىلار ئېكران سىرتىدىن بېرىلىدۇ . ناخشا ئاياغلىشاي دېگەندە جاڭجۈننىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ .

جاڭجۈن : سېنى بۇ يەرگە ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن ، دەپ كەلتۈرمىدىم .

نوزۇگۇم :

ناخشا بىلەن تۇغۇلدۇم ،
ناخشا بىلەن ياشايمەن .
تىز پۈكۈپ ئۆلگۈچە ،
تىك تۇرۇپ ئۆلىمەن .

جاڭجوْن : ياۋاش بول ، سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما !

نوزۇگۇم : مەن گۇناھكار ئەمەس ، سەنلەر جىنايەتكار . بىر كۈنى شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى ، سەن زالىملار تارىختىكى ئادىل سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلىسەن ! . . . چۈنكى ، سەنلەر خەلقىمىزنى بوزەك قىلدىڭ ، بېغىمىزنى خازان قىلدىڭ ، ئىلىكىمىزنى شوراپ ئىچتىڭ ، جېنىمىزنى زار قاقشاتتىڭ ! شۇڭا ، سەنلەر ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر . بۇ تارىختىڭ سەنلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن چىقىرىدىغان ئادىل ھۆكمى ! بۇنى بىلىپ قويۇش ! . . .

جاڭجوْن : قوي بۇ گەپلىرىڭنى ! جاۋاب بەر ! سەن دارىننى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ ؟

نوزۇگۇم : خەلقىم ئۈچۈن ، ئۆزۈم ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدىم . ئەگەر قولۇمدىن كەلسە ھەممىڭلارنى شۇنداق قىلاتتىم . پەقەت شۇ چاغدىلا ۋەتىنىم ، خەلقىم ئالدىدىكى قەرزىمنى بىر ئوبدان ئادا قىلغان بولاتتىم .

جاڭجوْننىڭ چىرايىنى ۋەھشىيانە غەزەپ ھېسسىياتى قاپلايدۇ . ئۇ ئىشىككە قاراپ :

— جاللات ! — دەپ ۋارقىرايدۇ .

سوراقخانىغا ئىككى جاللات ھازىر بولىدۇ .

— ئاچىقىپ دارغا ئېسىڭلار ! — دەيدۇ جاڭجوْن .

نوزۇگۇمنى جاللاتلار سوراقخانىدىن ئاچىقىپ كېتىشىدۇ .

**131**

كوچا ، كۈندۈز ، ھاۋا تۇتۇق .

جاكارچى بىر ياقتىن جاڭ ئۇرۇپ ، بىر ياقتىن توۋلاپ ماڭىدۇ :

— خالايىقلار ، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، ئەتە نوزۇگۇم دارغا ئېسىلىدۇ . ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەر- ئايال ، قېرى - ياش ھەممەيلەن مويتۇگزىغا يىغىلىسىلەر!

## 132

كەپە ، كېچە .

باقى بىلەن ئابدۇللا يەتتە - سەككىز دېھقان يىگىتى بىلەن بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ :

— ئەتە نوزۇگۇمنى دارغا ئاسىدىكەن .

— بىز چوقۇم نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك .

كەيپىيات بارغانسېرى جىددىيلىشىدۇ .

— جازا مەيدانىغا بېسىپ كىرىشىمىز كېرەك ! — دەيدۇ باقى بىلەن ئابدۇللا تەڭلا .

— توغرا ، چوقۇم شۇنداق قىلايلى ! — دەيدۇ باشقىلار .

## 133

جازا مەيدانىغا بارىدىغان يول .

نوزۇگۇم چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا جازا مەيدانىغا مەردانە قەدەم بىلەن بېسىپ كەلمەكتە .

## 134

جازا مەيدانى ، كۈندۈز .

مويتۇگزىغا يىغىلغان ھەرمىللەت پۇقرالىرى ، ئەرلەر ، ئاياللار ، قېرىلار ، ياشلار .

نوزۇگۇم كۆز يېشى قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قاراپ سۆزلەيدۇ :

— ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم ، زالىملار مېنى دارغا ئاسماقچى ،

قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن . مەن ئۆلۈشتىن قورقمايمەن . مەن ئۆلگەن بىلەن مېنىڭ قوۋم ــ قېرىنداشلىرىم ، ئادالەتپەرۋەر خەلقىم ئۆلمەيدۇ . ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىدۇ ، ئەركىنلىك تۇغىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ ، زۇلۇم تەختىنى گۇمران قىلىدۇ . ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ئون بەشى ئايدىڭ بولىدۇ . ئاققان قانلار زايە كەتمەيدۇ . بىزگە چوقۇم يورۇق تاڭ ئاتىدۇ .

## 135

جاڭگال ، كۇندۇز .

باقى بىلەن ئابدۇللا قورال ئالغان ئاتلىق دېھقان يىگىتلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشمەكتە .

ئۇلار ئوتلاقلاردىن ۋە دەريا كېچىكلىرىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتىدۇ .

## 136

جازا مەيدانى .

نوزۇگۇم جاللاتقا قاراپ دەيدۇ :

بۇيرۇقۇڭنى بەر جاللات ،
مېنى دارغا ئېسىشقا .
ئەل قىساسى مەنىلەھەق ،
ساڭا يول يوق قېچىشقا .

مېنى دارغا ئاسقاندا ،
ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا .
روھىم — گۈرزە — ئۇمۇت بوپ ،
چوقۇم تېگەر بېشىڭغا .



www.uyghurkitap.com

جالـلات دارنىڭ سىرتـىمـىقـىنى نـوزۇگـۇمـىنىڭ بويـ-
نىغا سالدۇ.

نـوزۇگـۇم قـوۋم ــ قىبـرىنـداشـلـىرىغا قاراپ مۇرا-
جـىئەت قىلدۇ:

غەم ــ غۇسسىغا باش ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۈن كېتەر.
ئوت قۇياشتەك نۇر چاقناپ،
بىزنى پارلاق كۈن كۈتەر.

ئىككى جاللات تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىرتماق
سېلىنغان ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىدۇ.

**137**

يول ئۈستى.

قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ،
ھەيۋەت بىلەن چۇقان سېلىپ كەلـمەكتە. سەپنىڭ ئالدىدا
باقى بىلەن ئابدۇللا. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قىلىچ قۇياش نۇ-
رىدا «ۋال ــ ۋۇل» قىلىپ چاقنايدۇ.

1981 ــ يىلى دېكابىردا يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇرپان يارتىزانلىرى

## 1

رەستە كوچا، كۆندۈز.

قولىدا مىلتىق تۇتقان تۆت نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى كۆرەڭلىگەن هالدا كېلىپ، ناۋايخانىنىڭ پەشخۇنىغا چاڭ سېلىپ بىرى بىردىن ناننى قولىغا ئالىدۇ ــ دە، پۇتۇن پىتى چىشلەپ يېيىشكە باشلايدۇ ۋە نانىنىڭ پۇلىنى بەرمەيلا يولىغا مېڭىشىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلەتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ.

ــ نانىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىڭلار! ــ دۇكان ساقلاۋاتقان 11 ــ 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسايدۇ.

ــ هوي هارامزادە! بىزدىن تېخى پۇل ئالماقچىمۇ سەن؟ ماڭ، يوقال! ــ بىر چېرىك ئۆكتەملىك بىلەن بالىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىدۇ. قورقۇپ كەتكەن بالا ئاستاغىنا كەينىگە داجىيدۇ.

ــ سەن تېخى پۇل ئالماقچىما؟ ــ يەنە بىر چېرىك ئۇنى مەيدىسىدىن قاتتىق ئىتتىرىۋېتىدۇ. بالا ئوڭدىسىغا يىقىلىدۇ.

ــ خۇمپەر! ــ ئۈچىنچى بىر چېرىك كېلىپ، يەردە ياتقان بالىنىڭ بىقىنىغا بىر نەچچىنى تېپىدۇ. بالا «ۋايجان، ۋايىيەي» دەپ زارلىنىدۇ، بالىنى تەپكەن چېرىك مەسخىرە ئارىلاش هىجىيىدۇ.

— سىنىڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق ! — تۆتىنچى بىر چىرىك بالىنى « گۇم » قىلىپ ئېتىپ تاشلايدۇ .

## 2

جازا ئۆيى ، كەچقۇرۇن .

گومىنداڭ جاللاتلىرى كەكە ساقال ، قاڭشارلىق كەلگەن بىر كىشىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىنى چوغدەك قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلايدۇ ، ئۇ ئادەم ئازابقا چىدىماي نالە قىلىدۇ . جاللات :

— ئېلى ئوغرىلىرىنىڭ گېزىتىنى ئوقۇغىنىڭغا توي ئەمدى ! — دەيدۇ .

## 3

چوڭ رەستە ، چۈشتىن بۇرۇن .

ئاخۇنجان باشچىلىقىدىكى نامايىشچىلار قوللىرىغا كىچىك بايراقچىلارنى تۇتقان پېتى تەرتىپلىك ھالدا :

— 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىجرا قىلىنسۇن !

— خەلق ھوقۇقى تەمىن ئېتىلسۇن ! — دەپ ياڭراق شوئار توۋلاپ نامايىش قىلىپ كەلمەكتە .

قارشى تەرەپتىن ئۇچىسىغا ھەربىي - ساقچى فورمىسى ۋە پۇقراچە كىيىنىۋالغان « نامايىشچىلار » ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ :

— ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە رايون بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرىمىز ! — دەپ چۇقان سېلىشىپ كەلمەكتە . بۇ « نامايىشچىلار » نىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يېنىدا قورال بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ ، بىر قىسمىلىرىنىڭ قولىدا تېخى توقماقلار بار .

ئىككى تەرەپتىن كەلگەن نامايىشچىلار دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

گومىنداڭچىلار قورال ۋە توقماقلارغا تايىنىپ نامايىشچىلارنى تارقىتىۋېتىدۇ.

نامايىشچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ باش - كۆزى قانغا بويىلىدۇ، بەزىلىرى تۇتۇپ كېتىلىدۇ.

## 4

تۇرمە، كەچقۇرۇن.

گومىنداڭچىلار ئون نەچچە تۇتقۇننى كامېرلاردىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇستى ساندۇققا ئوخشاش قاپلانغان قارا ماشىنىغا ئېتتىرىپ چىقارماقتا.

ماشىنا ئەگرى - بۈگرى مەھەللە كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ شەھەر سىرتىغا قاراپ ۋەھىمىلىك يۈرۈپ كېتىدۇ.

ماشىنا چۆل - جەزىرىگە چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن كارىز يېنىدا توختايدۇ.

تۇتقۇنلار ماشىنىدىن چۈشۈرۈلۈپ، كارىز يېنىدا قاتار تۇرغۇزۇلىدۇ.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى تۇتقۇنلارغا قارىتىدۇ.

## 5

چۆل - جەزىرە، كەچقۇرۇن.

قوراللىق ئۈچ كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بېشىغا گۈللۈك تۇرپان دوپپىسى كىيگەن، قەددى - قامەتلىك، يارىشىم بورۇتلۇق، قولىدا ئاپتومات تۇتقان 40 نەچچە ياشلاردىكى ئىمىن زايىتنىڭ چىرايى ئېكراندا ئالاھىدە كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالغان.

ئاشۇ كۆرۈنۈش ئۈستىگە ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسىنىڭ

كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىرلىگەن « **تۇرپان پارتىزانلىرى** » دېگەن خەت ئېكرانىدا ئالاھىدە كۆرۈنىدۇ.

## 6

چۆل ــ جەزىرە، كەچقۇرۇن.

ئىمىن زايىت ماشىنىنىڭ دالدىسىدىن چىقىپ تۇتقۇنلارغا ملتىق تەڭلەپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە ئوفىتسېر-لىرىنى چاققانلىق قىلىپ ئاپتومات بىلەن ئوققا تۇتۇپ ئېتىپ تاشلايدۇ.

ئىمىن زايىت ۋە قالغان ئىككى پارتىزان ـــ ئەخمەتنىياز ئىبراھىم بىلەن رەجەپ توختى ئىتتىك بېرىپ، تۇتقۇنلارنىڭ قولىنى بوشىتىدۇ.

ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان تۇتقۇنلار دۈشمەن قورالى بىلەن قوراللىنىدۇ.

## 7

گومىنداڭنىڭ رادىستلار ئۆيى، كەچقۇرۇن.

رادىست جىددىي ھالدا ھەدەپ تېلېگراما قوبۇل قىلماقتا.

## 8

ھەربىي شتاب، كەچقۇرۇن.

تېيەن زېمېي تۇەنجاڭ قولىدا تېلېگراما تۇتقان ھالدا چىڭ ليەنجاڭغا قاراپ جىددىي سۆزلىمەكتە:

ـــ مانا بۇ تېلېگراما. . . ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەي-تىش توغرىسىدا ئۈرۈمچىدىن جىددىي بۇيرۇق كەلدى.

چىڭ ليەنجاڭ تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا

ئىنتىلىدۇيۇ ، لېكىن يەنە پېتىنالمايدۇ .
تيەن تۇەنجاڭ : سەن دەرھال سىڭگىم ئېغىزىغا بىر
ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىل ! . . .
چىڭ ليەنجاڭ : خوپ .
ئۇ چاس بېرىپ ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ .
تيەن تۇەنجاڭ : ( ئۆز ــ ئۆزىگە ) خەپ توختاپ تۇر ،
سەن ئوغرىلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بەرمىسەم ! . . .

## 9

گازارما ئالدى ، سەھەر .
تولۇق قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى گازارمىدىن ماشىنىلىق چىقىشىدۇ .
ئۇلارنىڭ مۇدھىش تەلەتلىرىدىن ياۋۇزلۇق ، جاللاتلىق سۈرى يېغىپ تۇرىدۇ .

## 10

سىڭگىم ئېغىزى ، كۈندۈز .
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى خەلقلەرنى ئۆيلىرىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرمەكتە ، خەلقنىڭ كۆدە ــ كۆرپىلىرىنى سىرتقا قالايمىقان تاشلىماقتا .
بىر چېرىك ئىككى چېلەك سۇ سىغىدىغان بىر ساپال ئىدىشنى سىرتقا ئاتىدۇ ، ئۇ ئىدىش يەرگە چۈشۈپ پارە ــ پارە بولۇپ كېتىدۇ .
ـــ ھوي بېشىنى يەيدىغان جۇۋاينىمەك ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ ـــ چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان ، يۈزىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان 60 ــ 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر موماي چېرىككە غەزەپ بىلەن ھومىيىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 11

ساي ، كۆندۈز .

كۆدە ـ كۆرپە ۋە يۈك ـ تاق بىسلغان هارۋىلار ، خۇرجۇن ، تاغار ئارتىلغان ئېشەك ، قېچىرلار ، نەرسە ـ كېرەك كۆتۈرۈۋالغان ئەر ـ ئاياللار ، هاسا تايانغان بوۋاي ـ مومايلار سىڭگىم ئېغىزى تەرەپتىن بىچارە قىياپەتتە كېلىشىپ كەنت تە-رەپكە قاراپ كېتىشمەكتە . يالىڭاياغ ئۇششاق باللار تاشلىقتا ما-ڭالماي ۋايىسماقتا ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئەندىشە ئىچىدە كەينىگە پات ـ پات قاراپ :

— بالام ، ئىتتىك ماڭغىن ، چىلبۆرىلەر كەينىمىزدىن كېلىپ قالسا بىزنى بوزەك قىلىدۇ ! — دەيدۇ .

## 12

سىڭگىم ئېغىزى ، كۆندۈز .

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورۇقدىلىپ قالغان پۇقرا ئۆيلى-رىدىن ئوق ئاتىدىغان تۆشۈك تېشىدۇ . بىر چېرىك يېنىدىكى-لەرگە كۆرەڭلىگەن هالدا قاراپ :

— تۆشۈك دېگەننى مانا مۇشۇنداق تەشسە بولىدۇ ، — دەيدۇ .

## 13

سىڭگىم ئېغىزى ، كۆندۈز .

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئېغىزنىڭ ئىككى قاسنىقىدا پو-تەي ياسىماقتا .

ياسىلىپ بولغان پوتەيلەر يىراقتىن سۇرلۇك كۆرۈنىدۇ . يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدىن فىلىم ئاپتورى ، رې-

ژىسسور ، ئارتىست ۋە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى بېرىلىدۇ .

## 14

ئىشخانا ، چۈشتىن بۇرۇن .

ئېگىز بوي ، گەۋدىلىك ، قاراقاش ۋە كېلىشكەن ئابدۇراخمان مۇھىتى ، ئوتتۇرا بوي ، تەمبەل ، سەل قارامتۇلراق كەلگەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ۋە ئىمىن زايىتلار مەسىلىھەتنى ئاياغلاشتۇرغاچ :

— باشقىلار مەجلىسكە كېلىپ بولدى ، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ! — دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ .

## 15

مەجلىسخانا ، چۈشتىن بۇرۇن .

ئىنقىلابىي تەشكىلات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنى داۋام قىلماقتا . يىغىنغا ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ، ئىمىن زايىت ، جېلىل سوجاڭ ، ئاخۇنجان ھەم پىچاندىن خېلىل ئىبراھىم ، توخسۇندىن ئابدۇۋەلى ھوشۇر قاتارلىق كىشىلەر ئىشتىراك قىلىنغان .

ئابدۇراخمان مۇھىتى يىغىن باشقۇرۇپ :

— بىز 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دېسەك ، گومىنداڭچىلار بىر تەرەپتىن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ . شۇڭا بىز ئەمدى ھەم بوزەك بولماسلىقنىڭ ، ھەم قاپقانغا چۈشۈپ قالماسلىقنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز كېرەك ، — دەيدۇ .

ئېگىز بوي ، ئورۇق ، يېشىل كۆز ، ئىتتىك مىجەزلىك

ئادەم ئۇرنىدىن تۇرۇپ سۆزگە كىرىشىپ:
— مەن ئۇرۇمچى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تو-لۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ۋايىتجان بولىمەن، — دەيدۇ.
يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇ مەنىمەنچى، ھاكاۋۇر ئادەمگە يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قارىشىدۇ. ۋايىتجان سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:
— بىز دەرھال تۇرپان خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، گو-مىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى ھەربىي شتابىغا ھۇجۇم قىلىشىمىز كې-رەك، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويساق بولمايدۇ، — دەيدۇ.
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ: دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز تۇ-رۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا گومىنداڭ شتابىغا قۇرۇق قول ھۇ-جۇم قىلىش چېكىدىن ئاشقان تەۋەككۈلچىلىك بولمامدۇ!؟
ئابدۇراخمان مۇھىتى: باھاۋۇدۇن يۇسۇپ توغرا ئېيتتى. مېنىڭچە، بىز ئالدى بىلەن يېزىلاردا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.
ئىمىن زايىت: ئۇ يەردە خەلقنى راسا ئويغىتىپ، قولىغا قورال ئالدۇرۇشىمىز كېرەك.
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ: توغرا، ھە دېگەندىلا ھەربىي شتابقا ھۇجۇم قىلىمىز دېمەي، يېزىلاردا كۈچ توپلىشىمىز، ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك.
ۋايىتجان: گومىنداڭ ھەربىي شتابىغا ھۇجۇم قىلىشتىن باش تارتىش قورقۇنچاقلارغا خاس ئىش، سىلەرنىڭ زادى ئىن-قىلاب قىلغۇڭلار بارمۇ، يوق؟
ئابدۇراخمان مۇھىتى: ھەر ئىشنىڭ يولى بار، بىز ئەمە-لىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىمىز. بالىلارچە ئىش قىلساق بولمايدۇ.
ۋايىتجاننىڭ چىرايى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

www.uyghurkitap.com

— ئىنقىلاب قىلىشنى خالايدىغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار! — دەيدۇ. ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ جىددىي قەدەم تاشلاپ ماڭىدۇ، پەقەتلا ئاز ساندىكى بىر نەچچە ئادەملا ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

## 16

قورۇ، كۆندۈز.

يوغان ئايۋانلىق قورۇ ئادەملەر بىلەن لىق تولغان، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش ۋە هاياجانلىنىش تۇيغۇلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

قورۇغا يىغىلغانلار ئىچىدە ئەرلەر، ئاياللار ۋە ياشلار، قېرىلار ھەم باللارمۇ بار.

بەستلىك كەلگەن، جىددىي چىراي ئىمىن زايىت ئايۋان سۇپىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، قولى بىلەن ئىككى بىلىنى تۇتقان ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ مەردانىلىك بىلەن:

— قېرىنداشلار، يۇرتداشلار، زۇلۇم يەنە چېكىدىن ئاشتى، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ئۆكتەملىك بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، خەلقىمىزنى جەھەننەمگە ئىتتەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جىددىي سۆزلىمەكتە.

ئاما ئارىسىدىن: «زۇلۇم چېكىدىن ئاشتى، چىداپ تۇرالمىدۇق» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىمىن زايىت: شۇنداق، تاقىتىمىز چېكىگە يەتتى، ئويلاپ كۆرۈڭلارچۇ، بىز قوزغالماي كىم قوزغىلىدۇ، بىز قولىمىزغا قورال ئالماي كىم قولىغا قورال ئالىدۇ؟

ناسىر مەرگەن
ھېۋىل مەرگەن
: (كۆلۈپ قويۇپ) مانا بىز تەييار!...

ئىمىن زايىت : (كۆپچىلىككە قاراپ ) قېنى قېرىنداشلار ، « ئاچىل » ناخشىسىنى بىر ئېيتايلى ، بىز بۇ ناخشىنى ئۆز ۋاقتىدا كارامەت ئېيتىدىغان . . .

شۇندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز زامانىسىدا خوجىنىياز ھاجى ، مەخسۇت مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ كۈرەش ناخشىسى بولغان « ئاچىل ، گۈل ئاچىل ، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار ، ئاچىل » دېگەن ناخشىنى ئۈنلۈك ، شاۋقۇنلۇق ئوقۇيدۇ .

## 17

مەيدان ، كۈندۈز .

ياشلار قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلماقتا ، مەرگەنلەر ئۇلارغا ئۆگەتمەكتە .

ئابدۇرازاق ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى قولىدىكى مىلتىقنى ئەخمەتنىياز ئىبراھىمغا بېرىپ :

— سەن بىر ئېتىپ كۆرسىتىپ بەرگىنە ؟ — دەيدۇ .

گۇلنزور : توختاڭلار ، نېمە دېگىنىڭلار بۇ ، ئەخمەتنىياز ئاكامۇ بىز ئاتقان نىشانغا ئاتامدۇ ؟ بۇ دېگەن ئۇستا مەرگەن بولغاندىكىن ، مېنىڭچە بىراقلا نىشانغا ئاتسۇن .

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم :

— چاتاق يوق ، — دەپ مىلتىقنى قولىغا ئالىدۇ .

گۇلنزور : ئەخمەتنىياز ئاكامغا ئادەمنىڭ سۈرىتىنى ئەمەس ، تۇخۇمنى نىشان قىلىپ بېرەيلى !

گۇلنزور نىشاننى ئۆزى دېگەندەك قىلىپ توغرىلاپ بېرىدۇ . ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئويناشقاندەك قىلىپ ئېتىپ ، 100 مېتىر يىراقلىقتىكى تۇخۇمنى كۇكۇم – تالقان قىلىۋېتىدۇ ، مەيداندا چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ .

ئوتتۇرا بوي ، بەستلىك كەلگەن ئەخمەتنىياز ئىبراھىمنىڭ مەغرۇر قىياپىتى ئېكراندا تېخىمۇ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 18

مەيدان، كۈندۈز.

ئاپپارات سولدىن ئوڭغا سۈرۈلۈپ، تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئالىدۇ:

بىر يەردە 40 ياشلاردىن ئاشقان داڭدار چامباشچى شىرىپ ئىسمائىل ياشلارغا چامباشچىلىقنى ئۆگەتمەكتە، يەنە بىر يەردە بىر قىسىم ياشلار ئارىلاشما جەڭ قىلىش مەشىقىنى قىلماقتا.

نېرىسىدا 8 ـ 10 چە ياش يىگىت قىلىچۋازلىق مەشىقىنى قىلىدۇ، قىلىچلار بىر خىل رىتىمدا «جاڭ، جاڭ» ئاۋاز چىقىرىپ، قۇياش نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل پارقىرايدۇ.

## 19

تۆمۈرچى دۇكىنى، كۈندۈز.

تۆمۈرچى ئۇستىلار قىلىچ ـ نەيزە سوقماقتا.

سەل نېرىسىدا مىلتىق ۋە مىلتىق زاپچاسلىرىنى ياساۋاتقانلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن كۆرۈنىدۇ.

## 20

ئىمىن زايىتنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.

ساقچى كىيىمى بىلەن ئالدىراش كىرىپ كەلگەن ئىبلى پولات ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ:

— ئىمىن زايىت ئاكام بارمۇ؟ — دەپ توۋلايدۇ.

ئىمىن زايىت ئاستا ئۆيىدىن چىقىپ ھاسراپ ـ ھۆمۈدەۋاتقان ئىبلى پولاتقا كۈلۈپ قارىۋېتىپ:

— ھە، مانا مەن، ئىبلىمۇ سەن، كەچ بولۇپ قالغاندا بۇ-

ياققا كېلىپ قاپسەنغۇ ؟ — دەيدۇ .
ئېلى پولات : ( بىر چەتكە تارتىپ ) ئىمىن زايىت ئاكا ، ساقچىخانىدىكىلەر ئامباردىكى قوراللارنى ناھىيىگە ئاچىقىپ تاپشۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ . . .
ئىمىن زايىت : مۇنداق ئىشمۇ بار — دە ، بۇ بەكمۇ ئوبدان پۇرسەتقۇ !

## 21

كەنت سىرتى ، چۈشتىن بۇرۇن .
گومىنداڭنىڭ قورال — ياراغلىرى بېسىلغان ھارۋا كەنت سىرتىغا چىققاندا ، ئىمىن زايىت بىر تۈركۈم پارتىزانلار بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ھارۋىنى قورشىۋالىدۇ .
ئىمىن زايىت ھارۋىنى يالاپ ماڭغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ قەھرى — غەزەپ بىلەن :
— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تەسلىم بولۇش ! — دەپ ۋارقىرايدۇ .
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ، قارشىلىق قىلىشقا ئاتتىن چۈشۈپ « تەسلىم بولدۇق » دېگەن مەنىدە قوللىرىنى كۆتۈرۈشىدۇ .
ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ھارۋا ئۈستىگە ئەپچىل ۋە چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چىقىپ ، ھارۋىدىكى قوراللارنى سەپداشلىرىغا ئىتتىك — ئىتتىك سۇنۇپ بېرىدۇ .

## 22

ساقچىخانا قورۇسى ، كەچقۇرۇن .
ئەتراپى پۇقرا ئۆيلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان شۆبە ساقچىخانا قورۇسى پارتىزانلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ، قول-

لىرىغا قورال ۋە تاياق ــ توقماق ئالغان سان ــ ساناقسىز كىشىلەر تالادا، يەردىمۇ، ئۆگزىدىمۇ كۆرۈنىدۇ.

بىر نەچچە گومىنداڭ ئەسكىرى قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۆگزىدىكى پارتىزانلارغا ئوق چىقارماقچى بولىدۇ. بىر دەقىقىدىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئوق ئېتىلىدۇ، ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم، ناسىر مەرگەن، ھېۋىل مەرگەنلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى دۈشمەننىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويىدۇ.

## 23

ساقچىخانا قورۇسى، كۈندۈز.

پارتىزانلار بىلەن خەلق چۇقان ــ سۈرەنلەر ئىچىدە ساقچىخانا قورۇسىغا بېسىپ كىرىدۇ.

ساقچىخانا قورۇسى بىردەمدىلا پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ.

## 24

ئۆي ئىچى، كۈندۈز.

ئىككى چېرىكنىڭ پەگادا قىلىچىغا بېشىنى قويۇپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئوقۇتقۇچى ئابدۇرازاق:

ــ مىدىرلاشما! ــ دەپ قورالىنى تەڭلەيدۇ، قورققىنىدىن جان ــ پېنى چىقىپ كەتكەن بۇ چېرىكلەرنىڭ خۇنۈك چىرايى ئېكراندا تولىمۇ ئىسكەتسىز كۆرۈنىدۇ.

## 25

مەيدان، كۈندۈز.

سان ــ ساناقسىز كىشىلەر مەيداندا چەمبىرەك ھاسىل

قىلىپ تىقما ــ تىقما بولۇپ تۇرۇشىدۇ. ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزــگە مەھلىيا قىلىشۇالغان ئىمىن زايىت كۆپچىلىككە مەردانە قىـ ياپەتتە سۆز قىلماقتا.

ــ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا بىزمۇ ئازاد، ئەر- كىن، ھۆر ياشاش ئۈچۈن قوزغىلىپ كۈرەشكە ئاتلاندۇق. زۇ- لۇمغا، ئادالەتسىزلىككە، تەڭسىزلىككە چىداپ تۇرالماي ئورنىـ مىزدىن دەس تۇرۇپ، قولىمىزغا قورال ئالدۇق. چۈنكى، كۈ- رەشسىز ئازادلىق بولمايدۇ، ئازادلىق، ئەركىنلىك كۈرەشسىز قولغا كەلمەيدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا تەييارمىز.

ئېلى پولات: ياشاپ كەت، ئىمىن زايىت ئاكا، ئالتۇن تەنلىرىڭ، كۈمۈش بويلىرىڭ ئامان بولسۇن.

ئىمىن زايىت: بۇ يولدا ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمىزكى، قۇل بولۇشقا رازى ئەمەسمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ كۆپچىلىك!

كۆپچىلىك: شۇنداق، شۇنداق، ھۇررا! ھۇررا! ــ ئىـ مــىن زايىت قىزىق سۆزلەۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ قالىدۇ، ئۇ- نىڭ كۆزى يىراققا تىكىلگەنىدى. ئۇ يەردە ئۈچىسىغا پەرەنجە كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان ئىككى كىشى ئاستا مېڭىپ تــوپقا قاراپ كەلمەكتە. بىراق، ئۇلارنىڭ مېڭىش ــ تۇرۇشى يا مــوللىغا، يا ئادەتتىكى پۇقراغا ئوخشىمايتتى، ئۇلارغا دىققەت بىـ لەن قارىغان ئىمىن زايىت ساقچىخانىدا قىلىچقا بېشىنى قويۇپ يېتىۋالغان ھېلىقى ئىككى خەنزۇ ئەسكەر ئىكەنلىكىنى تونۇۋا- لىدۇ. ئۇ ئىككى ئەسكەرنىڭ چىراي ــ تۇرقى ئېكراندا ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. ئىمىن زايىت ئۇلارنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

ــ كىم سىلەرنى مۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ئەسىر ئا: ھېچكىم مەجبۇر قىلمىدى.

ئەسىر ب: ئۆزىمىز قىلدۇق!

ئىمىن زايىت ئۇلارغا قاراپ جىددىي ۋە تەمكىنلىك بىلەن:

— بىلىپ قويۇڭلاركى، بىز باشقا دىندىكىلەرنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلمىدۇق، بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ ئورتاق دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالدۇق. ھەممە مىللەتنى باراۋەر كۆرىدىغان ۋە ئورتاق گۈللەندۈرىدىغان يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ — دەيدۇ.

ئەسىر ئا: ئۇقتۇق!

ئەسىر ب: ئۇقتۇق، تەقسىر، ئۇقتۇق!

ئىمىن زايىت: ئۇققان بولساڭلار، بۇ نەرسىلەرنى سىيلىۋېتىڭلار، ئەركىن، ئازادە ياشاۋېرىڭلار.

ئەسىر ئا
ئەسىر ب : بولىدۇ، بولىدۇ.

ئۇلار تەزىم بىلەن كەينىچە مېڭىپ، ئىبكراندىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

## 26

تيەن زېمىي تۇەنجاڭنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.

تيەن زېمىي تۇەنجاڭ ئۆز ئۆيىدە ماجاڭ ئوينىغاچ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مۇھىم بىر ئىشنى مۇزاكىرە قىلماقتا، ئۇ ئاخىرىدا:

— ئاشۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ئوغرىلارنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بەرگىلى بولىدۇ! — دەيدۇ.

مەسلىھەتچى ئا: بۇ پىلانىڭىز ياخشى بوپتۇ!

مەسلىھەتچى ب: ئۆزىڭىزمۇ تەدبىرلىك ئادەم جۇمۇ؟

تيەن زېمىي قاقاقلاپ كۈلىدۇ، مەسلىھەتچىلىرىمۇ تەڭ كۈلۈشۈپ بېرىدۇ.

## 27

ئىشخانا، چۈشتىن كېيىن.

ساقچى كىيىمىدىكى بارات ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا ئىشىكنى چېكىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئىشخانىغا كىرىپ كېلىدۇ.

جىددىي بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقان باھاۋۇدۇن يۈسۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ باراتقا قارايدۇ.

بارات: باھاۋۇدۇن ئاكا، باھاۋۇدۇن ئاكا!

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ: نېمە بولدى؟

بارات: دۈشمەننىڭ پەيلى بۇزۇق، ئۇلار بۈگۈن ئاخشام سىز بىلەن ئابدۇراخمان مۇھىتىنى تۇتماقچىكەن، شۇڭا سىلەر دەرھال شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار، كەڭ زېمىن سىلەرگە قۇچاق ئاچىدۇ.

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزىنى باش لىڭشىتىپ ماقۇللاپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ.

## 28

ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئاخىرىدا ئۇلار:

ـــ شۇنداق بولسۇن!

ـــ شۇنداق قىلايلى! ـــ دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشىدۇ، ئۇلار ھويلىغا چىققاندا بارات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ، ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكتىن گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ تېخى جايىغا چۈشمىگەنلىكى سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

ـــ بولمىدى، بولمىدى! ـــ دەيدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھتى: نېمە بولمىدى؟

بارات: سېپىل دەرۋازىسى تاقىلىپتۇ! — دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىدۇ.

باھاۋۇدۇن يۇسۇپ: كارايىتى چاغلىق. سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشسەك بولىدۇ، يول ئامال قىلساق ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ!...

## 29

سېپىل ئۈستى، كېچە.

ئەتراپ كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە جىم-جىتلىققا چۆمگەن، ئاسماندا بىر تال يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بىر ئازدىن كېيىن سېپىل ئۈستىدە جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى غىل – پال كۆرۈنۈپ، كېيىن بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ. بۇ باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ئىدى، ئۇ يوغان ئارغامچىنى سېپىل قوقتىسىغا ئالدىراش باغلاۋاتقاندا كۆزەتكە چىققان گو-مىنداڭ ئەسكىرىنىڭ شەپىسى كېلىپ قالىدۇ. باھاۋۇدۇن يۇسۇپ پەسكە چۈشۈۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن، سېپىل قوقتىسى ئا-رىسىغا ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۈيقۇسىراپ كەتكەن كۆزەتچىلەر بۇ يەردىن ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە قارايدۇ ۋە قولىنى كانايچە قىلىپ تۇرۇپ:

— تېزرەك بولۇڭ! — دەپ بوش ئاۋازدا توۋلايدۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئابدۇراخمان مۇھتىنىڭ قولىدىن تارتىۋالىدۇ.

## 30

مەھەللە، كېچە.

گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپلەرنىڭ گۇمانلىق ھەرىكىتىگە كۆز ـ قۇلاق بولىمىز، دەپ مەھەللىلەرنىڭ كوچا ـ كوچىلىرىدا ئوغرىدەك مارىشىپ تىمىسقىلاپ يۈرۈشمەكتە.

— چاپسان، ئىلدام!

## 31

سېپىل تۈۋى، كېچە.

ئالدى بىلەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپ سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن ئاستا پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ، يەرگە چۈشۈۋېلىشقا ئىككى مېتىر قالغاندا ئارغامچا يەتمىگەنلىكتىن باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ئامالسىزلىقتىن پەسكە قاراپ ئۆزىنى ئاتىدۇ. قاراڭغۇدا ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكتىن كۆتۈلمىگەندە ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ھايال قالماي ئابدۇراخمان مۇھىتمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

## 32

تۆتسوقما، سەھەر.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ يورۇپ كەلمەكتە. تۈزلەڭلىكتە تۆتسوقما نېرىدىن چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

قەددى ـ قامەتلىك، جىددىي چىراي ئىمىن زايىت ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇرماقتا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رەجەپ توختى ، سەن ئادەملىرىڭ بىلەن ئاياغ تە-رەپتىن كەل .

— خوپ !

— ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ، سەن ئادەملىرىڭ بىلەن يۇ-قىرى تەرەپتىن كەل .

— بولىدۇ .

— سىدىق خەلپە ، سەن ئادەملىرىڭ بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىن كەل !

— خوپ !

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانلار ئۆز ئورۇنلىرىغا يۈرۈپ كېتىشىدۇ .

## 33

تۆتسوقما ، سەھەر .

پارتىزانلار تۇزلەڭلىكتە تۇرۇپ تۆتسوقمىغا ھۇجۇم قىل-ماقتا . ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىدۇ ، دۈشمەنلەرگىمۇ ، پارتىزانلارغىمۇ ئوق تېگىدۇ .

ھېزىم مۇجۇق ئىسمىلىك بىر مەرگەن ئۈجمە دەرىخى ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋېلىپ ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى دالدا قى-لىپ شۇ يەردىن سوقما ئىچىدىكى دۈشمەنلەرگە ئوق ياغدۇرى-دۇ ، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىدىن بىر نەچچە دۈشمەن كەينى – كەي-نىدىن يەر چىشلەيدۇ . ھېزىمنىڭ چىرايىدىن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق جاسارىتى چاقناپ تۇرىدۇ .

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېزىمغا ھەيران-لىق ئىچىدە تىكىلىپ قارايدۇ . ئاندىن :

— ھوي ھېزىم ، دۈشمەنگە نىشان بولۇپ بەرمە يەنە ؟ ئۆلگۈڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ ۋارقىرايدۇ .

ھېزىم مۇجۇق :

— باتۇر دېگەن ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ ، ئەجەل يەتسە يەردە بولساڭمۇ ئوخشاشلا ئۆلىسەن ئەمەسمۇ ؟ شۇڭا مەن يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم دەيمەن .

ھېزىم مۇجۇق شۇ گەپنى غاچ ـ غۇچ دەپ بولۇپ ، ئېتىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ .

جەڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا . بىر چاغدىن كېيىن قەھرى ـ غەزەپكە تولغان ئىمىن زاپىت :

— دەرۋازىغا ئوت قويۇڭلار ! — دەپ ئۈنلۈك بارىچە ۋارقىرايدۇ .

گۈلنىزور ئىسملىك پارتىزان شۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ 100 مېتىر نېرىسىدا تۇرغان يانتاقلىق ھارۋىغا قاراپ ئوقتەك يۈگۈرىدۇ ۋە ھارۋىنى ئۆزى يالغۇز ئىتتەرگەن پېتى ئۈستى شاخ ـ شۇمبىلىق دەرۋازا ئاستىغا ئاپىرىپ ، دەرھال ھارۋىدىكى يانتاققا ئوت قويىدۇ .

ھايال قالماي ئوت دەرۋازا ئۈستىدىكى شاخ ـ شۇمبىغا تۇتىشىپ ، شىددەت بىلەن كۆيۈشكە باشلايدۇ .

## 34

تۆتىسوقما ، سەھەر .

پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھەدەپ كەينىگە چېكىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ گەمە ئىچىگە كىرىۋالىدۇ .

شۇ ئەسنادا شەپكىسى ئىچىگە ئاق دوپپا كىيگەن ، پاناق بۇرۇن ئىككى چېرىك ئالاقزادىلىك بىلەن يان ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ . ئاندىن ئۇلار كۈنپېتىش تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ .

## 35

تۆتسوقما، سەھەر.

پارتىزانلار «ئالغا!»، «ھوررا!» سادالىرى ئىچىدە تۆتسوقمىغا قاراپ ئاتاكىغا ئۆتمەكتە.

ئاپتوماتنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ بارچە توۋلاپ ئاتاكىغا ئۆتۈۋاتقان ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىملارنىڭ چىرايى ئېكراندا يان تەرەپتىن ئالاھىدە كۆرۈنىدۇ.

— ئالغا! ئالغا!

## 36

تۆتسوقما، ئەتىگەن.

گەمە ئىچىگە كىرىۋالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي، تىمتاس بولۇۋېلىشماقتا.

پارتىزانلار شۇ زامات گەمە ئەتراپىنى قورشىۋالىدۇ. ئىمىن زايىت ئاپتومات تەڭلىگەن ھالدا گەمە ئاغزىغا قاراپ:

— گومىنداڭچىلار، تەسلىم بولامسەن، يوق؟ ئەگەر جېنىمىز ئامان قالسۇن دېيىشسەڭ تەسلىم بولۇش، بولمىسا كۆلۈڭنى كۆككە سورۇۋېتىمىز! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ.

## 37

تۆتسوقما، ئەتىگەن.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدۇق، دېگەن مەنىدە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا گەمىدىن چىقىشىدۇ.

ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭچىلارنى پارتىزانلار تۆت-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوقمىدىن قورااللىق ياالاپ ئېلىپ چىقىدۇ.

## 38

چۆل ــ جەزىرە، كەچقۇرۇن.

تۆتسوقمىدىن قاچقان ھېلىقى ئىككى ئەسكەر تۇرپان تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ بىر يىلىك ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىدۇ.

ھاكاۋۇر يىڭجاڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ:

ــ ئۇلار زادى قانچىلىك ئادەم! ــ دەپ سورايدۇ.

قاچاق ئەسكەر ئا: سانى كۆپ ئەمەس، جىق بولسا 70 ــ 80 كىشىدىن ئاشار؟!

يىڭجاڭ: سىلەرمۇ ئاز ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر سوقما ئىچىدە، ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا ئىكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىڭلارمۇ؟ ئادەملىرىڭلار تازا نان قېپى نېمىلەر ئوخشىمامدۇ؟

قاچاق ئەسكەر ئا: ھى، ھى، ھىم (ئۇنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، تىلى گەپكە كەلمەيدۇ.)

قاچاق ئەسكەر ب: ئۇلار بەك يامانكەن، مېڭەمنى چۇۋۇۋەتكىلى تاسلا قالدى، ھېلىمۇ ياخشى ئوق مېڭەمگە ئەمەس، شەپكەمگە تەگدى (ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ ئوق تېشىۋەتكەن تۆشۈكنى كۆرسىتىدۇ.)

يىڭجاڭ: (سەل ھودۇققان ھالدا) ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىللى ئازادلىق ئارمىيە ئادەملىرى بولسا كېرەك!

قاچاق ئەسكەر ئا: مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ئادەملىرى بولمىغان بىلەن، خوجىنىياز ھاجىغا ئەسكەر بولغان، ھەتتا يىڭجاڭ، تۈەنجاڭ بولغانلارمۇ بار.

قاچاق ئەسكەر ب: كىچىكىدىن تارتىپ ئوۋچىلىق قىلىپ پىشىپ يېتىلگەن ئۇستا مەرگەنلەرمۇ بار.

يىگىجاك : شۇڭا، ئۇلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا تېتكۈپ-تىپسىلەر ــ دە !

قاچاق ئەسكەر ئا
قاچاق ئەسكەر ب : ياق ، خېلىلا ئېلىشتۇق !

يىگىجاك : ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بىر بەرمىسەم ! ئۇنىڭ چىرايىدىن جاللاتلىق ، ياۋۇزلۇق ئەپت ــ بەشىرىسى نامايان بولىدۇ .

## 39

يول ، كەچقۇرۇن .

يولدا تۇتسوقمىدىن غەلىبە بىلەن كېلىۋاتقان پارتىزانلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن غەلىبە خۇشاللىقى ۋە ئۈمىدۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ .

## 40

تۇتسوقما ، كۈندۈز .

گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇرۇش خارابىسىنى دەسسەپ ــ چەيلەپ يۈرۈشىدۇ ، ئەتراپنى چارلاشقا كەتكەن گومىنداڭ ئەسكىرى ئا ۋە ب لار قايتىپ كېلىدۇ .

ئەسكەر ئا : باۋگاۋ يىگىجاك ، ھېچبىر شەپە كۆرۈنمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغان ئوخشايدۇ .

ئەسكەر ب : باۋگاۋ يىگىجاك ، ئۇلار پىچان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ !

يىگىجاك : ھىم . . .

پەيجاك : يىگىجاك ، قوغلايمىزمۇ ، قانداق ؟

يىگىجاك : خىيالغا پاتىدۇ ، سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ :

« توختا ! . . . ئۇلار كەتكەن تەرەپ پىچان تەۋەسى ، بىزنىڭ تازىلاش ئىشىمىز تۇرپان تەۋەسىدە بولۇشى كېرەك . ناۋادا ئۇ يەرگە قوغلاپ بېرىپ ، تولۇق يوقىتىپ قايتسامغۇ بىر گەپ ، ئەگەر چىقىمدار بولۇپ قالسام قىسمىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرمىگىم تەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستا مەرگەنلەر بار دەيدۇ ( بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىنىدۇ ) . . . ئەجەل يېتىپ بىكار بۇ جېنىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالماي يەنە ؟ . . . » ئۇ خىلاۋېتىپ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ئادەمدەك يىگىتلەرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىدۇ . ئاندىن ئۇ تەلەتىنى غەم باسقان ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ :

— قايتايلى ! — دەپ ئاتنىڭ بېشىنى بۇرايدۇ .

## 41

كەڭ دالا ، چۈشتىن بۇرۇن .

يىراقتىن چاڭ – توزان كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ ئاتلىق كىشىنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ . ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ۋە يەنە بىر يېزا يىگىتى — تۇرسۇن بوياقلارنىڭ خۇشاللىق ، قەيسەرلىك ئىپادىلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىرى ئېكراندا روشەنلىشىدۇ .

## 42

كەنتكە يېقىن جاي ، كۈندۈز.

ياپيېشىللىققا چۆمگەن يېزا يىراقتىن تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . بۇ چاغدا ئابدۇراخمان مۇھىتى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ :

— كەنتكە ئاز قالغاندىكىن ، ئەمدى ئاستاراق ماڭايلى ،

ئاتلار بەك ھېرىپ كەتتى ! — دەيدۇ .
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ : شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى !
تۇرسۇن بوياق : بىز بارغۇچە قېرىنداشلار بەك تەلمۈرۈپ كېتەرمىكىن ؟
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ : ھېچ ۋەقەسى يوق .
تۇرسۇن بوياق : ئىمىن زايىت ، رەجەپ توختى ئاكاملار ناشتىغا ئۇلگۇرتۇپ باشلاپ كەل دېگەنىدى .
ئابدۇراخمان مۇھىتى : مانا كەلدۇقۇ ؟ ھېچقانچە كېچىكمىدۇق !

43

ئېرىق بويىدىكى يول ، چۈشتىن بۇرۇن .
ئابدۇراخمان مۇھىتلار ئۆزلىرىنى ئورىۋېلىشقان كىشىلەر بىلەن خۇددى ئۇزاقتىن بېرى دىدار كۆرۈشمىگەن تۇغقانلاردەك ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشىدۇ .
نىياز بارتو ئىسمىلىك ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئابدۇراخمان مۇھىتىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەن ھالدا :
— ھوي ئابدۇراخمان ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز كەنتىڭگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتمىساق كەلمەمتىڭ ؟ — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىدۇ .
ئابدۇراخمان مۇھىتى : ھوي نىياز ئاكا ، نېمە دېگىنىڭ ئۇ ، كەلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ ؟
نىياز بارتو : بولمىسا ، قېرىغاندا كېلەمتىڭ ؟
ئابدۇراخمان مۇھىتى : قېرىمىسامۇ كەلدىمغۇ مانا .
بۇ چاقچاق گەپلەرگە ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 44

قورۇ ئىچى، چۈشتىن بۇرۇن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى قورۇ ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرغان قىرىنداشلىرىغا قاراپ سۆز قىلماقتا:

— چوڭلار: بۇرۇن بىز ناماز ئوقۇغاندا مەككىگە قاراپ ئوقۇيتتۇق، ئىلىدا ئىنقىلاب بولغاندىن كېيىن بىر ۋاخ نامىزىمىزنى ئىلىغا قاراپ ئوقۇيدىغان بولدۇق، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، ھازىر بىز ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنىمۇ ئىلىغا قاراپ قىلىدىغان بولدۇق. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئايدىڭكۆلدە ئۈچ ناھىيەدىكى ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان «پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش كومىتېتى» قۇرۇلدى. بۇ خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. ھازىر تۇرپان، پىچان، توخسۇندا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ۋە ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلماقتا. تۆتسوقمىدىكى غەلىبىلىك جەڭ بۇنىڭ ئوبدان مىسالى...

ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

## 45

كەنتنىڭ چېتى، چۈشتىن كېيىن.

ئابدۇراخمان مۇھىتىلار ئىمىن زايىت، رەجەپ توختىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەشىق مەيدانىدىن چىقىشىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى مەمنۇنىيەت بىلەن:

— مەشىقىڭلار يامان ئەمەس ئىكەن، سىلەر بۇ ئىشنى ۋاقتىدا تۇتۇپ ياخشى قىپسىلەر! — دەيدۇ.

ئىمىن زايىت: دېگەندەك ئەمەس.

## 46

كەنتنىڭ تۇتاشقان جايى، چۆشتىن كېيىن.

ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا بۇلۇتتىن ئەسەر يوق، كىشى چىداپ تۇرالمايدىغان دەرىجىدە ئىسسىق ۋە دىمىق، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سەل - پەل مىدىرلاپ قويايمۇ دېمەيدۇ. لېكىن، ئىسسىقتا چىداملىق بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمايدۇ، پەرۋايى پەلەك!

كەنت بىلەن چۆل - جەزىرە ئوتتۇرىسىدىكى سايغا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئادەملەر توپلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار. قېرىلارمۇ، كىچىك باللارمۇ بار. لېكىن، مۇتلەق كۆپچىلىكى قۇرامىغا يەتكەن، تاغنى تالقان قىلىۋەتكۈدەك كۈچى بار ئوغۇل باللار، يەنى ياشلار، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا خۇشاللىق، مەغرۇرلۇق ۋە غەزەپلىنىش ئالامەتلىرى ئايرىلىشىپ كەتكەن. غەلىبىگە بولغان ئىشەنچ، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش شولىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەنە قاراڭ! مەغرىپ تەرەپتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئات، ئېشەكلەرگە مىنىپ، بەزىلىرى پىيادە يۈرۈپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىشمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېنىك پىلىموت، ئاپتومات، تاپانچا، مىلتىقلار بىلەن، بەزىلىرى توقماق، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئورغاق - پالتا قاتارلىقلار بىلەن قوراللانغان.

توپتىكى كىشىلەر ئۇلارنى خۇددى يېقىن قېرىنداشلىرىدەك قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالىدۇ. تېخى بەزىلىرى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي مەشرىق تەرەپتىنمۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بايىقىلاردەك كېلىپ توپقا قوشۇلىدۇ، ئۇلارنىمۇ توپتىكىلەر بايىقىدەكلا قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى خۇشال ۋە مەغرۇر قىياپەتتە باھا-
ۋۇدۇن يۇسۇپكە قاراپ:

— كۈچ ئۆملۈكتە دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان، مانا ئەمدى ئادەملىرىمىز بارغانسېرى كۆپىيىپ مۆلچەرىمىزدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، — دەيدۇ.

— كېلىشۋاتقانلار يەنە بولۇشى مۇمكىن، بىز پەقەتلا ئۆز كۈچلىرىمىزنى ئوبدان تەشكىللەپ ئىشقا سالالىساقلا، چوقۇم زەپەر قۇچالايمىز! — دەيدۇ باھاۋۇدۇن يۇسۇپ تەمكىنلىك بىلەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولماي! — دەيدۇ ئىمىن زايىت چىرايىغا زەپمۇ ياراشقان بۇرۇتلىرىنى ئېپتىخارلىق بىلەن تولغاپ.

— توغرا! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلايدۇ ئوتتۇرا بوي، ئۆتكۈر كۆزلۈك ئەخمەتنىياز پالۋان.

47

سوقما تام ئىچى، كۈندۈز.

غۇلاچ يەتكۈسىز يوغان قارىياغاچ ئاستىدا ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ھەر قايسى پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ ئۇرۇش پىلانىنى، جەڭ تاكتىكىلىرىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.

— پىلانغا پىكرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئابدۇراخمان مۇھىتى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ.

— پىكرىڭلار بولسا دەڭلار ئاغىنىلەر، بۇ يەردە تارتىنىدىغان ئىش يوق. ھەممىمىز ئوخشاش قوۋم - قېرىنداش ھەم سەپداش! — دەيدۇ باھاۋۇدۇن يۇسۇپ قولىدا جەڭ خەرىتىسىنى يۆگەپ تۇتقان ھالدا كۆپچىلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن ئۇ ئىمىن زايىتقا قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بولغۇدەك ! — دەيدۇ ئىمىن زايىت بۇرۇتتىكى تول-غاپ . ئاندىن كېيىن تەرەپ ــ تەرەپتىن :

— پىكرىمىز يوق !

— قوشۇلىمىز ! — دېگەن سادالار كەينى ــ كەينىدىن جاراڭلايدۇ .

## 48

ئورۇمچى ، قوماندانلىق شتابى ، كۈندۈز .

سۇڭ گېنېرال ئىشخانىسىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، تا-ماكىسىنى ھېلىدىن ــ ھېلىغا پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئۇيان ــ بۇيان ماڭماقتا . دەل شۇ چاغدا كاتىپ كىرىپ كېلىدۇ .

كاتىپ : ماشىنا تەييار بولدى !

سۇڭ گېنېرال : ياخشى !

كاتىپ ئىنتىك بېرىپ ئاسقۇدىكى شەپكىنى ئېلىپ سۇڭ گېنېرالغا ئەدەپ بىلەن ئۇزىتىدۇ .

سۇڭ گېنېرال شەپكىسىنى كىيىپ ئىشىككە قاراپ ئىنت-تىك ــ ئىنتىك ماڭىدۇ .

## 49

قوماندانلىق شتابىنىڭ قورۇسى ، كۈندۈز .

ئىسكەتلىك بىر قارا پىكاپ ھەشەمەتلىك بىنا ئالدىغا كې-لىپ شاپپىدە توختايدۇ .

سۇڭ گېنېرال بىنا ئىچىدىن سۈرلۈك قىياپەتتە چىقىپ پىكاپقا ئولتۇرىدۇ . پىكاپ يېنىك قوزغالغاندىن كېيىن قايرىلىپ يۈرۈپ كېتىدۇ .

## 50

كوچا، كوندۈز.

پىكاپ قاراماي ياتقۇزۇلغان چوڭ رەستە كوچىدا غۇ-يۇلداپ كەلمەكتە. پىكاپ ئىچىدە ئارقىغا يۆلىنىپ خىيالچان ئولتۇرغان سۇڭ گېنېرالنىڭ كۆزلىرىدىن تەرسالىق، ھىيلىگەر-لىك، زالىملىق ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ: ئەمدى ئىشنى ئۆزۈم خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرالايدىغان بولدۇم.

## 51

زالنىڭ سىرتى، كوندۈز.

پىكاپ يان تەرەپتىن زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇدۇل كې-لىپ توختايدۇ. سۇڭ گېنېرال پىكاپتىن چۈشىدۇ. ئۇ ئىككى يېنىغا مەگدىگەندەك قارىۋېتىپ، زال ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 52

مەجلىس زالى، كوندۈز.

جىددىي ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا ئىشتىراك قىلىدىغانلار ئاساسەن كېلىپ بولغانىدى. سۇڭ گېنېرال جايىغا كېلىپ ئول-تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ قويۇلغان ئۇزۇن شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇشقان ھەربىي ئەمەلدارلارغا سىنچى كۆزىدە بىر قۇر قاراپ چىقىدۇ. ئۇلار: چىڭخەي ئۆلكىسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاتلىق 5 ـ كورپۇس باشلىقى ماچېڭشاڭ، 78 ـ كورپۇس باشلىقى يې چىڭ، 46 ـ دېۋىزىيە باشلىقى لوشورىن، تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شا-زىچاڭ، باش قوماندان شتاب باشلىقى شېن چىڭ، شتاب باش-

لىقىنىڭ مۇئاۋىنى لىۇ كەيجاڭ قاتارلىقلار ئىدى.

سۇڭ گېنېرال قەھرى – غەزەپ بىلەن سۆزلىمەكتە:

— ئابدۇراخمان تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرخىل تەشكىلىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. يېزىنى بازا قىلىپ يوشۇرۇن قوراللىنىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىزگە تەھدىت سالماقتا. ئۇلار ھازىر سىڭگىم ئېغىزىدىكى قىسىملارنى قورشىۋاپتۇ. كوممۇنىستىمۇ پارتىزانلار ھەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپتۇ...

يى چىڭ غەزەپتە يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ سۇڭ گېنېرالغا قاراپ:

— ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ۋاقتىدا ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! — دەيدۇ.

ماچىڭشاڭ: مېنىڭچە، ئەدىپىنى قانچە چاپسان بەرسەك شۇنچە ياخشى!

سۇڭ گېنېرال سۆزلىمەكتە:

— ئۇلارنى قەتئىي باستۇرۇشىمىز، تەلتۆكۈس تازىلىشىمىز كېرەك.

1. سىڭگىم ئېغىزى ۋە كوممۇنىستىكى قىسىمغا قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىڭلار دەپ تېلېگراممىا بېرىش كېرەك.

2. توخسۇندىكى يى چاڭشۇنىڭ ئاتلىق پولكىغا دەرھال سىڭگىم ئېغىزىغا بېرىپ پارتىزانلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش كېرەك.

3. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 – دىۋىزىيە باشلىقى مۇئېروغا سىڭگىمدىكى پارتىزانلارنى باستۇرۇشقا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا تېلېگراممىا بېرىش كېرەك!

4. قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 – دىۋىزىيە باشلىقى جۇڭ زوپىڭغا كوممۇنىستىكى پارتىزانلارنى يوقىتىشقا بىر پولك ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5 . ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 46 ــ دىۋىزىيىگە دەرھال داۋانچىڭغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش كېرەك .

6 . جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ھوشيار تۇرۇشقا ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش شەپىسى كۆرۈلگەن ھامان دەرھال باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش كېرەك .

سۇڭ گېنېرالنىڭ ئاتىنىڭكىدەك سوزۇنچاق يۈزىدە ھىجىيىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ ، ئۇنىڭ ياۋۇز ئەپت ــ بەشىرىسى ئېكراندا تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ .

## 53

چۆل ــ جەزىرە ، ئەتىگەن .

زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ۋە سىڭگىم ئېغىزىنى قوغداۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ماچىڭشاڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ كۈنچىقىشقا قاراپ ھەيۋە بىلەن كەلمەكتە .

## 54

چۆل ــ جەزىرە ، ئەتىگەن .

گومىنداڭنىڭ تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى سىڭگىم ئېغىزى تەرەپكە قاراپ شىددەت بىلەن كەلمەكتە .

## 55

تاغ ئارىسى ، ئەتىگەن .

قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 ــ دىۋىزىيىگە قاراشلىق بىر

پولك ئەسكەر چۈشكەن ماشىنىلار يىلان باغرى ئاشىپولدا ھەدەپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلمەكتە.

## 56

چۆل — جەزىرە، ئەتىگەن.

قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 — دىۋىزىيىنىڭ برونېۋىك ماشىنىلىرى، زەمبىرەك سۆرىتىلگەن ماشىنىلىرى بىر — بىرىگە ئۇلىشىپ ھەيۋە بىلەن كەلمەكتە.

## 57

سىڭگىم ئېغىزى، ئەتىگەن.

1947 — يىلى 13 — ئىيۇل.

بوراندا جەڭ راسا قىزىپ كېتىدۇ، پارتىزانلار ئۆزۈم تاللىرىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ۋەتەن، خەلق، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلماقتا.

قاتار سەپ بولۇپ ياتقان پارتىزانلار دۈشمەنگە قارىتىپ ھەدەپ ئوق ئۈزمەكتە. قولىدا قورالى بارلارغا قورالى يوقلىرى ئوق يەتكۈزۈپ بەرمەكتە، نىشان كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئۇلار:

— ئات، ئوبدان ئاتتىڭ، مېڭىسىنى چۇۋۇۋەت! — دەپ ئىلھام، مەدەت بەرمەكتە.

## 58

سىڭگىم ئېغىزى، ئەتىگەن.

ئوق — دورا، قورال — ياراغ بىلەن تولۇق تەمىنلەنگەن دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. قورقۇپ — ھودۇقۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر ئوقنى قالايمىقان ئاتماقتا. ئۇلارنىڭ تەلەتلىرىدىن قورقۇش، ئالاقزادىلىك ئالامەتلىرى مانا مەن

دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

## 59

سىڭگىم ئېغىزى، ئەتىگەن.

ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز، ناسىر، ھېۋىل پالۋان قا-تارلىق مەرگەنلەر دۈشمەننى دەل جايىدا نىشانلاپ ئېتىپ، بىر تال ئوقىنىمۇ زايە كەتكۈزمەي، دېگەن يېرىگە جايىدا تەگكۈزمەكتە.

— ئىمىن زايىت ئاكا، سەن خوجىنىياز ھاجى — مەخ-سۇت مۇھىتى قوشۇنىغا قاتناشقان كونا ئىنقىلابچى، داڭدار يىگىت، ئۇستا مەرگەنسەن، پۇخادىن چىققۇچە ئېتىۋال، ئې-زىلگەن، خورلانغان تۇرپانلىقلار نامىدىن كۆچۈڭنى، بىگىسىڭنى راسا بىر كۆرسىتىپ قوي، مەن ئاتاي دېسەم، ھەرقانچە قىل-سامۇ سېنىڭچىلىك ئاتالمايدىكەنمەن! — دېدى ئىمىن زايىت بىلەن ئەخمەتنىيازنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارغا ئوق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان 15 — 16 ياشلار چامىسىدىكى ياش يىگىت ئابلىز مۇھىتى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەڭگە بې-رىلگەن ئىمىن زايىتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئابلىز مۇھىتى ھې-لىقى گەپلەرنى قايتىلاۋەرگەندىن كېيىن:

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ئۇدۇل قارىغىنىچە ۋارقىرىدى ئىمىن زايىت.

ئابلىز مۇھىتى ئۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ ئەمدى ئەخمەتنىياز ئىبراھىمغا قاراپ:

— ئەخمەتنىياز ئاكا، سەن يۇرتىمىزدىن چىققان ئىبرا-ھىم تۇەنجاڭنىڭ ئوغلىغۇ سەن؛ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بوش كەلمە، زادى بوش كەلمە جۇمۇ، مەن سېنىڭ ئوق ئېتىپ 100 مېتىر نېرىسىدا دانلاۋاتقان چۆجىنى سوقۇۋەتكەنلىكىڭنى ئۆز

كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، سەن ئەنە شۇنداق ئۇستا مەرگەن. ئەمدى سېنىڭ مەرگەنلىك ھۈنىرىڭنى قىلچە ئايىماي كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى! — دەيدۇ.

— ۋاي - ۋۇي، بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتىڭغۇ ئوكام! — دەيدۇ ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئىتتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ.

## 60

سىڭگىم ئىغىزى، كۈندۈز.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەجەل قۇچىقىدا. ئوق بەزىسىنىڭ قولىقىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، بەزىسىنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىدۇ، بەزىسىنى كەينىگە ئوڭدا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. چېرىكلەر ئاكوپ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ روھى چۈشكۈن ھالدا غۇلغۇلا قىلىشىدۇ:

چېرىك ئا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىلىلىي ئارمىيە بار ئوخشىمامدۇ؟

چېرىك ب: شۇنداقمىكىن يا؟ چۈنكى، بىر ئاددىي دېھقاننىڭ قولىدىن مۇنچىلىك ئىشلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى زادى يەتمەيدۇ دېگىنە؟!...

ئۇلارنىڭ شۇ گەپنى دەپ بولۇشىغا ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار بىرىنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىدۇ.

## 61

سىڭگىم ئىغىزى، كۈندۈز.

پوتەي ئۈستىدىن بىر چېرىك بېشىنى ئانچىكى چىقىرىپ پارتىزانلارغا قارىشىغا، ناسىر مەرگەن ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەن

جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىدۇ .

— ياشاپ كەت ئاكا ! — گۈلنزور ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ .

## 62

سىڭگىم ئېغىزى ، چۈشتىن كېيىن .

قۇرۇپ كەتكەن ئۆستەڭلەر ، سۇ ، سۇ دەپ زارىقىپ قاقشاۋاتقان يارىدارلار ، ئاغزى قۇرۇپ ، گەز باغلاپ كەتكەن ئەرلەر ، تىلىنى تامشىۋاتقان جۇگان ـ قىزلار . . . يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئېكراندا بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىلىدۇ .

## 63

كەنت ئىچى ، چۈشتىن كېيىن .

ياشانغان ئەرلەر ، ئاياللار ۋە باللار سۇ قاچىلانغان قاپاقلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ، چۆگۈنلەرنى قوللىرىدا كۆتۈرۈپ كەنتتىن سىڭگىم ئېغىزى تېغى تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە .

ئاق ساقاللىق بوۋاي : چاپسان بولايلى ، ئۇلار بىزنى دەپ تومۇز ئىسسىقتا جاپا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟

چار ساقاللىق كىشى : ئۇسسۇزلۇق ئاچلىقتىنمۇ يامان ! ئۇ ئەزىمەتلەرنىڭ باشقا ئىشىنى قىلىپ بېرەلمىسەكمۇ ، سۇيىنى بولسىمۇ ۋاقتىدا توشۇپ بېرەيلى .

ئاق ساقاللىق بوۋاي كەينىدە كېلىۋاتقان باللارغا قاراپ ئۇنلۇك ئاۋازدا :

— باللىرىم ، چاپسان بولۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرايدۇ .

شۇ گەپتىن كېيىن باللار ئاجايىپ تېز سەگەكلىشىدۇ ، بەزىلىرى يوغان ـ يوغان چامداپ قەدىمىنى تېزلەتسە ، بەزىلىرى دولىسىغا ئارتىۋالغان بوغما قاپاقنىڭ يىپىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ،

خۇددى تۆگىدەك سوكۇلداپ مېڭىشقا باشلايدۇ.

## 64

سىڭگىم ئېغىزى، چۈشتىن كېيىن.
جەڭ مەيدانىدىكى پارتىزانلار قاپاق، چۆگۈنلەردىكى سۇنى بەس ـ بەس بىلەن ئىچىشىپ هۇزۇرلىنىپ، ئۇھ! دەيدۇ.
چېرايلىرىغا تەبەسسۇم كۈلكىلىرى يۈگۈرىدۇ.

## 65

سىڭگىم ئېغىزى، سەھەر.
جەڭ دەھشەتلىك، جىددىي داۋام قىلماقتا.
پارتىزانلار باتۇرلۇق بىلەن ئېتىشماقتا.
دۈشمەنلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قاچماقتا.
دەل شۇ پەيتتە ئىمىن زايىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:
ــ ئاتاكا! ــ دەپ ۋارقىراپ پارتىزانلارنى هۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇيدۇ.
ــ هۇررا! ــ پارتىزانلار شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ.
چېرايلىرىدىن قەتئىيلىك، باتۇرلۇق ۋە ئىشەنچ نامايان بولۇپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ ئاتاكىغا ئۆتكەن چاغدىكى جەسۇرانە قىياپىتى ئېكراندا ئاجايىپ هەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ.

## 66

سىڭگىم ئېغىزى، پوتەي ئىچى، چۈشتىن بۇرۇن.
چىنىك لىيەنجاڭ بىچارە قىياپەتتە، قورقۇش ئىلكىدە تىترەپ سۆزلەش ئەسۋابى ئارقىلىق هەدەپ يۇقىرىدىن ياردەم سورايدۇ:
«ۋەي، ۋەي، بىزگە ياردەم، بىزگە ياردەم كېرەك،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسيانچىلار ھەدەپ بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز تەڭ كېلەلمەيۋاتىدىمىز.. . بىزگە ياردەم تېزرەك كەلسۇن. ئىستىھكامنى چېك تۇتۇپ قوغداڭلار دەۋاتامسىز؟ بىز شۇنداق قىلىۋاتىمىز. بىراق، ئۇلار ھازىر شىددەت بىلەن ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىۋاتسا، بىزدە نېمە ئامال بار دەيسىز؟.. . بىزگە ياردەم كېرەك.. . ھە، ھە، بولىدۇ.. . بولىدۇ.. .»

چېك لىيەنجاڭ قولىدىكى سۆزلەش ئەسۋابىنى تاشلاپ قويۇپ، بېشىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە پوتەي ئىچىدە ئەسەبىيلىك بىلەن ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان ماڭىدۇ.

## 67

سىڭگىم ئېغىزى، كۇندۇز.

پارتىزانلار «ۋەتەن ئازادلىقى ئۇچۇن ئالغا!» شوئارى ئاستىدا «ھۇررا!» توۋلاپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، دۈشمەن پوتەيىدىن تۇيۇقسىز پىلىموت ئوقى ئېتىلىدۇ.

پارتىزانلاردىن بىر مۇنچىسى ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلىدۇ. ئىمىن زايىت دەرھال:

— قېرىنداشلار، يېتىۋېلىڭلار! — دەپ ئۇنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايدۇ. پارتىزانلار يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالىدۇ.

ئابدۇگۇل ئىسىملىك بىر قەيسەر يىگىت ئىمىن زايىتنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىككەن ھالدا:

— ئىمىن زايىت ئاكا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، مەن بېرىپ دۈشمەننىڭ پوتەيىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي! — دەيدۇ.

ئىمىن زايىت قەلبى ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان بۇ قەيسەر يىگىتكە سىناش نەزىرىدە باشتىن - ئاياغ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— يارايسەن، بارغىن! — دەيدۇ.

چەكسىز غەزەپكە كەلگەن پارتىزانلار شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتمەكتە. ئۇلار توۋلىغان «ئالغا، ھۇررا!» سادالىرى پەلەكتە ياڭراپ، يەر ــ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

## 69

سىڭگىم ئېغىزىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، كۈندۈز.

ئېلى قارىي پارتىزانلارنىڭ ئامانلىقىغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇ دۇئادىن كېيىن قولىنى چۈشۈرۈپ:

ــ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! ــ دەيدۇ.

ئېلى قارىي باشچىلىقىدا سىڭگىم، مۇرتۇق پارتىزانلىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

## 70

سىڭگىم ئېغىزىنىڭ ئىچكىرىسى، كۈندۈز.

ئېغىزنىڭ ئىچكىرىسىگە ئورۇنلاشقان مۇستەھكەم پوتەينىڭ ئۈستىدە تۇساتتىن بىر تەتەي ئاق بايراق كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بولىدۇ. ئاق بايراقنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغان ھېۋىل مەرگەن ئۇ تەتەينى بىر پاي ئوق بىلەن ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

تەتەي قىيا ــ چىيا ئىچىدە پوتەينىڭ كەينى تەرىپىگە تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

## 71

پوتەي ئىچى، كۈندۈز.

چىڭ ليەنجاڭ تەتەيىنىڭ قىيا ــ چىيا ئىچىدە پوتەي ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلىپ، تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ:

— ئېتتىگلار ! راۋۇرۇس ئېتتىگلار ! تەسلىم بولغىنىمىز-دىن ئۆلگىنىمىز تۈزۈك ! — دەيدۇ .

## 72

سىگگىم ئېغىزى ، كۈندۈز .

پوتەيدىن توختاۋسىز پىلىموت ئېتىلماقتا .

پارتىزانلار داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قېلىپ ، ئانا يەرگە باغرىنى يېقىپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولماقتا . دۈشمەن پى-لىموتى داۋاملىق سايرىماقتا .

پالۋان يىگىت — گولىزور بىر قولىدا سۇغا چىلانغان ئۇچىلىق - توقۇمنى قالقان قىلىپ تۇتۇپ ، يەنە بىر قولىدا ئاپ-تومات تۇتقان هالدا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ دۈشمەن پوتىيىگە يېقىنلاپ بارىدۇ . ئۇ ئورنىدىن چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ پوتەي ئىچىگە ئاپتوماتتىن باتۇرلۇق بىلەن ئوق ياغدۇرىدۇ .

ئاپتوماتتىن ئوق ئېتىۋاتقاندا ئۇ سانسىز ئوق ئىچىدە قې-لىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ .

## 73

چۆل ، ئەتىگەن .

ماچىڭشاگىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە .

ما تۇەنجاڭ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، سۇرئىتىنى ئاس-تىلىتىدۇ ، ئاندىن يېنىدىكى ئەسكەرگە :

— ئەمدى يېشىل بايراقنى چىقار ، ئۇلار ئۆز ئادەملىرىمىز كېلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالسۇن ! — دەيدۇ .

— خوپ ! — ئەسكەر يېشىل بايراقنى چىقىرىدۇ .

يېشىل بايراق لەپىلدەپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

## 74

سىڭگىم ئىغىزى ، ئەتىگەن .

تۇرپان تەرەپتىن يېشىل بايراق كۆتۈرۈپ مۇشۇ تە-رەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرگەن پايتىمزانلار ھەيران قېلىشىدۇ .

ھېۋىل مەرگەن : بىزگە ياردەمگە كېلىۋاتقانلار ئوخشىمامدۇ ؟

ناسىر مەرگەن : ئۇنداق بولۇشى ناتايىن .

سىدىق خەلپە : قانداقلىقى يېقىنلىراق كەلگەندە مەلۇم بولىدۇ .

ئوقۇتقۇچى ئەزىز قۇربان : دۈربۇن بولسىمۇ كۆرۈپ با-قاتتۇق ، دۈربۇندا ئاسانلا مەلۇم بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

## 75

سىڭگىم ئىغىزى ، كۈندۈز .

يېشىل بايراق كۆتۈرۈۋالغان ماچىڭشاڭنىڭ قوشۇنلىرى شۇ كەلگىنىچە كېلىپ ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ، قېرى — ياش ، ئەر — ئايال ، ھەتتا نارەسىدە بالا دېمەي ئوققا تۇ-تىدۇ ، قىلىچ بىلەن چاپىدۇ ، ئاتلىرىغا دەسسىتىدۇ .

بۇ ئانا تۇپراق بىردەمدىلا قۇزغۇنلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىدا دەپسەندە قىلىنىدۇ .

قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ساينىڭ تېشىدەك ياتىدۇ .

## 76

تاغ باغرىدىكى يول ، كۈندۈز .

ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار سىڭگىم ئېغىزىدىن چىكىنىپ ، لۇكچۇن تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاچ ، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ .

دۈشمەنلەردىن خېلى كۆپى ئەجەل قۇچۇپ ئۆلىدۇ . پارتىزانلاردىنمۇ قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ .

## 77

جىرا ، كۈندۈز .

ئىمىن زايىت ، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم باشلىق ئون نەچچە كىشى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىدۇ .

ئات ئۈستىدە ئاپتومات ئېتىپ كېلىۋاتقان بىر دۈشمەننى ئىمىن زايىت يىراقتىن ئېتىپلا تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتىدۇ . ئەخمەتنىياز ئىبراھىم يەنە بىر ئاپتومات ئېتىۋاتقان دۈشمەننى ئېتىپ ، يەر چىشلەتكۈزىدۇ . خېلىل سوجاك ، ناسىر مەرگەن ئاتقان ئوقلاردىمۇ بىر نەچچە دۈشمەن ئۆلىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر داۋاملىق قوغلاشتىن يالتىيىپ ئارقىغا يانىدۇ .

پارتىزانلار ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ .

## 78

سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شىمالىي تەرىپى ، كۈندۈز .

لەمجىن ، خاندو ، جۇۋانقىر ، مۇرتۇق ، سىڭگىم پارتىزانلىرى مەيۇس قىياپەتتە چېكىنمەكتە . بەزىلىرىنىڭ بېشى تېڭىلغان ، بەزىلىرىنىڭ قولى بوينىغا ئېسىلدۇرۇلغان .

ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئاپتوماتتىن تارتىپ ، تاياق — توق-

ماقلارغىچە بار بولۇپ ، چىرايلىرىدىن چارچاش ، ھارغىنلىق ، مەيۈسلىنىش ئالامەتلىرى سېزىلمەكتە .

## 79

سىڭگىم ، مەتنىيازھاجىنىڭ قورۇسى ، كۈندۈز .

چېكىنىپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار قۇمۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز دۇچ كېلىپ قېلىپ ، جىددىي جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ .

ساقچى كىيىملىرى بىلەنلا جەڭگە كىرگەن كېرەم ھاپىز ، ئېلى پولات ، يولۋاس غوجەك قاتارلىقلار ئاممىغا باش بولۇپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ . ئۇلار بىرەر تال ئوقنىمۇ زايە قىلماي ، ياۋۇز دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ .

پارتىزانلار سېپىدىن « ۋەتەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ! » دېگەن يۈرەكنى تىترىتىدىغان سادالار ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇشقۇن ياڭراپ تۇرىدۇ .

## 80

قورۇ يېنى ، كۈندۈز .

كېرەم ھاپىز ئوق تەگكەن پۇتىنى سۆرەپ يۈرۈپ ، بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە ئاپتوماتتىن داۋاملىق ئوق ئۈزسە ، يەنە بىر تەرەپتىن كەينىگە قاراپ سەپداشلىرىغا :

— بۇرادەرلەر ، مەن سىلەرنى قوغداپ تۇراي ، چېكىنىڭلار ! — دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ .

يولۋاس غوجەك : سەن چېكىن ، مەن قوغداپ تۇراي .

ئېلى پولات : ياق ، مەن قوغدايمەن .

كېرەم ھاپىز : بولمايدۇ ، مەن يارىدار بولدۇم ، بەربىر چېكىنەلمەيمەن ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىڭلار ! تېز چېكىنىڭلار !

## 81

قورۇ يېنى، كۈندۈز.

كېرەم هاپىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلماقتا.

دۈشمەن شىددەت بىلەن ئوت ئېچىپ بارغانسېرى يې-
قىنلاپ كەلمەكتە.

كېرەم هاپىزنىڭ دولىسىغا، مەيدىسىگە ۋە يانپىشىغا ئارقا ــ ئارقىدىن ئوق تېگىدۇ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى قالغاندا: « ياشىسۇن ئازادلىق !» دەپ يەرگە يىقىلىدۇ.

## 82

يول، كۈندۈز.

ئېلى پولات، يولۋاس غوجەك قاتارلىق پارتىزانلار كوك-
يار تەرەپكە قاراپ چېكىنمەكتە.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن دۈشمەنلەر ئەسەبىيلەرچە قوغلاپ كەلمەكتە.

## 83

چاتقاللىق، كۈندۈز.

ئېلى پولاتنىڭ چېپىپ كېلىۋاتقان ئېتىغا ئوق تېگىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ چاتقاللىققا كىرىۋالىدۇ.

## 84

كارىز، كۈندۈز.

ۋەھشىي دۈشمەنلەر ئېلى پولات، يولۋاس غوجەك قاتار-
لىقلارنى تۇتۇپ كېلىپ، كارىز بېشىدا چېپىپ، جەسىتىنى كا-
رىزغا تاشلىۋېتىدۇ.

## 85

كەنت ، گۇگۇم .

كەنت ــ مەھەللىلەردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دېھقانلار-نىڭ قوي ــ كالىلىرىنى قورۇلىرىدىن بۇلاپ ئاچىقماقتا .

بۇ ۋەھشىي دۈشمەنلەر دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ھەدەپ ئوت قويىدۇ ، ئوت بارغانسېرى ئەتراپقا يامراپ ، ھەممە يەر ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ .

## 86

چۆل ــ جەزىرە ، كۈندۈز .

يەر شەكلى ئوي ــ دۆڭ يەرلەردە چېكىنىپ يۈرگەن ئاتا-لىق پارتىزانلار ئۇ يەر ــ بۇ يەردە توپ ــ توپ كۆرۈنىدۇ .

توپتىكىلەر كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىدىن ئۆزئارا بىر ــ بىرىگە گەپ ــ سۆزمۇ قىلماي ، ئاتلىرىنى بىر خىلدا چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ، پات ــ پات نەزىرىنى ئۇزاقلارغا ، قەد كۆتۈرۈپ تۇر-غان تاغلارغا تاشلاپ قويۇشىدۇ .

## 87

چۆل ــ جەزىرە ، كۈندۈز .

پارتىزانلار بىر توپتىكىلەر بىر توپقا يېتىشىۋېلىپ ، ئۇلارغا يەنە بىر توپ قوشۇلۇپ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا .

## 88

ئۆتەڭ ، ئەتىگەن .

پارتىزانلار سايدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشىدۇ . ئاب-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۈسۈپ بىردىن قورام تاشنى ئورۇندۇق قىلىشقان.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ھەرقايسى شۆبە ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يوقلىما قىلغاندا، ئىمىن زايىتنىڭ تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىچى تىتىلداپ كەتكەن ئابدۇراخمان مۇھىتى:

— ئەخمەتنىياز ئىبراھىم! — دەپ چاقىرىدۇ.

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم: (ئورنىدىن تۇرۇپ) بار.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: سىز تۆيۇق، ياڭخى كارىز، لۈكچۈن پارتىزانلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇڭ! ئاڭغىچە ئىمىن زايىت ئاكامۇ كېلىپ قالار؟!

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم: خوپ، بولىدۇ.

دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بىر قىسىم ئاتلىقلارنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تۇرسۇن سىدىق: (خۇشال ھالدا) ئەنە ئىمىن زايىت ئاكامۇ كېلىپ قالدى.

كۆپچىلىك شۇ تەرەپكە قارىشىدۇ، ئىمىن زايىت 20 — 30 كىشىنى باشلاپ ئاتلىق كېلىپ، ئاتلىرىدىن خۇشال — خۇرام ھالدا چۈشىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى، باھاۋۇدۇن يۈسۈپلەر شۇ تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز داۋۇت قاتارلىقلار كېلىپ ئابدۇراخمان مۇھىتى، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىقلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

شۇندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي پىچان، لەمجىن پارتىزانلىرىدىن ئاۋۇت رەئىس، نىياز سېيىتنىياز قاتارلىقلارمۇ كېلىپ قوشۇلىدۇ.

كۆپچىلىك ئۇلارنىمۇ چاۋاك چېلىپ، خۇشاللىق تەنتە-

نىسى ئىچىدە قارشى ئالىدۇ ، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش توپ ئىچىگە سۇ قۇمغا سىڭگەندەك سىڭىپ كېتىدۇ .

**89**

ئۆتەك ، ئەتىگەن .

قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن چاغ ، بۇ يەر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولغاچقا غۇر - غۇر شامال چىقىپ تۇرىدۇ .

پارتىزانلار زېھىن قويۇپ ئولتۇرۇپ ئابدۇراخمان مۇھەتتىنىڭ سالماق ، جۇشقۇن ، تەمكىنلىك بىلەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالماقتا :

— خەلقىمىز ئۇلۇغ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەشكە ئاتلاندى . سىلەر بۇ كۆرەشتە جاپادىنمۇ ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي ئاجايىپ زور قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتىڭلار . مەن خەلقىمىز نامىدىن ، ئىنقىلابىمىز نامىدىن سىلەرگە رەھمەت ئوقۇيمەن .

بۇ ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك سۆزلەر شەنىگە ئالقىشلار ياڭراپ ، تاغۇ تاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : بىزنىڭ بۇ شانلىق كۆرۈشىمىز كەلگۈسىدە خەلقىمىزنىڭ ئۆچمەس تارىخىغا ئالتۇن قەلەملەر بىلەن يېزىلىدۇ .

كۆپچىلىك : هۇررا ! هۇررا ! هۇررا !

ئىمىن زايىت : ياشىسۇن ئەركىنلىك !

كۆپچىلىك : ياشا ، ياشا ، ياشا !

ئاۋۇت رەئىس : ياشىسۇن باتۇر خەلقىمىز !

كۆپچىلىك : ياشا ، ياشا ، ياشا !

ئابدۇراخمان مۇھىتى : كۆپچىلىككە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ قويۇپ ، سۆزىنى داۋام قىلدۇرىدۇ :

— لېكىن ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلگۈدەك قور-

قوُپ كېتىپ ، باتۇر خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئۇچۇن قوزغىلىشىنى باستۇرۇش ئۇچۇن تۇرپان ۋادىسىدىكى بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىش بىلەنلا قالماي ، مەشرىقتە قۇمۇلدىن ، شىمالدا ماناس ، قۇتۇبى ، ئۈرۈمچىدىن ، جەنۇبتا قاراشەھەر ، كورلىدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ كېلىپ بىزگە قارشى تۇردى . شۇ ۋەجىدىن بىز ۋاقتىنچە چېكىنىدۇق ، بىز بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىپ كەتمەيلى ، بىز يەنىلا غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك .

كۆپچىلىك : غەيرەت قىلىمىز ! جەزمەن غەيرەت قىلىمىز !

ئابدۇراخمان مۇھىتى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن يەنە مۇنداق دەيدۇ :

— بىز ئاخىرىدا چوقۇم غەلىبە قىلىمىز ، چۈنكى بىز ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەققانىي كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز ، ھەققانىي كۈرەش بەرىبىر غەلىبە قىلىدۇ ، خۇددى دانا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقاندەك بىزنىڭ يولىمىز ئاق ، ئىستىقبالىمىز پارلاق ! . . .

گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرايدۇ .

90

ئۆتەك ، كۈندۈز .

پارتىزانلار غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزئارا مۇزاكىرىگە چۈشىدۇ ، بىرئامال قىلىپ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ ، مىللىي ئازادلىق ئارمىيىگە قوشۇلۇش ئۇلارغا بىردىنبىر ئىستىقبالدەك تۇيۇلىدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستانە ، قاراغوجىلىقلاردىن سورايدۇ :

— مۇزاكىرە نەتىجەڭلار قانداق ؟

كۆپچىلىك : ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش !
ئابدۇراخمان مۇھىتى ياخشى كارىز ، لۇكچۇنلۇكلەردىن
سورايدۇ :
— سىلەرنىڭچۇ ؟
كۆپچىلىك : مىللىي ئازادلىق ئارمىيىگە قوشۇلۇش !
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ لەمجىن ، پىچان ، سىڭگىملىكلەردىن
سورايدۇ :
— سىلەرچۇ ؟
كۆپچىلىك : بىزنىڭ پىكرىمىزمۇ ئوخشاش !
ئابدۇراخمان مۇھىتى : بەك ياخشى بولدى ، غەيرىتىڭلارغا
باھاۋۇدۇن يۇسۇپ
بارىكاللا !

91

ئۆتەك ، چۈشتىن بۇرۇن .
ئابدۇراخمان مۇھىتى : ئەمدىكى گەپ ئۈچ ۋىلايەتكە قايسى يول بىلەن مېڭىشتا قالدى !
ئىمىن زايىت : شۇنداق ! گەپ مۇشۇنىڭدا قالدى .
ئابدۇراخمان مۇھىتى : بەزىلەر بۇ يەردىن مەشرىققە مېڭىپ ، گۇچۇڭ ئارقىلىق ماڭساق ! دەيدۇ . بەزىلەر ئۇنداق ماڭساق يول ئۇزىراپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولدا ئوسمان باندىتنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمايمىز دېگىلى بولمايدۇ ، ئۇ چاغدا جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، شۇڭا بۇ يەردىن مەغرىپ تەرەپكە مېڭىپ ، يۇلتۇز ئارقىلىق ئىلىغا ئۆتۈپ كەتسەك مۇۋاپىق بولىدۇ ، دېيىشىدۇ . بىز ھەرقايسى ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ يۇلتۇز بىلەن مېڭىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق .
كۆپچىلىك ، سىلەر قانداق قارايسىلەر ؟
كۆپچىلىك : بولىدۇ ! قوشۇلىمىز .

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ: «بولىدۇ» دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار!

كۆپچىلىك بىردەك قول كۆتۈرىدۇ. ئېكراندا كۆتۈرۈلگەن قوللار ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ.

92

ئۆتەك، چۈشتىن بۇرۇن.

ئېكراندا ئاتلىرىنى ئوتلاقتا پۇتىنى چۈشەپ قويغان يېرىدىن يېشىپ، چەبدەستلىك بىلەن مىنىۋاتقان پارتىزانلار ۋە بويۇنلىرىنى سوزۇپ كىشنەۋاتقان ئاتلار كۆرۈنىدۇ.

93

ساي، چۈشتىن كېيىن.

تاشلىق سايدا چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ، ئاتلىرىنى بىر-خىل سۈرئەتتە سوكۇلدىتىپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار ئېكراندا يان ۋە ئارقا تەرەپتىن كۆرۈنىدۇ.

ئۇلارنىڭ تەڭ نىسپىدە قورال بار، تەڭ نىسپىدە قورال بولمىسىمۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ پارتىزانلارنىڭ چىرايلىرىدىن خۇشاللىق ۋە مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى قايتىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئىمىن زايىت ئۆزى بىلەن يانمۇ يان كېلىۋاتقان باھاۋۇ-دۇن يۈسۈپكە كۆلۈمسىرەپ قاراپ:

— بىز بۇندىن 15 يىل ئىلگىرى خوجىنىياز ھاجى، مەخسۇت مۇھىتى قوشۇنىدا مانا مۇشۇنداق ماڭغانىدۇق. لېكىن ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، قوراللىرىمىز ھازىرقىدىن ئون ھەسسە دېگۈدەك ئارتۇق ۋە خىل ئىدى.

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

94

چاتقال، كۆندۈز.

بەلەن قىرائەت قىلغان ئاۋازلار لەرزان ئاڭلىنىدۇ.

ئېلى قارىي مەشرىققە قاراپ دۇئاغا قول كۆتۈرمەكتە، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇزنەچچە ئادەممۇ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ.

ئۇلار دۇئادىن قوللىرىنى چۈشۈرۈشۈپ، مەشرىق تەرەپكە قاراپ تەلمۈرمەكتە، ئابدۇراخمان مۇھىتى باشلىغان پارتىزانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە.

ئېكراندا كېلىۋاتقان ئابدۇراخمان مۇھىتلار بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان ئېلى قارىيلار تېز ـ تېز ئالمىشىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئېلى قارىي، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابلىمىت شېرىپى قاتارلىق پارتىزانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەپداشلىرى بىلەن ھاياجان ئىلكىدە كۆرۈشىدۇ.

95

ئۆي ئىچى، چۈشتىن كېيىن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپ بىر ئادەمنىڭ باشلىشى بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ، ھېلىقى ئادەم مېھمانلارغا كۇلۇمسىرەپ بىر قارىۋېتىپ، پەگادىكى بىر گەمىنىڭ ئاغزىنى ئاستا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەردىن بىرسى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. بىر قاراش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋايىتجان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ۋايىتجانغا مەسخىرە بىلەن قاراپ:

— باتۇر دېگەن مۇشۇنداق بولامدىكەن؟... — دەيدۇ.

ۋايىتجان : سىلەر ئىنقىلاب قىلمىغاندىكىن ، ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن ؟

باھاۋۇدۇن يۇسۇپ : ئىنقىلاب قىلمىغان سەنمۇ ياكى بىزمۇ ؟ بىز ساڭا ئوخشاش مۆكۈنۈۋالمىغاندىمىز ؟ . . . قورقۇنچاق دەپ مانا ساڭا ئوخشاشلارنى دېسە بولىدۇ !

ھېلىقى ئادەم : بۇ ئەپەندى سىلەرنىڭ يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈپ ، دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ ، دەپ ھېلىراقتا بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانتى !

ۋايىتجان ئوڭايسىزلىنىپ قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ .

96

قورۇ ، چۈشتىن كېيىن .

ۋايىتجان : سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار بولسا ، مېنىڭمۇ ئادەملىرىم بار .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : قېنى ئۇ ئادەملىرىڭ ؟

ۋايىتجان ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۇسۇپنى باشلاپ بىر قورۇغا كىرىدۇ .

ئۇ يەردە مەڭلىك ھاجى ئىسىملىك يوغان سەللە يۆگىۋالغان بىر كىشى ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئوپۇر — توپۇر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ .

شۇ ئەسنادا ۋايىتجان ئۆزى ئورۇمچىدىن بىللە ئېلىپ كەلگەن يۇسۇپجان يوغان باش دېگەن كىشىنى ھەش — پەش دېگۈچە نېرى ئاپىرىپ تاپانچا بىلەن ئېتىۋېتىدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : بۇ نېمە ئىش ؟

ۋايىتجان : ئۇ گومىنداڭ ئىشپىيونى ، مەن ئۇنى ئېتىۋەتتىم .

زۇنۇن : يۇسۇپجان ھەرگىزمۇ ئىشپىيون ئەمەس !

ۋايىتجان زۇنۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى بىر كاچات ئۇردى. زۇنۇن سىمىز يۈزىنى تۇتقىنىچە ۋايىجانغا ھەمىيىپ قاراپ قالدى.

## 97

ئۇرۇمچى – تۇرپان تاشيولى، كېچە.

پارتىزانلارنى پاستورۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئەسكەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى يىراقتىن كۆرۈنىدۇ. تۇرپان تەرەپتىنمۇ شۇ خىلدىكى ماشىنىلار چىراغ يورۇتۇپ كەلمەكتە.

ئىمىن زايىت ئابدۇراخمان مۇھىتىغا تەمكىنلىك بىلەن قاراپ:

— سىز ئادەملىرىمىزنى باشلاپ ماڭغۇچىلىك، مەن بۇ يەردە ئازراق ئادەم بىلەن قېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بېرىپ خۇماردىن چىقىۋالاي! — دەيدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: ئۇنداقتا قانداق بولار؟...

ئىمىن زايىت: سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ ۋەزىپەمنى چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىۋېتىپ، كەينىڭلاردىن يېتىشىۋالىمەن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى باھاۋۇدۇن يۈسۈپكە: سىنىڭچە «شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟» دېگەن مەنىدە قارايدۇ. باھاۋۇدۇن يۈسۈپ باش ئىشارىسى بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ئىمىن زايىتقا:

— بولىدۇ ئەمىسە، شۇنداق قىلىڭ! — دەيدۇ.

بۇ ئىشتىن خۇشال بولغان ئىمىن زايىت:

— خوپ! — دەپ ھەربىيچە سالام بېرىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتىلار داۋاملىق سەپەر قىلىدۇ. ئىمىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

زايىت ئۆزى ئېلىپ قالغان 40 تەك ئادەمنى بەشتىن قىلىپ ، سەككىز ئورۇنغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ دۈشمەنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇ .

ماشىنىلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە . ئىمىن زايىت ئىككى ماشىنىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئۈچىنچى ماشىنا يېتىپ كەلگەندە ئاسمانغا قارىتىپ بەلگە ئوقى بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىش جىددىي باشلىنىپ كېتىدۇ .

شۇنداق قىلىپ پارتىزانلار دۈشمەنلەرنى قەستەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويىدۇ .

بۇ ئەھۋالنى تاماشا قىلىپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ .

ئاۋۇت رەئىس : ئەجەب كاتتا ئىش بولدى !

جېلىل سوجاڭ : بۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال !

بىر ئازدىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ جىددىيلىكى پەسىيىپ ، دۈشمەننىڭ ئازلا ئەسكىرىي كۈچى قالىدۇ . بۇ چاغدا ئىمىن زايىت كۈچىنىڭ بارىچە :

— قېرىنداشلار ، ھۇجۇمغا ئۆتەيلى ! — دەپ ۋارقىرايدۇ .

جېلىل سوجاڭ : ئاتاكا !

پارتىزانلار : ھۇررا !

پارتىزانلار چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلىپ ، دۈشمەننى تېزدىنلا يوقىتىدۇ ، قورال ـ ياراغلىرىنى ئولجىغا ئالىدۇ . ئاندىن ماشىنىلارغا بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋېتىدۇ . ئوت ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋېتىدۇ .

98

تاشيول بويى ، كېچە .

ئىمىن زايىتلار ھايال قالماي ئابدۇراخمان مۇھتىلارغا

يېتىشۋالدۇ ، ھەممەيلەن يىراقتا كۆيۈۋاتقان ماشىنىلارنى بىر مەھەل تاماشا قىلىپ كۆردۇ . قەلبى شادلىققا چۆمگەن ئۇلار :

— ياخشى ، بەك ياخشى بولدى . قانخور نېمىسلارنى ئەجەب ئوبدان جايلىدۇق ! — دېيىشىپ ، ئاتنىڭ بېشىنى بۇرايدۇ .

## 99

بوزجاي ، سەھەر .

كۈنچىقىش تەرەپ قىزارماقتا .

پارتىزانلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كەلمەكتە . ئەمدى ئۇلار تولۇق قوراللانغان ھالدا كۆرۈنىدۇ . چىرايلىرىدىن شاد — خۇراملىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ ، ناخشا باشلىنىدۇ :

ئېغىزلاردا جەڭ قىلغان —
ھاكىم بىلەن ئىمىنجان .
قولىدا تاياق — توقماق ،
شىھىت بولغان ئون بىر جان .

## 100

ئۈرۈمچى ، قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشخانىسى ، كۈندۈز .

25 — ئىيۇل .

سۇڭ گېنېرال غەزەپلەنمەكتە :

— بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ! . . .

ئۇ ئالدىدا تىك تۇرغان ئوفىتسېرغا :

— ئەسكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىنى تەرەپ — تەرەپتىن توسسۇن ، كەينىدىن قوغلىسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ .

## 101

بوزجاي ، چۇشتىن بۇرۇن .
26 ـ ئىيۇل .

توخسۇن تەرەپتىن بىر ليەن گومىنداڭ ئەسكىرى كۆ-رەڭلەپ كەلمەكتە . قارىغاندا ئۇلار بىر ئۇرۇش قىلىپلا غەلىبە قىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى .

يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن ليەنجاڭ يېنىدىكى مۇئاۋىنىغا :

— بۇ نۆۋەت ئوغرىلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ ، خىز-مەت كۆرسىتىدىغان چاغ كەلدى ، — دەيدۇ .

مۇئاۋىن ليەنجاڭ : ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە !

ليەنجاڭ : ناۋادا خىزمەت كۆرسىتىپ قايتساق ، مېنى تۇەنجاڭلىققا ، سېنى مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ قويار ـ ھە ؟ ئۇ « شېرىن » خىيال ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئۆزىچە لەززەتلىنىپ كېتىدۇ .

## 102

بوزجاي ، چۇشتىن بۇرۇن .

پارتىزانلار گويا جەڭدە زەپەر قۇچقان زور قوشۇندەك ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ ، يىراقتىن بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە .

## 103

بوزجاي ، چۇشتىن بۇرۇن .

گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئالدىراش كەلمەكتە . . . ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازدا كۆرۈنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تور ئادرېسى

## 104

بوزجاي، چۈشتىن بۇرۇن.

پارتىزانلار بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەدەپ ئۇرۇش قىلماقتا.

ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئوقلار ھەيۋەتلىك ئېتىلماقتا.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوق زەربىسىدىن ۋايساپ يەر چىشلەيدۇ.

ئىمىن زايىت دۈشمەننىڭ لېيەنجىگىنى نىشانغا ئېلىپ، تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىنى باسىدۇ. ئوق لېيەنجاڭنىڭ كۆكرىكىگە تېگىدۇ.

ئۇ: «ۋايجان» دېگىنىچە ئاتتىن غۇلاپ چۈشىدۇ.

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم مەرگەن گومىنداڭ مۇئاۋىن لېيەنجىگىنىڭ دۈڭ قاپاق پېشانىسىنى نىشانغا ئالىدۇ. ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوق گومىنداڭ مۇئاۋىن لېيەنجىگىنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىدۇ.

پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى لېيەنجاڭ، مۇئاۋىن لېيەنجاڭلىرىنىڭ ئەجەل قۇچقانلىقىنى كۆرۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىشىدۇ.

پارتىزانلار شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

— ئالغا... ! ئالغا... !

— ھۇررا ! ھۇررا !

## 105

كوچەي، چۈشتىن كېيىن.

26 ـ ئىيۇل.

يىراقتىن بىر قورۇ يېقىنلاپ كۆرۈنىدۇ.

بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن كېلىپ جايلىشىۋالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەدەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە ، تەرەپ - تەرەپكە پىلىموتلارنى ئورناتماقتا ، تاش ۋە قۇم قاچىلانغان تاغارلاردىن توساق ياسىماقتا . سوقما تاملاردىن تۆشۈك تەشمەكتە .

## 106

كۇجەي ، چۈشتىن كېيىن .

جىددىي يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار ئالدىدا يولنى توسۇپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ ، يۈرۈش قىلىش قەدىمىنى توختىتىدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ ، دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆرىدۇ . ئاندىن : « كۆرۈپ بېقىڭلار ! » دەپ دۇربۇننى باھاۋۇدۇن يۈسۈپ بىلەن ۋايىتجانلارغا بېرىدۇ . ئۇلارمۇ دۇربۇندا كۆرىدۇ .

ئاندىن ئابدۇراخمان مۇھىتى دۇربۇننى ۋايىتجاننىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا :

— بىر ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلايلى ، بىر قىيىنراق بولغان مەشرىق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلايلى ، مەڭلىك ھاجى بىلەن سىلەر جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىڭلار ! — دەيدۇ .

ۋايىتجان : بولىدۇ .

مەڭلىك ھاجى : شۇنداق قىلايلى .

## 107

كۇجەي ، چۈشتىن كېيىن .

ئۇرۇش شىددەت بىلەن داۋام قىلماقتا . گومىنداڭ پىلىموتىدىن ئوق شىددەت بىلەن ئېتىلماقتا . پىلىموتچىكمۇ خۇددى

ئۆزىنىڭ قالتىس ھۈنىرىگە مەستلىكى كەلگەن كىشىدەك كۆ-
رەڭلەپ ئاتماقتا.

## 108

كۈجەي، چۈشتىن كېيىن.

ۋايىتجان، مەڭلىك ھاجىنىڭ ئادەملىرى بەرداشلىق بې-
رەلمەي چېكىنىدۇ.

ۋايىتجان بىلەن مەڭلىك ھاجىمۇ ھودۇققان ھالدا
چېكىنىدۇ.

## 109

كۈجەي، چۈشتىن كېيىن.

گومىنداڭ يىگىتى پىلىموتچىكقا قىلىچ تەڭلەپ:

— پىلىموتنى ئەمدى ئاۋۇ دۆڭگە يۆتكە، — دەيدۇ.

دەل شۇ چاغ ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئاتقان ئەجەل ئوقى
يىگىتنى يىقىتىۋېتىدۇ.

كەينىدىنلا ساقچى كىيىملىك جىلىل سوجاڭ پىلىموتنى
يۆتكەۋاتقان گومىنداڭ پىلىموتچىكىنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ
ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى ئاپتومات بى-
لەن ئوققا تۇتىدۇ.

ئۇ ئاشۇنداق كېلىشتۈرۈپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، غايىبتىن
كەلگەن بىر نەچچە تال ئوق ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئۇ:

— ياشىسۇن ۋەتەن ئازادلىقى! — دەپ توۋلىغىنىچە
يەرگە يىقىلىدۇ.

## 110

شارغول، گۇگۇم.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىقلار بىر تەرەپ ، ۋايىتجان ، مەگلىك ھاجى قاتارلىقلار يەنە بىر تەرەپ بولۇپ ، جەمئىي ئۈندەك كىشى چىرايلىرىدىن جىددىيلىك ، ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالدا دەتالاش قىلماقتا .

ۋايىتجان : ئىلى تەرەپكە ئۆتسەگلار ، ئۆزۈگلار ئۆ- تۈگلار ، بىز مۇشۇ ئەتراپتا جەگنى داۋاملاشتۇرىۋېرىمىز !

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ : بۇ ھەرىكىتىگلار ئەۋەككۈلچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

مەگلىك ھاجى : بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ ، بىز ئەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتقان يېرىمىز يوق .

ئىمىن زايىت : ئۇقامسىلەر ، ئايرىلغاننى بۆرى يەيدۇ ، سىلەر ئۆزۈگلارنى چىلبۆرىگە يەم قىلىپ بەرمەكچى بو- لۇۋاتىسىلەر !

مەگلىك ھاجى : بىز چوقۇم غەلبە قىلىمىز ، قاراپ تۇ- رۇگلار ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بىز ئالدى بىلەن توخسۇننى ، ئاندىن كېيىن تۇرپان بىلەن پىچاننى ئازاد قىلىمىز .

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ : ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ خام خىيال !

ۋايىتجان : بۇ خام خىيال ئەمەس ، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان پىلان .

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ بىلەن ئىمىن زايىت سوغۇق نەزىرى بىلەن ۋايىتجانغا مىختەك تىكىلىپ قارايدۇ .

ئىمىن زايىت : پىلانىمىش تېخى !

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ : ئەخمىقانە ھەرىكەت !

ئابدۇراخمان مۇھىتى : ۋايىتجان ، مەگلىك ھاجى ، سى- لەر ئۇبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈگلار ، ھازىر تۇرپان ۋادىسىغا دۈشمەن چۈمۈلىدەك يېغىپ كەتتى . دۈشمەن تەرسالىق بىلەن ئالدىمىزنى توساۋاتىدۇ ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئارقىمىزدىن قوغلاۋا-

تىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا بىز مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزىمىزنى ئۇپرىتىش جېڭىنى قىلساق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ ـ دە، كەلگۈسىدە جەڭ قىلىش ئۈچۈنمۇ بىزگە ئادەم كېرەك! ئادەم!

ۋايىتجان: ئۇنداقتا قوراللىڭلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزۈڭلار مېڭىڭلار!

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ: ساڭا بېرىدىغان قورالىمىز يوق!

ئىمىن زايىت: ساڭا قورال لازىم بولسا، بىزدىن ئالماي دېمەي دۈشمەندىن ئال.

ئاۋۇت رەئىس: گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى ئاغىنىلەر!

## 111

شارغول، گۇگۇم.

ۋايىتجان، مەگلىك ھاجىلارنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا مۇنازىرە مەيدانىنى قورشىماقتا.

## 112

شارغول، گۇگۇم.

سىرتتىن خەۋەرچى كىرىپ كېلىدۇ.

خەۋەرچى: ئابدۇراخمان ئاكا، بىزنى بۇلارنىڭ ئادەملىرى قورشىۋالدى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋايىتجان، مەگلىك ھاجىلارغا جىددىي، كەسكىن پوزىتسىيە بىلەن قاراپ:

— بۇ نېمە ئىش؟... سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟ — دەيدۇ. شۇ ئەسنادا ۋايىتجان جىددىيلىشىپ، چىرايى ئۆڭگەن ھالدا يېنىدىن ئىتتىك يان قورالىنى چىقىرىپ باھاۋۇدۇن يۈ-

سۈپكە تەگلەيدۇ. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك قىلىپ، باھاۋۇدۇن يۈسۈپمۇ يان قورالنى چىقىرىپ ۋايىتجانغا تەگلەيدۇ. كەيپىيات بارغانسېرى جىددىيلىشىدۇ، دەل شۇ چاغدا سىرتتىن بىرسى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ ۋايىتجانغا:

— قوماندان، قوماندان، بىزنى قورشىۋالدى! — دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: ھەر ئىككىڭلار تاپانچاڭلارنى يېنىڭلارغا سېلىڭلار!

ۋايىتجان: سۇغا چۈشكەن چالمىدەك بوشاپ، ئاۋۋال تاپانچىسىنى يېنىغا سالىدۇ، ئاندىن باھاۋۇدۇن يۈسۈپ تاپانچىسىنى يېنىغا سالىدۇ. ۋايىتجاننىڭ تۇرقىدىن ھودۇققانلىق چىقىپ تۇرىدۇ، باھاۋۇدۇن يۈسۈپنىڭ چىرايىدىن پىسەنت قىلماسلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

## 113

شارغول، گۇگۇم.

قورشىۋالغانلارنىڭ يېنىغا ئاۋۇت رەئىس بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن ئىمىن زايىت غەزەپ بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ، بۇرۇتىنى تولغىغان ھالدا:

— جايىڭلارغا قايتىڭلار، بۇ يەردە سىلەر قورشىۋالغۇدەك ئىش يوق! — دەپ ۋارقىرايدۇ.

ئاۋۇت رەئىس: نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، تېز تارقىلىڭلار، تېز! ۋايىتجانلارنىڭ ئادەملىرى سالپىيىپ تارقىلىشقا باشلايدۇ، ئىمىن زايىت بىلەن ئاۋۇت رەئىس ئاندىن سەل نېرى بېرىپ، ئۆز ئادەملىرىگە:

— سىلەرمۇ جايىڭلارغا كېتىڭلار! — دەيدۇ.

## 114

شارغول، گۇگۇم.

بايا مۇنازىرىلەشكەن ئىككى تەرەپ پەيلىدىن سەل يانغان هالدا بىر ــ بىرىگە قارىشىپ ئۆرە تۇرۇشىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇهىتى: ئۇنداقتا ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز تاللىۋالغان يولدا ماڭايلى!

ۋايىتجان: بولىدۇ! دەيدۇ. ئاندىن باش لىڭشىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ، مەڭلىك ھاجىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

## 115

داۋان، ئەتىگەن.

قۇياش نۇرى تاغ چوققىلىرىنى بىر چىرايلىق يورۇتۇپ تۇرىدۇ، ئابدۇراخمان مۇهىتى باشچىلىقىدىكى 250 تىن ئارتۇق ئاتلىق ئادەم داۋاندا يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتماقتا.

قاراشەھەر تەرەپتىن قوي سېتىۋېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان تۇرپانلىق بىر سودىگەر ئۇلارغا توساتتىن ئۇچراپ قالىدۇ.

سودىگەر: هوي هاكىم، نەگە ماڭدىڭىز؟

ئابدۇراخمان مۇهىتى: ئىلىغا!

سودىگەر: ئاچ قورساق يول يۈرگىلى بولماس!

ئابدۇراخمان مۇهىتى: ئەمىسە قانداق قىل دەيسىز؟

سودىگەر: مەن سىلەرگە ئازراق قوي بېرەي!

ئابدۇراخمان مۇهىتى: قويىنىغۇ بېرەرسىز، بىراق سىزگە بەرگۈدەك پۇل بىزدە نېمە ئىش قىلسۇن؟

سودىگەر: هوي هاكىم، بۇ بەرىبىر غەلىبە قىلىدىغان ئىشقۇ! پۇلىنى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندا بەرسەڭلارمۇ

كىچىكمەيسىلەر!

ئابدۇراخمان مۇھىتى: بۇ ياخشى گەپ بولدى، بولىدۇ ئەمىسە، شۇنداق قىلايلى!

## 116

داۋان، ئەتىگەن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ھۆججەت يېزىپ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا سودىگەرگە ئۇزىتىدۇ.

سودىگەرنىڭ قولىدىكى ھۆججەتكە يېزىلغان دانە - دانە خەتلەر ئېكراندا ئاھايىتى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ:

« ئىنقىلاب يولىدا ئېھتىياج ئۈچۈن 120 قوي ئالدۇق، پۇلىنى ۋەتەن ئازاد بولغاندا قايتۇرىمىز.

ئابدۇراخمان مۇھىتى

1947 - يىلى 28 - ئىيۇل. »

## 117

كۆل بويى، كۈندۈز.

كۆل مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، زۇمرەت-تەك سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە غاز - ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرۈ-شىدۇ، تىنىق ئاسماندا بولسا ئاققۇلار ئۇچماقتا.

ئابدۇراخمان مۇھىتى دۇربۇن بىلەن يىراققا كۆز تىكىپ، ئۇ يەردە يا چارۋىچىغا، يا يولۇچىغا ئوخشىمايدىغان تۆت ئادەم-نىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: ئەخمەتنىياز ئىبراھىم! - دەپ توۋلايدۇ.

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم: بار.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: ماڭ، سەن ئۈچ - تۆت ئادىمىڭنى

باشلاپ بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەل .
ئەخمەتنىياز ئىبراھىم : خوپ ، بولىدۇ .

## 118

كۆل بويى ، كۈندۈز .
— قىمىرلىما ! — نامەلۇم ئادەم ئەخمەتنىياز ئىبراھىمغا ماۋۇزېر تەڭلەيدۇ .
— سەنمۇ قىمىرلىما ! — ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئۇنىڭغا ئاپتومات تەڭلەيدۇ .
قالغان ئۈچ دۈشمەن قولىنى كۆتۈرىدۇ . ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ۋارقىراپ تۇرۇپ ، ھېلىقى نامەلۇم ئادەمگە :
— ئۆلۈشنى خالامسىلەر ياكى تىرىك قېلىشنىمۇ ؟ — دەيدۇ .
قۇربان جىسا ئۇنى تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ .
نامەلۇم كىشى : تىرىك قېلىشنى !
ئەخمەتنىياز ئىبراھىم : قورالنى تاپشۇر !
ئەخمەتنىياز ئىبراھىم دۈشمەننى قورالنى تەتۈر تۇتۇپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ . ئەخمەتنىياز ئىبراھىم قورالنى ئېلىپ بولۇپ :
— مەھەممەت ، سەن بۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇر ! — دەيدۇ .
مەھەممەت ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ .

## 119

كۆل بويى ، كۈندۈز .
ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۆت دۈشمەننى ئىككى ئاتقا تەتۈر مىندۈرۈپ يالاپ ئېلىپ كەلمەكتە . دۈشمەنلەرنىڭ تەلەيدىن قورقۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## 120

كۆل بويى، كۈندۈز.

ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇتۇپ كېلىنگەن ئادەملەرنى سوراق قىلىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: سىلەر زادى نېمە ئادەم؟

نامەلۇم ئادەم: بىز باجگىر، چارۋا بېجى يىغقىلى چىققان!

## 121

كۆل بويى، كۈندۈز.

تۇتۇپ كېلىنگەنلەردىن بىرى باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ئالدىدا ئىقرار قىلىدۇ:

— ئۇ بىزنىڭ لېەنجىڭمىز، بىز بۇ يەرگە رازۋېدكا قىلغىلى كەلگەن!...

## 122

كۆل بويى، كۈندۈز.

ئابدۇراخمان مۇھىتى: سەن گومىنداڭنىڭ لېەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىكەنسەنغۇ؟

لېەنجاڭ: پولكىمىزدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتىم.

دەل شۇنىڭ ئۇستىگە باھاۋۇدۇن يۈسۈپ كېلىپ قالىدۇ.

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ: يالغان سۆزلىمە مۇتتەھەم!

لېەنجاڭ: بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي.

باھاۋۇدۇن يۈسۈپ: ئەخمەتنىياز، سىلەر بۇ مۇتتەھەملەرنى تۆگىگە مىندۈرۈپ مېڭىڭلار!

ئەخمەتنىياز ئىبراھىم ئۇلارنى تۆگىلەرگە مىندۈرۈپ ئې-

لىپ ماڭىدۇ.

123

يول، كۇندۇز.

پارتىزانلار سۇپسۇزۇك كۆل سۈيىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بارغانسېرى ئۇزاپ بارماقتا.

تـوساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا 40 ـ 50 تەك ئاتلىق گومىنداڭ ئەسكىرى ئۇچراپ قالىدۇ.

ئابـدۇراخمان مۇھىتى: ئالدىمىزغا ئەمدى بۇ ئىجىسلار ئۇچراپتىمۇ؟

باھاۋۇدۇن يۇسۇپ: ئۆلگۈسى كەلگەن ــ دە!

ئابــدۇراخــمان مۇھــىتى: بۇلارنى بىراقــلا جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتەيلى.

ئـىمىن زايىت ئاپتومات تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

ــ ئاتاكا! ــ دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەھرى ـ غەزەپكە كەلگەن پارتىزانلار:

ــ ھۇررا! ھۇررا! ــ دەپ ۋارقىرىشىپ، نېمە بولۇشىغا قارىماي دۈشمەنگە قاراپ شىردەك ئېتىلىدۇ.

شۇ ئەسنادا پارتىزانلاردىن بىرنەچچە ئادەم باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

جېنىدىن ئۆتكۈدەك بۇ قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەنلەر بەدەر قېچىشىدۇ.

پارتىزانلار بۇ ۋەھشىي دۈشمەنلەرنى كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈپ پۈتۈنلەي تارمار قىلىۋېتىدۇ.

124

يايلاق، كۈندۈز.

ئۇ يەر ـ بۇ يەردە موڭغۇل چارۋىچىلىرىنىڭ كىيگىز ئۆيـ ـلىرى كۈن نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنىدۇ .

پارتىزانلار چارۋىچىلارنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن چەترەك بىر يەرگە چۈشۈپ، ئاتلىرىنى بولۇق ئوتلاققا قويۇۋېتىدۇ .

## 125

يايلاق ، كۈندۈز .

ئابدۇراخمان مۇھىتى ، باھاۋۇدۇن يۇسۇپ ، ئىمىن زاـ ـيىت ، ئاۋۇت رەئىس ، ئەخمەتنىياز داۋۇتلار موڭغۇلنىڭ ئۆيىدە داستىخان ئۈستىدە مېھمان بولغاچ ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولماقتا .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : سىلەر بىلەن بىز ھەممىمىز يۇرتداش ، قېرىنداش . بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلـ ـمىغا قارشى قوزغىلىپ كۈرەش قىلدۇق ، دۈشمەن كۈچلۈك ، بىز ئاجىز كېلىپ قالغان ئەھۋالدا تەڭ كېلەلمەي چېكىندۇق ، ئەمـ ـدىلىكتە بىز ئىلىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز .

ئېگىز ، ئورۇققىنا كەلگەن ، يوغان كۆز بىر موڭغۇل كىشى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ سۆزىنى موڭغۇلچىغا ئەستايـ ـدىللىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ . بەدەشقان قۇرۇپ ئازادە ئولتۇرۇشقان موڭغۇل يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەبەسسۇم بىلەن كۈـ ـلۈپ ، تەرجىمىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ، باشلىرىنى لىڭشىتىدۇ . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ئىشىنىش ، ھېسداشلىق قىلىش ئالامەتـ ـلىرى ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : يول ئازابى ، گۆر ئازابى دېگەنـ ـدەك ، بىز يولدا كەلگۈچە نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتـ ـتۇق ، ھەتتا نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالدۇق . ئاشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ خەقنىڭ يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە زادى قول

تەگكۈزمىدۇق .
تەرجىمان گەپنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆرۈمەكتە .
ئابدۇراخمان مۇھىتى : بىزگە ھېسداشلىق قىلىسىلار ، يـاردىمىڭلار بولسا قوبۇل قىلىمىز ، بولمىسا رەنجىپ كەتمەيمىز . لېكىن ، سىلەرگە ھەرگىزمۇ چېقىلىدىغان ئىشنى قىلمايمىز .
موڭغۇل مۆتىۋەر ئا : بولىدۇ ، بۇ ياخشى گەپ ئىكەن .
مـوڭغۇل مۆتىۋەر ب : ئازراق بولسىمۇ سىلەرگە ياردەم قىلايلى .

## 126

يايلاق ، ئايدىڭ كېچە .
موڭغۇل ئەر ـ ئاياللىرى تەڭنە ، لىگەن ، قاچا ـ قۇـ چىلاردا گۆش ، پوشكال ، قېتىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا قويماقتا .
بەدەشقان قۇرۇپ ، خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپ چوڭ ئىشتىھا بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ تەبەسسۇم چىراي لىرى ئاي يورۇقىدا غۇۋا كۆرۈنىدۇ .

## 127

يايلاق ، ئەتىگەن .
پارتىزانلار مېڭىشقا ھەرىكەت قىلماقتا . بەزىلىرى ئاتقا مىنىپ بولغان ، بەزىلىرى ئاتقا ئەمدى مىنمەكتە .
موڭغۇل يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئابدۇراخمان مۇھىتلارنىڭ ئالدىغا خۇشال ـ خۇرام كېلىپ :
ــ سىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر ، ئاز بـولسىمۇ ئون ئات ، ئون قوينى سىلەرگە يوللۇق تۇتىمىز ، ماۋۇ يېگىتىمىز سىلەرگە يول باشلاپ بەرسۇن ! ــ دېيىدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى : رەھمەت ، سىلەرگە رەھمەت ، سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز ، بۇ ياردىمىڭلار بىز ئۇيغۇر ، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئىپادىلەپ بەردى .

## 128

يايلاق ، ئەتىگەن .

موڭغۇل چارۋىچىلىرى ئوچۇق چىراي ، تەبەسسۇم بىلەن كېگىز ئۆيىنىڭ ئالدىغا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا پارتىزانلارنى ئۇزىتىپ قويۇشماقتا .

پارتىزانلارمۇ قول ئىشارىتى قىلىشىپ ، ئۇلار بىلەن قىزغىن خوشلاشماقتا .

## 129

تاغ ئارىسى ، كۈندۈز .

موڭغۇل يىگىتى سىرىنجاپنىڭ يول باشلىشى بىلەن پارتىزانلار يوغان قورام تاشلار ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتمەكتە . ئېگىز داۋانلارغا يامىشىپ چىقماقتا . تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇلارنى كېچىپ ، قىرغاققا چىقىشماقتا .

## 130

ئالغۇي ، كۈندۈز .

تەلەتتىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى :

— سا ، سا ! — دېيىشىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە .

ئېكراندا بىر تەرەپتە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ، يەنە بىر تەرەپتە گومىنداڭنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەلپازىنى بۇزۇپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ .

## 131

ئالغۇي ، كۆندۈز .

ۋايىتجان ، مەڭلىك ھاجىنىڭ ئادەملىرى قېچىپ كەلمەكتە . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوق تېگىپ ، ئېتىدىن يىقىلماقتا ، بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئوقتا يىقىلىپ ، ئۆزلىرى تىك موللاق چۈشمەكتە . پىيادە قېچىپ كېلىۋاتقانلىرى دۈشمەن ئاتلىرى ئاستىدا چەيلەنمەكتە .

## 132

جىلغا ، كۆندۈز .

تاغنىڭ تار ، قىستاڭ جىلغىسى ئىچىدە بىر ئاتلىق كىشى ئېتىنى بولۇشىچە قامچىلاپ ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلمەكتە . يىراقتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ۋايىتجان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ . ئۇ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆلگۈدەك قورققان ، چىرايى تاتارغان ، پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن ، زادى ھالى قالمىغان ھالدا كۆرۈنىدۇ .

ئارقا تەرەپتە ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئېتىلغان ئوق ئاۋازى خۇددى قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولىدۇ . چىرايى خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەن ۋايىتجان ئوق ئاۋازىدىن قورقىنىدىن ئېتىنى ئەسەبىيلەرچە قامچىلايدۇ .

## 133

جىلغا ، كۆندۈز .

گومىنداڭنىڭ 8 ـ 10 ئاتلىق ئەسكىرى قولىدا قىلىچ ، تاپانچا ئوينىتقان ھالدا ۋايىتجاننى قوغلاپ كەلمەكتە .

ـــ چاپسان بولايلى !

ـــ تېزدىن تۇتايلى !

## 134

ئورمانلىق ، كۈندۈز .

ئورمانلىقتىن كۆكۈچ تۈتۈنلار ئاستا لەيلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە .

پارتىزانلار بىر نەچچە يەردە گۈلخان يېقىپ ، موڭغۇل قىرغىنداشلار سوۋغا ـ سالام قىلغان قويلارنىڭ سېمىز گۆشلىرىنى ئاسما كاۋاپ قىلىپ پىشۇرماقتا .

نېرىسىدا پارتىزانلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشتە ئولتۇرۇپ ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشمەكتە . ساقاللىرى ئاقىرىپ ، چىرايىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن ، 60 ياشتىن ھالقىغان ناسىر شاڭجاڭ بىر چەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇششاق تاشلارنى ئالدىغا دۆۋىلىۋېلىپ ئاندىن پارچىلارغا بۆلۈپ پال سالماقتا . ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر ياش يىگىت ئاغزىغا بىر تال چۆپنى چىشلىگەن پېتى ئىككى ئالقىنىنى ئۇستىگە بېشىنى قويۇپ ، ئوڭدا يېتىپ چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە .

## 135

ئورمانلىق ، كۈندۈز .

غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان پارتىزانلار ھېرىسمەنلىك بىلەن ھەدەپ گۆش يېيىشمەكتە . ئۇلاردىن ئاۋۇت رەئىس ، ناسىر مەرگەن ، ھېۋىل مەرگەنلەرنىڭ چىرايلىرى ، گۆش يېيىشلىرى ئېكراندا ئاجايىپ ئوچۇق نامايان

بولىدۇ.

ئاۋۇت رەئىس: گۆش شۇنداق يۇمشاق پىشىپتۇ!

ناسىر مەرگەن: شۇنداق تەملىك بوپتۇ.

ھېۋىل مەرگەن گەپ قىلىش ئورنىغا كۈلۈپ قويىدۇ.

## 136

داۋان، كېچە.

تۇساتتىن ھاۋا تۇتۇلۇپ، قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ كېتىدۇ. قوي تېرىسىنى ئوتتۇرىسىدىن ئويۇپ بېشىغا كىيىۋالغان پارتىزانلار ئېگىز داۋانغا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە.

دۈشمەن پوتېيىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان پىلىموت ئوقى پارتىزانلارنى پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ. موگغۇل يىگىتى كەينىگە يانىدۇ. ئابدۇراخمان مۇھىتى، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىقلار ئاتلىرىنى بولۇشىچە قامچىلايدۇ.

ئاتلار قاتتىق كىشنەپ كېتىدۇ، بىرنەچچە پارتىزانغا ئوق تېگىدۇ.

## 137

داۋان، كېچە.

ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم قاتارلىق پارتىزانلار يەردە يېتىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە ھەدەپ ئوق ئۈزمەكتە.

پەس تەرەپتە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ تۆت ئەسكىرى پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قولىنى باغلىغان ئارغامچىلارنى بىر — بىرلەپ چىشلەپ يېشىپ بوشىنىدۇ.

ئاندىن ئۇلار دۈشمەنگە ئوق ئېتىۋاتقان بىر پارتىزاننى پۇتىدىن سۆرەپ پەسكە چۈشۈرۈپ، بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بو-

لۇۋاتقاندا، پارتىزانلار سېزىپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى كىمدۇر بىرى ئاپتومات بىلەن ئوققا تۇتىدۇ.

**138**

داۋان، كۈندۈز.

تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۈچ ـ تۆت پارتىزان قەبرىسى ئالدىدا ئېلى قارىي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، لەرزان ئاۋازدا خەتمە قۇرئان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ئولتۇرغان، كەينى تەرىپىدە ئاۋۇت رەئىس، ئەخمەتنىياز داۋۇت، رەجەپ توختى، سىدىق خەلپە قاتارلىق پارتىزانلار سۈكۈتتە ئولتۇرۇشىدۇ.

**139**

داۋان، كۈندۈز.

خەتمىقۇرئان ئاياغلىشىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ئورۇنلىرىدىن ئەمدىلا تۇرۇشىغا، 16 ياشلىق مەھەممەت ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا:

—— ئابدۇراخمان ئاكا، قارىغا، كىملەر كېلىۋاتىدۇ؟ —— دەيدۇ.

كۆپچىلىك ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىشىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن خۇشاللىق ئەكس ئېتىدۇ.

**140**

داۋان، كۈندۈز.

ئىمىن زايىت، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىشى غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن تۆۋەن تەرەپتىن چىقىپ كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشىدۇ.

ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن ئىمىن زايىت ، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ بىلەن ئەخمەتنىياز ئىبراھىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن ئاپپارات ئۇلگ تەرەپكە سەل سۈرۈلۈپ ، باشقىلار ئىككىسى ھالەتتە كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى سۈرەتكە ئالدۇ .

ئابدۇراخمان مۇھىتى ئىمىن زايىتقا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ : « بىز سىلەرنى شىھىت بولۇپ كەتتى » دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمىز .

ئىمىن زايىت : ھېلىمۇ تاس قالدۇق يېتىپ كېلەلمىگىلى !

## 141

بوستانلىق ، كۈندۈز .

ئەتراپ ياپيېشىللىققا تولغان ، كۆكتىكى قۇياش ھاياتبەخش ئەتكۈچى ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرىدۇ . سەپكە خۇددى مۇنتىزىم ئەسكەرلەردەك چىرايلىق ، رەتلىك تىزىلغان 230 كىشىدىن ئارتۇق قەھرىمان تۇرپان پارتىزانلىرى خۇشال ھالدا ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ ھەيۋەتلىك كەلمەكتە .

ئابدۇراخمان مۇھىتى سەپنىڭ ئالدىدا جەسۇر قىياپەت بىلەن كەلمەكتە . ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا باھاۋۇدۇن يۈسۈپ ، سول يېنىدا ئىمىن زايىت بار .

## 142

داۋان ، كۈندۈز .

داۋان ئۈستىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسىر ـ جەڭچىلىرى كۆرۈنىدۇ .

مىللىي ئازادلىق ئارمىيىنى كۆرۈپ ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن تۇرپان پارتىزانلىرى چۇقان سېلىپ ، قوللىرىنى



www.uyghurkitap.com

پۇلاڭلىتىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشىدۇ.

مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىمۇ خۇشال تەبەسسۇم بىلەن پارتىزانلارغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشىدۇ.

**143**

ئاقتاش، كۈندۈز.

تۇرپان پارتىزانلىرى مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرى بىلەن تەنتەنىلىك هالدا ئۇچرىشىدۇ، بەزىلىرى چىڭ قول ئېلىشىپ، بەزىلىرى قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە.

قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شاد ـ خۇراملىقىغا هېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر ئۈستىگە ئېكراندا «تۈگىدى» دېگەن خەت پەيدا بولىدۇ.

1986 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاشۇ يىللاردا

## (چىن تيەنچيۇ)

### 1

ئايروپىلان ئىستانسىسى كۈندۈز، هاۋا ئوچۇق.

زۇمرەت ئاسماندىكى ئوتقاش قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. ئاپئاق باشلىق، تىك چوققىلىق تەگرىتېغى يىراقتىن ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. ئەتراپ ياپپېشىل، گۈزەل باھار پەيزىگە چۆمگەن.

بىر تۈركۈم كىشىلەر — ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەر ـ ئاياللارمۇ، ئوغۇل ـ قىزلارمۇ بار. خۇشال ۋە ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىنىڭ بىر چېتىگە تىكەتتى. نېمىنىدۇر تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى.

— يېتىپ كېلىشكە يەنە بەش مىنۇت قالدى. تاقىتىمىز تۈگەي دېگەندە يېتىپ كېلىدىغان بولدى! — دەيدۇ ئېگىز بوي، گەۋدىلىك كەلگەن قارا كۆك سارجىدىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، توخۇلۇك رەختتىن گالىستۇك تاقىغان بىر كىشى، بۇ جۇ بىك[1] ئىدى.

تەلمۈرگەن كۆزلەر كۆككە تىكىلمەكتە. شۇ ئەسنادا

① جۇ بىك — يولداش ماۋ زېمىننىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى

كىمدۇر بىرى:
— ئەنە كەلدى! — دەپ خۇشال ۋارقىرايدۇ!.
ھەممە كۆزلەر ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆزلىرى كۈتكەن نەرسىنى ئىزدىمەكتە.
— ئەنە كەلدى، قاراڭلار، راست ئىكەن! — بۇ گەپنى بىرنەچچەيلەن بەسلەشكەندەك تەڭلا دەيدۇ.
كۆكتە كۈمۈش لاچىن قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ كەلمەكتە. ئايروپىلان يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازى شۇنچە كۈچەيمەكتە. ئايروپىلاننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر: «كەلدى، مانا كەلدى!.» دېيىشىپ، ھاياجان ئىلكىدە قوللىرىنى پۇلاڭلاتماقتا. كىچىك باللار قوللىرىدىكى گۈلدەستىلەرنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، قىن - قىينىغا پاتماي ھەدەپ سەكرەشمەكتە.
يوغان، ھەيۋەتلىك ئايروپىلان كۆكتە يېرىم شار شەكلىدە ئەپچىلگىنە بىر ئايلىنىپ، كۆزلەرنى چاقنىتىدۇ. يەردىكى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق كۈلكىلىرى پەلەككە يېتىدۇ. ئايروپىلان بارغانسېرى پەسلەپ، گۈركىرىگەن ھالدا يەرگە ئاستا قونىدۇ.
ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك كەلگەن، خۇشپىچىم، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بىر كىشى ئايروپىلان ئىشىكىدە كۆرۈنىدۇ ۋە قارشى ئالغۇچىلارغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، ئېھتىرام بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ، ئاندىن پەلەمپەيدىن چۈشىدۇ.
جۇ بىك بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۇزاقتىن بىرى كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈش ۋە سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يولداش شۇي جيې[1] سىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! مەن جۇ بىڭ بولىمەن! — دەيدۇ.

شۇي جيې:

— مەن بىلىمەن، سىز توغرۇلۇق ئاڭلىغانىمىزدىن كۆپ ئاڭلىغانمەن!.

2

(ئەسلىمە):

ئايرودروم، كۈندۈز.

يىراقتىن يەنئەن مۇنارى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ سەپداشلىرى لىيۇ شاۋچى، جۇ دې قاتارلىقلار بىلەن ئايرودرومغا چىقىپ، كومىنتېرن يىغىنىغا قاتنىشىدىغان جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۇزىتىپ قويماقتا.

ماۋ زېدۇڭ چىن تيەنچيۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— يولداش چىن تيەنچيۇ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭلارنى كۈتىمىز.

— رەھمەت، يولداش ماۋ زېدۇڭ، خاتىرجەم بولۇڭ!

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

3

ئايرودروم، كۈندۈز.

جۇ بىڭ ئىززەت - ئىھتىرام ئىچىدە شۇي جيېنى پىكاپتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇي جيې خۇش تەبەسسۇم بىلەن

① چىن تيەنچيۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى.

پىكاپقا كىرىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئازادە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جۇ بىڭ تەبەسسۇم ئىلكىدە خىيالغا پاتىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«يولداش چىن تيەنچيۇ پارتىيىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، تالاي ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن پېشقەدەم، تالانتلىق رەھبەر، شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئۇ نېمىدېگەن كەمتەر، سەمىمىي ئادەم - ھە؟...»

ئۇنىڭ خىيالىنى شۈي جيېنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋېتىدۇ:

— يولداش جۇ بىڭ، تەن - سالامەتلىكىڭىز يامان ئەمەستۇ؟

جۇ بىڭ: تەن - سالامەتلىكىم خېلى ياخشى.

شۈي جيې: ئىشلار خېلى ئالدىراشمۇ؟.

جۇ بىڭ: ئالدىراش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

4

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، كۇندۇز

شەھەرنىڭ نەنلىياڭ تەرىپىدىكى يول ئېغىزىدا، ئىشىكى شىمال تەرەپكە قاراپ ئېچىلغان كۇلرەڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغۇن كىشىلەر يىراقتىن - جوڭگۇ ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى يەنئەندىن، دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى موسكۋادىن كېلىدىغان مېھماننى — ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز رەھبىرىنى زارىقىپ كۈتمەكتە.

ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان پىكاپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. گۇلدۇراس ئالقىشلار ئىچىدە پىكاپتىن يولداش جۇ بىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى رەھبەر — شۈي جيې چۈشىدۇ. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشىدۇ ھەم ھال - ئەھۋال

سورىغاندىن كېيىن، جۇ بىگىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قولۇ ئىچىگە كىرىپ، قورۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پۈتۈنلەي يالغاچ بىلەن ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىنانىڭ مىللىي ئۇسلۇپ بىلەن چىرايلىق قىلىپ نەقىشلەنگەن پەلەمپىيىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ.

شۇي جيې ئىشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قورۇ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان قىزغىن گەپلىرى ئاڭلىنىدۇ:

— بۇ قالتىس ئادەملەك قىلىدۇ جۇمۇ!.

— قانداق دەيسىلەر؟.

— مەن ئۇنىڭ قالتىس ئادەملىكىنى تەققى - تۇرقىدىن، ئوت يېنىپ تۇرغان بولاقتەك كۆزلىرىدىن بىلدىم.

يەنە بىر يەردە بىرەيلەن:

— نېمە دېگەن كەمتەر، خۇشپىچىم ئادەم بۇ! — دېسە، يەنە بىرى:

— تەجرىبىلىك، پىشقەدەم باشلىقتەك قىلىدۇ! — دەيدۇ.

شۇي جيېنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىندىن باشلىق بولۇپ كەلگەنلىكىگە كۆپچىلىكنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ شاتلىققا تولغان چىراي - رۇخسارىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

## 5

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئىشخانىسى، كۇندۇز.

ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىشخانا ئىچىدە دېرىزىگە يېقىن قويۇلغان بىر ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ سول تەرىپىدە بىر كارۋات، ھەمدە بىرقانچە ئورۇندۇق بار.

شۈي جيې كۇلۇمسىرىگەن ھالدا تەمكىن ئولتۇرۇپ جۇ بىڭ لىيۇ بىڭ[1]، لىن جىلۇلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ.

جۇبىڭ: يولداش شۈي جيې، بىزنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىمىز ۋاقتىنچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن، قېپقالغان ئەھۋاللار بولسا، كېيىن يەنە تونۇشتۇرارمىز ياكى ئەمەلىيەت جەريانىدا بىلىپ كېتەرسىز.

شۈي جيې: ياخشى بولدى. سىلەر ماڭا ئەھۋالنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بەردىڭلار، مەن بۇنىڭدىن كۆپ رازى.

لىيۇ بىڭ: (شۈي جيېگە قاراپ كۇلۇمسىرىگەن ھالدا) ئەمدى گەپ سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىشلىشىمىزدە قالدى.

شۈي جيې: يولداش لىيۇ بىڭ سىز نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟، «رەھبەرلىكىڭىزدە» دېگەن گەپنى قىلماڭ، ئارىمىزدا بۇنىڭدىن كېيىن رەھبەرلىك قىلغۇچى، رەھبەرلىك قىلىنغۇچى دېگەن گەپلەر بولۇنمىسۇن، ھەممىمىز ئوخشاش، ھەممىمىز يولداش ھەم سەپداش ئەمەسمۇ؟.

كۆپچىلىك مەمنۇنلۇق بىلەن كۇلۇشىدۇ.

لىيۇ بىڭ: شۇنداق بولسىمۇچۇ؟!.

شۈي جيې: بىز ھەممىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىشلەيمىز، قانداق دېدىم كۆپچىلىك؟.

ھەممەيلەن بىردەك: توغرا، توغرا، دېيىشىدۇ.

## 6

«يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»، كۇندۇز.

---

① جاڭ زىيىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» ئورۇنلاشقانىدى. «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» — قىزىل ئارمىيىنىڭ مەلۇم بىر پولكىنىڭ يېڭى نامى ئىدى. 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر داۋامىدا جاڭ گوتاۋنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى چىقىپ، قىزىل ئارمىيىگە بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقى تۈپەيلىدىن، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى ئەندىشىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىغىنى ئاران 400 ئادەم ئىدى. شۇ چاغدا موسكۋادا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشۋاتقان چېن يۈن قاتارلىق يولداشلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ تېلېگراممىسى ئارقىلىق بەرگەن يوليورۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتنىڭ شەرت - شارائىتى تۈپەيلىدىن، بۇ يەر سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالاتتى.

1939 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تاڭ ئەمدىلا يورۇشى بىلەن «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئورۇنلىرىدىن سەھەر تۇرۇپ، بەزىلىرى يەر سۈپۈرۈپ، سۇ سەپسە، بەزىلىرى ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى ۋە بەزىلىرى ئىشىك دېرىزىلەرنى سۈرتۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جىگدىزارلىق ۋە چىرايلىق ئۆستۈرۈلگەن قۇلماقلار ئارىسىغا جايلاشقان رەت - رەت گازارما ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپى، ئىچى - تېشى پاك - پاكىز قىلىۋېتىلىدۇ.

بۈگۈن ئۇلار يېڭى بىر رەھبەرنى — پارتىيە ۋەكىلىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرۇشىدۇ. ئۇلار خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ:

— كېلىدىغىنى مول تەجرىبىلىك، پېشقەدەم باشلىقمىدۇ

ياكى يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئىقتىدارلىق ياش يولداشىمىدۇ؟.
— ئىشقىلىپ مۇشۇ ئىككىدىن بىرى بولسىلا بولدى؟.
— ياق، سىلەر ئۇنداق ئاددىي ئويلىماڭلار، شىنجاڭ دېگەن ھەر جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي، ياپونغا قارشى مۇھىم ئارقا سەپ، شۇڭا ئۇ ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولۇپ كەتسىمۇ، مەركەز بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ يېڭى ئۆستۈرۈلگەن ياش يولداشنى ئەۋەتمەيدۇ. مول، تەجرىبىلىك، پېشقەدەم رەھبەرنى ئەۋەتىدىغانلىقى چوقۇم!.
— بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار، مەنمۇ مۇشۇ كۆزقاراشقا قوشۇلىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىقتىدار دېگەن بىر تەرەپتىن بىلىمدىن كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن مول تەجرىبىدىن كېلىدۇ. مول تەجرىبە دېگەن بىۋاسىتە بىلىم ـ دە!
«ياخشى دېدىڭىز!» دەپ بىرقانچەيلەن بۇ گەپنى قىلغان يولداشنىڭ مۆرىسىگە قېقىپ قويۇشىدۇ.
ھەمىشە كۇلۇپلا تۇرۇدىغان خۇشپىچىم ياش بىر جەڭچى، ئۆسكۇلەڭ ساقاللىق بىر كونا جەڭچىگە قاراپ:
— ئۇنىڭ مىجەزى قانداقتۇ؟. . . چىقىشقاقمىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.
ساقاللىق جەڭچى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— بۇنىڭغا مەنمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن! كۆرگەندە بىلىمىز! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ
شۇ چاغدا كىمدۇ بىرى:
— ئەنە پارتىيە ۋەكىلى كەلدى! — دەپ توۋلىۋېتىدۇ.
ھەممەيلەننىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرۇلىدۇ، رەت ـ رەت تىزىلغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالىدۇ. ئەمدىلا قىرىق ياشتىن ئاشقان، ئاددىي ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، كۆزلىرى يوغان ۋە نۇرلۇق، ئۇڭ قولىقىدا تارتۇقى بار، گەپ ـ سۆزلىرىدىن كەمتەرلىك ۋە مۇلايىملىق

چىقىپ تۇرىدىغان شۇي جيې گازارما باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.
شۇي جيې: يولداشلار، مېنىڭ ئىسمىم شۇي جيې. سىلەردىن ئۆگەنگىلى، سىلەر بىلەن بىللە ئىشلىگىلى كەلدىم. كۆپرەك ياردەم بېرىشىڭلارنى سورايمەن.
گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرايدۇ. ھەممەيلەن ھاياجان ئىلكىدە تېخىمۇ شاتلىنىپ چۈمىدۇ.
بىرنەچچە جەڭچى ـ ئوفىتسېر ئاۋازىنى بوش چىقىرىشىپ ئۆز ئارا پىچىرلاشقاندەك پاراڭلاشماقتا.
— نېمە دېگەن كەمتەر رەھبەر — ھە؟ قارا، مەن سىلەردىن ئۆگەنگىلى كەلدىم، دەۋاتىدۇ.
— شۇنى دېمەمسەن؟، بۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەمدەك قىلىدۇ.
— راستىنلا شۇنداقكەن!

## 7

گازارمىدىكى مەيدان، كۈندۈز.
مەيداندا پۈتۈن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار دېگۈدەك قاتار سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. گازارما باشلىقى راۋ زىجەن:
— يولداش شۇي جيېنى دوكلات، يولیورۇق بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز! — دەيدۇ.
شۇي جيې ھارۋىدىن چۈشۈپلا ۋالاقتەككۈردەك سۆزلەپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ:
— مەن بۇ يەرگە تېخى ئەمدىلا كەلدىم. ھېچبىر ئىشتىن خەۋىرىم يوق، دېسەممۇ بولىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىلەرگە قانداقمۇ دوكلات، یولیورۇق بېرەي؟ مەن تېخى

دوكلات، يولـيورۇق بىرنشـكە سـىلـەرنـىـى تەكلـىـپ قىلـساممىكىن؟ — دەيمەن.
كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

8

گازارمىدىكى ئىشخانا، كۈندۈز.
— ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار بويىچە بۈگۈن نېمە ئىش قىلماقچىتىڭلار؟ — پارتىيە ۋەكىلى شۈي جيې گازارما باشلىقى راۋ زىجەندىن كەمتەرلىك بىلەن سورايدۇ.
راۋ زىجەن: ئەسلىدە بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ يەر ئاغدۇرۇپ، كۆكتات تېرىماقچىدۇق!
شۈي جيې: شۇنداق قىلىڭلار، مەنمۇ بۇ ئەمگەككە قاتنىشاي!.

9

ئېتىزلىق، كۈندۈز.
يېڭىنى شىمايلاپ، پۇشقىقىنى تۈرۈۋالغان شۈي جيې كۆپچىلىك ئارىسىدا ئالىقىنىنى سۈركۈۋېتىپ، گۈرجەك بىلەن هە دەپ يەر ئاغدۇرماقتا. ئۇنىڭ هەرىكەتلىرى چاققان بولۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىرمۇنچە يەرنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ:
— كېلىپلا بىز بىلەن ئىپەكىشىپ كەتتى.
— دېھقانچىلىق ئىشلىرىگىمۇ پۇختىكەن.
— بەلكى ئارمىيىگە دېھقان ئائىلىسىدىن كىرگەن بولسا كېرەك! — دېيىشىدۇ.

## 10

ياتاق، كۈندۈز.

ئەمگەكتىن كېيىن شۈي جىيې جەڭچىلەر ياتىقىغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن سىرداشماقتا.

شۈي جىيې: تۇرمۇشۇڭلار قانداقراق؟.

ھەممەيلەن: ياخشى!.

شۈي جىيې: گۆشلۈك تاماقمۇ يېيەلەمسىلەر؟.

جەڭچى ئا: كۈن ئارىلاپ گۆشلۈك تاماق يەپ تۇرىمىز!.

شۈي جىيې: تامىقىڭلارنىڭ خىللىرى قانداقراق؟.

جەڭچى ب: جىگموما، سەيدىن باشقا يەنە سۈيقاش، لەڭمەن، گاڭپەن، مانتا ئېتىپ بېرىدۇ. بەزىدە ئىبخى پولومۇ يەيمىز!.

شۈي جىيې: پولو؟

جەڭچى ب جاۋاب بەرگۈچە چاققان كېلىپ جەڭچى س جاۋاپ بېرىدۇ:

— بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقى، بەك ئوبدان تاماق، شۇنداق مېزىلىك!

شۈي جىيې: (ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ) ئۇنى نېمىدە ئېتىدىكەن؟.

جەڭچى س: گۆش - ياغ، سەۋزە، گۈرۈچتە ئېتىدىكەن.

جەڭچى د: ئاخىرىدا ئىبخى دۇملەيدىكەن...

شۈي جىيې: ئۇنداقتا بۇ راستىنلا قالتىس تاماق بولسا كېرەك!.

ھەممەيلەن: شۇنداق، چوقۇم شۇنداق!

## 11

تاماقخانا، كۈندۈز.

تاماقخانىدا جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار پولو يېمەكتە. راۋ زىجەن بىر قاچا ئاشنى شۈي جيېنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئېلىڭ شۈي جيې، بۇ پولو! . . . ، — دەيدۇ.

شۈي جيې: (كۈلۈپ تۇرۇپ، چاقچاق ئارىلاش) بۇنى پولو دەيمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى تامىقى! . . .

راۋ زىجەن: (ھەيران قالغان ھالدا) ھوي، سىز قانداق بىلىسىز؟ قىزىق ئىشقۇ بۇ؟ . . . سىز تېخى تونۇگونلا كەلسىڭىز، يا بۇرۇن شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان تۇرسىڭىز؟ . . . . . . .

شۈي جيې: تېخى بايىلا ياتاقتا مۇشۇ تاماقنىڭ گېپى بولغان! .

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

## 12

رەستە، كوچا.

شۈي جيې ئولتۇرغان پىكاپ شەھەرنىڭ ئاۋات، كۆركەم كوچىلىرىدا بىر خىل رېتىمدا كېتىۋاتىدۇ.

شۈي جيې كوچىلارغا، دۇكانلارغا، ئۆيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان ھەرخىل پاسوندىكى مىللىي كىيىملىرىنى كىيگەن ھەر مىللەت ئەر ـ ئاياللىرىغا، ياش ـ قېرىلارغا ۋە بالىلارغا سەپسېلىپ قاراۋاتىدۇ.

پىكاپ شەھەر ئىچىدىكى چوڭ مەيدانغا كەلگەندە، ئىككى تەرىپىگە تاش ئەجدىھا قويۇلغان، ئىككى ساقچى پوستا تۇرغان، چوڭ، سۇرلۇك دەرۋازىدىن ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ دۇبەن يامۇل قورۇسى ئىدى.

## 13

دۇبەن يامۇل، ئىشخانا، كۈندۈز.

ياپونچە كۆتمەك بۇرۇت قويۇۋالغان، كېلەشمىز گېنېرال پولكوۋنىك كىيىمىنى كىيگەن شېڭ شىسەي ئۆز ئىشخانىسىدا دېۋانغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، شۇي جيې بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ.

— شۇي ئەپەندى، ياق، يولداش شۇي جيې، مېنىڭ مۇشۇنداق ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ! . چۈنكى مەن ئۆتكەن قېتىم موسكۋاغا بارغان چېغىمدا، ستالىنغا كومپىرتىيىگە ئەزا بولۇشنى ئۆتتۈرىغا قويغان ئادەممەن. مەن كوممۇنىستلارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمەن. بۇنى مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋە يەنئەندىن نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغانلىقىمدىن ناھايىتى ئوچۇق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىم سىزنىڭ پارتىيە ۋەكىلى سالاھىيىتىڭىز بىلەن شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە كەلگەنلىكىڭىزمۇ بەك بەلەن ئىش بولدى. مەن سىزنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالىمەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، سىزنىڭ مەن بىلەن ئوبدان ماسلىشىپ ئىشلىشىڭىزنى سورايمەن، ھەمدە مېنىڭ پات ئارىدا كوممۇنىست بولۇپ قېلىشىمغا ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇي جيې: شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىشىمنى قارشى ئالغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. بىراق پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەسلىدە بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىشكى پارتىيە نىزامنامىسىنى، پروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئەزالىق بەدىلى تۆلەيدىغان، دېمەك ئۆزىدە پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھازىرلىغان جوڭگولۇقلار ئۈچۈن ئوچۇق ئىدى. لېكىن بىز شىنجاڭدا كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ پارتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارمايمىز! .

شېڭ شىسەي: شۇڭا مەن بۇ تەلىپىمنى سىلەرگە ئەمەس، ستالىنغا قويغان ئەمەسمىدىم؟ . . . . . ھا. . . ھا. . . ھا. . .

شۈي جيې: نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە ۋەتىنىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇستەھكەم ئارقا سېپى — شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوبدان قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت، دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر جوڭگولۇق ھاردىم - تالدىم دېمەي، جاپاغا چىداپ، غەيرەت بىلەن ئىشلىشى كېرەك.

شېڭ شىسەي: ھا. . . ھا. . . ھا. . . شۇنداق، شۇنداق شۈي ئەپەندى.

14

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىشخانا، كەچقۇرۇن. ليۇ بىڭ ئىشخانىدا باش كۆتۈرمەي، ئاق قەغەز ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ، بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

شۈي جيې ئىشخانىغا كىرىپ، شەپكىسىنى ئاسقۇغا ئىلىدۇ.

ليۇ بىڭ يېزىشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— دۇبەن يامۇلىغا قىلغان سەپىرىڭىز قانداقراق بولدى؟ — دەپ سورايدۇ.

شۈي جيې: يولداش دىڭ فا[1] ئېيتقاندەك. شېڭ شىسەي دېگەن بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا قارانىيەت مىلىتارىستا، ئىدىيىسىدىن قارىغاندا يەرلىك خاقانغا، قىلمىشىدىن قارىغاندا بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقىغا ئوخشايدىكەن.

ليۇ بىڭ: شۇنداق دېيىش توغرا. شېڭ شىسەي دېگەن بۇ جاللاتنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

شۈي جيې: ئۇ تېخى پارتىيىگە كىرمەكچىكەن.

---

① دىڭ فا — چېن تيەنچيۇدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرغان پارتىيە ۋەكىلى.

ليۇ بىڭ: (ھەيران قىلىپ) نېمە... نېمە دېدىڭىز؟.

شۈي جيې: ستالىنغا مېنى كومىتېرنغا ئەزالىققا قوبۇل قىلىڭلار، دېگەندىم، دەيدۇ.

ليۇ بىڭ: ھۈي جۇۋاينىمەك!

شۈي جيې: بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك.

شۈي جيې، ليۇبەڭلار كۈلۈپ كېتىشىدۇ.

## 15

بازار، كۈندۈز.

ئۈرۈمچىنىڭ مال بازىرى كوچىسىدىكى ئاۋات، ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن بازار، ئاشپەزلەر، ناۋايلار، كاۋاپچىلار ۋە قوغۇن - تاۋۇز، بەل- يېمىش ساتقۇچى باققاللار خېرىدار چاقىرىپ بازارنى ئۆتتەك قىزىتىۋەتكەن.

شۈي جيې ھەمراھلىرى جۇ بىڭ، ليۇ بىڭ قاتارلىقلار بىلەن بازار ئارىلايدۇ.

جۇ بىڭ: شىنجاڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلىرى بەك تاتلىق بولىدۇ.

شۈي جيې: راست شۇنداقكەن، مەن بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يەردە مۇنداق تاتلىق قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرنى يەپ باقمىغان ئىدىم.

ليۇ بىڭ: بۇ يەرنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلىرى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، مۇشۇنداق تاتلىق بولسا كېرەك.

شۈي جيې: ئېھتىمال!

شۈي جيې دوپپا بازىرىدا گۈللۈك دۇخاۋا دوپپىنى بېشىغا كىيىپ، ئەينەككە قارىغاچ:

— ماڭا يارىشامدىكەن؟ — دەيدۇ.

جۇ بىلىك
لىيۇ بىلىك : سىزگە بەك ئوبدان ياراشتى!.

دوپپىچىمۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ:

— خاۋ، خاۋ (ياخشى، ياخشى)، — دەيدۇ.

## 16

بوغدا كۆلى، كۇندۇز.

كىشى كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان، تولىمۇ گۈزەل ۋە خويمۇ ساپ ھاۋالىق بوغدا كۆلىدە شۆي جيې، جۇ بىلىك، لىيۇ بىلىك قاتارلىق كىشىلەر سەيلە - تاماشا قىلىشىدۇ.

ئىزغىرىن شامال ئۇلارنىڭ قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرىنى ھەرخىل رەڭدىكى يارىشىملىق گالىستۇكلىرىنى يېنىك ئەركىلەتمەكتە. شۆي جيې ھاياجىنىنى باسالماي:

— شىنجاڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى جاي ئىكەن، مېنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرۇمدىنمۇ بەك ئېسىل ئىكەن! — دەيدۇ.

جۇ بىلىك: شىنجاڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى جاي، تەكرىتىيغىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ھەقىقەتەنمۇ باتۇر، ئەمگەكچان، پاراسەتلىك ئىكەن.

لىيۇ بىلىك: شىنجاڭ كەلگۈسىدە نۇرغۇن جەھەتلەردە مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھىم بازىسى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئاشلىق، چارۋىچىلىق، پاختىچىلىق، مېۋە - چېۋە، نېفىت، ئالتۇن، قاشتېشى، رەڭلىك مېتال بازىسى ۋە باشقىلار.

شۆي جيې: زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ھەر مىللەت خەلقى مۇنداق ئوبدان دىياردا ھەرقانداق ئىشنى قىلىمەن دېسە قىلغىلى ھەمدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

## 17

شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى مەيدانى، كۈندۈز.

ىىراقتا كۆركەم تەگرىتېغى چوققىلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ كەڭ، ئازادە مەيدانىغا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىلغان، ھەممەيلەننىڭ دىققەت نەزىرى چەكسىز ئۈمىد ئىچىدە بىر توچكىغا ئاغدۇرۇلغان، ئۇ توچكا مۇشۇ تۇرقىدا كىشىگە خۇددى سۈپسۈزۈك، ئايدىڭ كېچىدىكى چولپان يۇلتۇزنىڭ چاقنىشىنى ئەسلىتەتتى.

شۈي جيې، ئۈستىگە ئاپئاق داستىخان سېلىنىپ، چىرايلىق ئىككى تەشتەك گۈل قويۇلغان ئۈستەل يېنىدا خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن ئۆرە تۇرۇپ، ھاياجان ئىلكىدە سۆزلىمەكتە:

— ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولىمۇ ئەمگەكچان، باتۇر خەلق. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن، شانلىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئىنقىلابىي كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە، كۈرەشچان خەلق. بۇ ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان پولاتتەك پاكىت. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇرۇن خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان ئەزگۈچىلەر بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ناھايىتى قاتتىق ئەزدى، بوزەك قىلىپ ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. (شۈي جيېنىڭ چىرايىنى غەزەپ تۇمانلىرى قاپلىدى. مۇشتۇمى ئىختىيارسىز تۈرۈلدى.) شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى ۋە يامان تەسىر قالدۇردى.

## 18

مەيدان، كۈندۈز.

شۈي جيېنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئامىسى بوش ئاۋازدا ئۆز ئارا پىچىرلاشماقتا:

— ئەجەب ئوبدان گەپلەرنى قىلىدىغان كىشى ئىكەن بۇ، باشقا كىشى بولسا بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز دېمەيتتى.

— شۈي جيې ئەپەندىنى ناھايىتى بىلىملىك ئادەم دەيدۇ.

— ئۇ تېخى ئىچكىرىي ئۆلكىدىكى چېغىدا «ئازادلىق، ئەركىنلىك!» دەپ قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگىمۇ كىرگەن ئىكەن.

— مۇنداق دەڭ! . ئۇنداقتا تېخىمۇ قالتىس ئادەمكەن بۇ!

## 19

مەيدان، كۇندۇز.

شۈي جيې قىزغىن سۆزلىمەكتە:

— ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئىچىدە ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ بولىدۇ. . ماركس: «باشقا مىللەتنى ئەزگۈچى مىللەتنىڭ ئەركىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» دېگەن. مەن ۋە مېنىڭ سەپداشلىرىم شىنجاڭغا خەنزۇ ئەزگۈچىلەر بوغۇلغان قەرزنى تۆلىگىلى كەلدۇق. . شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز، دوستى بىزنىڭمۇ دوستىمىز. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىمىز، ئىشلەيمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييارمىز! . . .

مەيداندا ئۇزاقتىن - ئۇزاققىچە ئۈزۈلمىگەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرايدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ.

## 20

يىغىن زالى، كۇندۇز.

پارتىيە ۋەكىلى شۇي جىيې يىغىن زالىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن قىزغىن سۆزلەشمەكتە.

شۇي جىيې: شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرز بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى كۈچلۈك ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىئانە توپلاپ، ئالتۇن كۈمۈشكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك ۋە ھەرخىل كىچىك تىپتىكى قوراللارنى سېتىۋېلىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم قىلىپ ئەۋەتتى، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن مىقداردا دورا ـ دەرمەك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتتى. ئاممىنىڭ ئىئانە توپلاشتىكى قىزغىنلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال بىر قېتىمدىلا يىگىرمە بەش دانە كۈمۈش يامبۇ تەقدىم قىلدى...

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن، ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەربىي ۋە خەلق نامىدىن، مەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، جۈملىدىن سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

## 21

يىغىن زالى، كۈندۈز.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا ، بوغان سەللىك، ئاپئاق ساقاللىق بىر ئۇيغۇر دىنىي زات شۇي جىيېنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ:

— ۋەتەننى قوغداش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ، شۇنداقلا ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، لېكىن بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىمىز ناھايىتى ئاز، ناھايىتى ئاز بولۇپ قالدى. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىئانە توپلاش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز، سىزنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىمىز.

شۆي جيې: سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت!.

## 22

ئىشخانا، كېچە.

شۆي جيې غۇۋا يېنىۋاتقان چىراغ نۇرىدا ماقالا يېزىۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدۇ، بەزىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ شىلدىرلىتىپ يازىدۇ. ئۇ ئۇيقىسىرىغان ھالدا ئاستا ئورنىدىن تۇرىدۇ. قوللىرىنى كېرىپ كېرىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئاستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ، داۋاملىق يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

## 23

كوچا، كۈندۈز.

شۆي جيې پىكاپنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە. پىكاپ ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس كوچا يوللىرىدا بەزىدە ئىتتىك، بەزىدە ئاستا مېڭىپ، خېلىدىن كېيىن چوڭ كۆۋرۈككە كېلىدۇ. يىقىنلا يەردە قىزىلتاغ مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

پىكاپ چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، گېزىتخانا تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ.

## 24

ئىشخانا، كۈندۈز.

www.uyghurkitap.com

شۇي جيېي گېزىتخانا باشلىقى ××× نىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ بىر تەرەپتىن سۆزلەشكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن رەتنى ماۋزېدوڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دېنىڭ رەسىمى بېرىلگەن گېزىتنىڭ بېسىلىش ئالدىدىكى نۇسخىسىنى كۆرۈپ:

— ياخشى، بەك ياخشى چىقىپتۇ! — دەيدۇ.

## 25

نابورخانا، كۈندۈز.

شۇي جيېي نابورچىكلار بىلەن دەرقەمدە ئىشلەپ گېزىت بېتى ياسىماقتا. بىر جۈپ ئوغۇل - قىز نابورچىك كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

— بىزنىڭ بۇ كەسىپكىمۇ ئۇستىكەنسىز! — دەپ شۇي جيېينىڭ ئىش ئۇستىدىكى ئەپچىللىگىنە ئىشچان قوللىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ.

## 26

ماشىنا بۆلۈمى، تاڭ سەھەر.

شۇي جيېي خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرىگەن هالدا قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ، نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن گېزىت بېسىلىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە.

بىر دەمدىن كېيىن، قولىغا باش قوماندان جۇدېنىڭ ماقالىسى بېرىلگەن گېزىتتىن يېڭىلا بېسىلغان نۇسخىسىنى ئېلىپ، كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقان يېنىدىكى ئۇستامغا قاراپ:

— ئەمدى بولۇدىكەن، مۇشۇنداق چىقىۋەرسە بولىدۇ! — دەيدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدىن مەمنۇن بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.
— ئەمدى بىسىۋىرەيلىمۇ؟ — دەيدۇ ئۇستام.
شۇي جيې: بولىدۇ.

## 27

رادىست ئۆيى، كەچقۇرۇن.

«يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دىن بۇ يەرگە يېڭىلا يۆتكۈلۈپ كەلگەن ۋاڭ يۇنشۇ پارتىيە ۋەكىلى ئۆزىگە تاپشۇرغان يەنئەنگە يوللىنىدىغان تېلېگرامما كوپىيىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاخىردىكى ئىمزانىڭ «چىن تيەنچيۇ» دەپ راۋرۇس يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچىگەندەك بولىدۇ ـ دە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىرىلىدۇ:

«پارتىيە تارىخىغا يېزىلغان... ‹چىن تيەنچيۇ›... دېگەن ئىسىم شۇمۇ؟... ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە!... ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن يولداش چىن تيەنچيۇنىڭ بۇ قەدەر كەمتەر، چېقىشقاق ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇ چاغقىچە زادى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن... يولداش چىن تيەنچيۇنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىش، كۈرەش قىلىش — بۇ نېمىدېگەن بەخت ـ سائادەت ۋە نېمىدېگەن شەرەپلىك ئىش ـ ھە؟...»

ئۇ شۇ تاپتا مۇشۇ خۇشاللىقىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە؟... بىراق، پولاتتەك پارتىيە ئىنتىزامى بۇنى باشقىلارغا ئېيتىشقا مۇتلەق يول قويمايتتى. شۇڭا، يەنە بۇرۇنقىدەكلا «يولداش شۇي جيې» دەپ ئاتاۋېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋاڭ يۈنشۈ ئەنە شۇنداق ئۆز قەلبىدىكى ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان ۋە ئۆزىنى زادى تۇتۇۋالالمىغاندەك بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە يەنئەنگە تېلېگراممىنى بىرىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

## 28

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، كۈندۈز.

قورۇ ئىچى پاك ـ پاكىز تازىلىنىپ، ئەينەكتەك پارقىرىتىۋېتىلگەن. قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئىشىك بېشىغا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!» دېگەن قىزىل پلاكات ئېسىلغان.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق، بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن، ھەممەيلەننىڭ تولۇق شەكىلدىكى چىرايلىرىدا خۇشاللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

گۇلدۇراس ئالقىشلار ئىچىدە پارتىيە ۋەكىلى شۈي جىي سۆزگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ پارتىيىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى ئېچىلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، قۇرۇلتاي ئېچىلىش ئالدىدىكى تولۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى، ۋەكىللەرنىڭ قەيەرگە چۈشكەنلىكىنى، ھەر كۈنكى يىغىننىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي سۆزلەيدۇ.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، قۇرۇلتاينىڭ يىغىن مەيدانى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ:

— ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ يول بويىغا سېلىنغان بالاڭ ئىشكىلىك ئۆي ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىلا بەردە تۆت چاسا ھويلىسى بار ئىدى. ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ئۈستەل

قويۇلغان، ئورۇندۇقلار يۇمىلاق ئورۇندۇق ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدە ئىستاكان، پەتنۇس ۋە چەينەكلەر قويۇلغان بولۇپ، ئىستاكانلارنىڭ ھەممىسىگە «مىزنىلىك پۇرىقى مەڭگۈ كەتمەيدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى. كىچىك ئىككى دانە پەتنۇسقا تاماكا چېكىشتە ئىشلىتىدىغان سەرەڭگە قويۇلغانىدى. ئۈستەلنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا كۆك گۈللۈك لوڭقا بار ئىدى. شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى ھوجرىدىمۇ باشقا ئورۇندۇق ۋە شىرەلەر بار ئىدى. تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لىمغا نىلوپەر يوپۇرماقلىق ئەينەك شىشە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇخۇم شەكىللىك لامپۇچكا بار ئىدى. شىمالىي تېمى تاختاي ئىدى. ئۇ تامدا ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە چىققىلى بولىدىغان ئىشىك بار ئىدى. ئۆينىڭ كەينى ئىشىكىدىن چىققانلا يەرنىڭ سول تەرىپىدە بىر پەلەمپەي بار ئىدى.

## 29

ئىش بېجىرىش ئورنى، كۈندۈز.

بىر چەتتە ئولتۇرۇپ شۇي جيېنىڭ تەسىرلىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقان ئىككى كىشى بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۆز ئارا پىچىرلاشماقتا:

— ھوي، ئەجەب ئۆزى قاتناشقاندەكلا سۆزلەۋاتىدىغۇ؟.

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، قاتناشسىمۇ قاتناشقاندۇ!.

## 30

ئىش بېجىرىش ئورنى، كۈندۈز.

شۇي جيې بىر دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

— قۇرۇلتاي داۋاملىشىۋاتقان چاغدا پايلاقچىلار بەرپىلىشلىك سېزىپ قىلىندى. كېيىن يەنخۇ كۆلىدىكى قېيىقتا يۈتكىلىپ قۇرۇلتاي داۋاملاشتۇرۇلدى. پارتىيە پروگراممىسى قاتارلىق ھۆججەتلەر مۇزاكىرە قىلىنغاندا قاتتىق تالاش - تارتىشلار بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا خەلقچىللىق ئاساسىدا سايلام ئۆتكۈزۈلدى.

كۆپچىلىك ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بەكمۇ ھاياجانلانغانلىقتىن، قەلب دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ كېتىدۇ.

## 31

تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن، ھويلا ئىچى، كۈندۈز.

پارتىيە ۋەكىلى بىلەن ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرۇدىغان بىر جەڭچى ھۆرمەت يۈزىسىدىن شۇي جيېگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— سىز ئاشۇ قىممەتلىك قۇرۇلتايغا چوقۇم قاتناشقاندەك قىلىسىز! — دەيدۇ.

ۋاڭ يۈنشۈ چەكسىز ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن:

— قۇرۇلتايغا سىز خۇبېي كوممۇنىزم گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ۋەكىل بولۇپ قاتناشقانغۇ، دەيمەن؟ — دېگەننى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاغزىدىن چىقىرىپ قالىدۇ.

شۇي جيې دەرھال ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ:

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىلەر؟. مەن بىر ئاددىي پارتىيە ئەزاسى تۇرسام! — دەپلا كۈلۈپلا قويىدۇ.

ھېلىقى جەڭچى نىمە دېيىشىنى بىلمەي، تېڭىرقاپ قالىدۇ. ۋاڭ يۈنشۈ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويغىنىغا خىجىللىقتا ئوڭايسىزلىنىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ، يانغا قارىۋالىدۇ.

## 32

ئاسمان، كەچقۇرۇن.

ئاسماننى بارغانسېرى قويۇق قارا بۇلۇت قاپلاپ كەلمەكتە.

## 33

كەچقۇرۇن.

بىر دەمدىلا پەيدا بولغان شىددەتلىك قارا بوران چاڭ ـ توزان، قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچرىتىپ كەلمەكتە.

## 34

كېچە.

قويۇق قارا بۇلۇت ئاي يۈزىنى ھەدەپ توسماقتا.

ھايال قالماي ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شامال ئارىلاش قارا يامغۇر ياغىدۇ.

## 35

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، كېچە.

ئۇيقۇسى قاچقان شىڭ شىسەي تۈن يېرىمىدا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، گۇناھسىزلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان بەتبەشىرە قوللىرىنى ئاچچىق سىلكىپ، ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭماقتا.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«ئەمدى ھەممە نەرسە تۈگەشتى، مەنمۇ تۈگىشىدىغان بولدۇم. گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە دۆلەتلىرى ئىتتىپاق

تۆزدى. قۇدرەتلىك گېرمانىيە ئارمىيىسى مۇستەقىل يوسۇندا ھەرىكەت قىلماقتا. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد يوق. كومپارتىيىمۇ ئەمدى جۇڭگونى قۇتۇلدۇرالمايدۇ».

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ قالىدۇ.

36

ئىشخانا، كۈندۈز.

(ئەسلىمە).

شىڭ شىسەي دىۋاندا پۈتسىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ ئولتۇرۇپ تېخى يېقىندىلا چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ليۇ جىڭيۈەن ئىسىملىك بىر زىيالىي ياش بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

ليۇ جىڭيۈەن: يەنئەندىن كەلگەنلەر بەكمۇ يوللۇق سۆزلەيدىكەن.

شىڭ شىسەي: توغرا دېدىڭىز!.

شىڭ شىسەي شۇ گەپنى دېيىشى بىلەنلا قاڭشىرىنى ئۇۋۇلايدۇ.

سىرتتىن ئۈنىڭ ئاۋازى ئېنىق بىرىلىدۇ:

«سەن خەتەرلىك ئادەم ئىكەنسەن، سېنى دەرھال كۆزدىن يوقاتمىسام بولمىغۇدەك!...».

37

تار يول، كۈندۈز.

ليۇ جىڭيۈەن بىراۋنىڭ «مۇنداق مېڭمىڭ!» دەپ كۆرسىتىپ قويۇشىدىن كېيىن، بۇرۇن ئۆزى مېڭىپ باقمىغان

تار يولدا كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ باش - كۆزىنى پۈركەپ تۇتىۋالىدۇ ۋە سۆرىگىنىچە ئېلىپ ماڭىدۇ.

## 38

ئىشخانا، كۈندۈز.

بىر كۈنى، ئىچى زەھەر، گۇمانخور شىڭ شىسەي ما جىلياڭ دېگەن زىيالىي ياشنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— ئارزۇيۇڭ نېمە؟ — دەپ سورايدۇ.

ما جىلياڭ: ئاخىرقى بارار يېرىم يەنئەن!.

بۇ گۇلدۇرمامىدەك كۈچلۈك بىرىلگەن جاۋابتىن چۆچۈپ كەتكەن شىڭ شىسەي قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، تەلەتى تاتىرىپ كەتكەن هالدا ئۆينىڭ تۆرىسگە قارايدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«سەنمۇ شۇنداق ئىكەنسەن، ساڭمۇ جەھەننەمنىڭ يول خېتىنى هازىرلاپ قوياي! . . .».

## 39

تار يول، كۈندۈز.

قورۇدىن بەخىرامان چىقىپ كېلىۋاتقان ما جىلياڭ زوراۋانلارنىڭ تۆت تەرەپتىن تۇيۇقسىز قورشاپ قىلغان هۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ليۇ جىڭيۈەننىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

## 40

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، كېچە.

شىلاڭ شىسەي خاپىلىقتا تازا چىچىلغان، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولغان ھالدا ئۆي ئىچىدە ھېلى ئۇيان، ھېلى بويان، خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ ماڭماقتا.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىرىلىدۇ:

— «ياپىرىم بۇ ئەبلەخلەرگە نىمە بولغاندۇ؟ . . . ئۇلار راستىنلا مىنىڭ بىشىمغا چىقارمۇ؟ ياق، ياق، ھەرگىز چىقالمايدۇ. . . ھەممىسىنى جايلىۋېتىش كىرەك، قانچە تېز، قانچە تولۇق جايلىۋەتسەك شۇنچە ياخشى! . . . ئەمدى بۇنى قىلچە كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.»

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

## 41

ئىشخانا، كۈندۈز.

شىلاڭ شىسەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشخانىغا ھازىرلا كىرىپ، ئىشخانا ئوتتۇرسىدا خوش - خوش قىلىپ تۇرغان پاكار، سېمىز، يوغان باش لى يىڭچىغا قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرمەكتە:

— سەن دەرھال بېرىپ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دۇجىڭيۈەننى قولغا ئال! .

لى يىڭچى: دۇ جىڭيۈەننى؟ .

شىلاڭ شىسەي: ھە، دۇجىڭيۈەننى! .

لى يىڭچى: ئۇنى ئالدىراپ قولغا ئالساق قانداق بولار؟ . . .

شىلاڭ شىسەي: ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇنلا شاڭخەيدە «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشر قىلىپ «قۇرۇق گەپچى پادىشاھ» دىگەن سەرلەۋھىلىك ماقالا ئېلان قىلىپ جياڭ جېشىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان ئاشۇ يەتتە نەپەر زاتنىڭ بىرى.

لى يىڭچى: خوش، خوش!.

شىلىڭ شىسەي: سەن بۇنى بىلەمسەن؟.. ئۇ خەتەرلىك ئادەم!.

لى يىڭچى: بىلىمەن، بىلىمەن!.

شىلىڭ شىسەي: ئۇ زىيالى - پىيالى دېگەنلەرنىڭ بېشىنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

لى يىڭچى: شۇنداق، شۇنداق!.

شىلىڭ شىسەي: سەن دەرھال ئۇنى قولغا ئېلىپ «قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش دېلوسى» نى ئىقرار قىلدۇر!.

لى يىڭچى: خوپ!.

## 42

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ئىشخانا، كۈندۈز.

شىلىڭ شىسەينىڭ قارا كىيىملىك، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىتلىرى ئىشخانىغا قاراقچىلارچە بېسىپ كىرىپ، دۇجىنگيۇەننى «ماڭ، چاپسان بول!» دەپ گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە ماشىنىغا مەجبۇر سالىدۇ. ماشىنا تېز ئوت ئېلىپ غۇيۇلداپ مېڭىپ كېتىدۇ.

## 43

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىشخانا، كۈندۈز.

ئىشخانىدا شۆي جيې باش كۆتۈرمەي قېتىرقىنىپ بىر نەرسە يېزىۋاتىدۇ، ئىشىك قېقىلىدۇ.

شۆي جيې: ھە، كىرىڭ، رۇخسەت!.

ئىشخانىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ليۇبىڭ ئەمدى قەلەمنى قويۇپ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرگەن شۆي جيېگە قاراپ:

www.uyghurkitap.com

— بۇگۈن چۈشتىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ قارا ئىتلىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىن دۇ جىڭيۈەن ئەپەندىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ!.

شۈي جيې: هە؟ . . . راستمىكەن؟.

ليۇ بىڭ: راست ئىكەن، بۇ ئىشتىن مەكتەپتىكى ھەممەيلەن خەۋەر تېپىپتۇ.

شۈي جيې: شىڭ شىسەي نىقابلىنىۋالغان «ئىلغار» لىق تونىنى يېرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مىلىتارىستلىق ۋە جاللاتلىق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىغىلى تۇردى، بىز ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرايلى!.

## 44

سوراقخانا، كەچقۇرۇن.

شىڭ شىسەينىڭ سوت ھەيئىتىدىكىلەر دۇ جىڭيۈەننى بېشەملىك بىلەن سوراق قىلماقتا.

دۇ جىڭيۈەن قاتتىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

— مېنى شىنجاڭغا شىڭ شىسەي ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. مەن ئالتە بۈيۈك سىياسەت بويىچە ئىش قىلدىم. ئۇنىڭغا قىلچىمۇ خىلاپلىق قىلمىدىم. مەن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەم بەردىمكى، يامان ئىش قىلمىدىم. شۇڭا مېنىڭ شىڭ شىسەي ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم يوق!.

سوت ھەيئىتى مۇدىرى فۇ باۋلىيەن: سەن ياۋاشلىق بىلەن ئۆزۈڭلەرنىڭ «قورال توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇرۇن پىلانلاش دېلو» يىغلىرىنى ئىقرار قىلىشىڭ كېرەك!.

دۇ جىڭيۈەن: بۇ پۈتۈنلەي توقۇلما، تۆھمەت!

فۇ باۋلىيەن: ياۋاش بول، ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى

كۆرۈسەن!.

دۇ جىڭيۇەن: ھەقىقەت بەرىبىر ھەقىقەت! ئۇ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

## 45

جازا ئۆيى، كېچە.

شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى جازا قورالىرىنى ئىشقا سېلىپ دۇجىڭيۇەننى قىينىماقتا.

جاللات: (ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ) ئېيتامسەن، يوق؟!...

دۇ جىڭيۇەن: مەندىن گەپ ئالمەن، دەپ خام خىيال ئەيلىمە!.

جاللات: ھېلى بىكار...

دۇ جىڭيۇەن: قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!.

## 46

جازا ئۆيى، كەچقۇرۇن.

شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، يېڭىلا خەلق ئىشلار نازارىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئىشلەۋاتقان جاۋ گورىننى قولغا ئېلىپ، قىيناپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئاندىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان «ئىسيان كۆتۈرۈش» ئىقرارنامىسىگە ھوشسىز ياتقان جاۋ گورىننىڭ قولىنى باستۇرۇۋالىدۇ.

ئاندىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپ، ئىنئام ئېلىش قايغۇسىدا قالغان ھېلىنگەر جاللات:

— ئەمدىغۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! ھېلىغۇ

سەنكەنسەن! سەن تۇگۇل، سىنىڭ شۇي جيې، جۇ بىلگىدىگەن كاتتىۋاشلىرىڭمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## 47

ئىشخانا، كۈندۈز.
شۇي جيې چىرايى تۈتۈلۈپ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا تېلېفون تروپكىسىنى قولىغا ئېلىپ:
— ماڭا دۇبەن يامۇلىنى ئېلىپ بېرىڭ. . . قايسى ئىشخانا دېدىڭىزما؟ . . . ماڭا شىڭ دۇبەننىڭ ئىشخانىسىنى ئۇلاپ بېرىڭ؟ . مەن شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن.
قارشى تەرەپ:
— سىزگە مۇنداق ئاسان ئىش يوق! — دەپ تېلېفوننى ئۇلاپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ.

## 48

كوچا، كۈندۈز.
شۇي جيې ئولتۇرغان پىكاپ كوچا دوقمۇشىدىن ئايلىنىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، دۇبەن يامۇلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 49

ئىشخانا، كۈندۈز.
شۇي جيې: مېنى شىڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ!.
لى يىڭچى: شۇنداق ئالدىراش نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟.
شۇي جيې: بەزى ئىشلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇنى شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىگە دەيمەن!.
لى يىڭچى: ئۇنداق بولسا، مەن شىڭ دۇبەن جانابلىرىغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەۋەر قىلاي! (لى يىڭچى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇيەردىن ھايال قالماي يېنىپ چىقىدۇ.)

لى يىڭچى: شىڭ دۇبەن بەك ئالدىراش ئىكەن، كۆرۈشۈشكە ۋاقتى يەتمەيدىكەن!.

شۇي جيې غەزەپ بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەرنى گۇرسۇلدۇتۇپ قاتتىق دەسسىگىنىچە يېنىپ چىقىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ.

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە ئايان دېگەن شۇ ــ دە!»

50

ئوچۇق سوت، چۈشتىن ئىلگىرى.

سوتتا گۇناھسىز جاۋگورىن شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ باش كېسەر جاللاتلىرىنى ھەدەپ سۆكمەكتە:

— سىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇرۇن پىلانلاش دېلوسى» دېگەن نەرسەڭلار پۈتۈنلەي ئويدۇرما. ئۇنداق مەسىلە زادى مەۋجۇت بولغان ئەمەس. بۇ سىلەرنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارغا، ئىلغار زاتلارغا تۆھمەت قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە خۇشامەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئىنئام ئالماقچى بولغانلىق رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىڭلارنى تولۇق ئېچىپ بەردى، خالاس. ئەمدى «ئىقرارنامە» دېگەن نەرسىگە كەلسەك، ئۇمۇ پۈتۈنلەي يالغان، مەن ئۇنداق «ئىقرارنامە» نى ھەرگىزمۇ ئىقرار قىلمايمەن. چۈنكى بۇمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرسى. ئۇلار مېنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاقتا ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن قولۇمنى باستۇرۇۋالغان!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 51

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، چۈشتىن كېيىن.

شىڭ شىچى ئاكىسى شىڭ شىسەينىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ تۆتىنچى ئىنىسى بولۇپ، بۇرۇن ياپونىيىدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقىغان، شىڭ شىسەي تەختىدە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇھاپىزەتچىلەر پولكىنىڭ پولك كوماندىرى بولغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ بىرقانچە يىل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇپ بەرگەن ماشىنىلاشقان بىرىگادىنىڭ كوماندىرى بولغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىلغارلىققا مايىل ئىدى.

شىڭ شىسەي: ھە ئۇكام، كەپقاپسەنغۇ؟.

شىڭ شىچى: ساڭا بىر گەپنى دېگىنى كېلىۋېدىم.

شىڭ شىسەي: ھە، ئېيتقىنە، نېمە گەپتى؟.

شىڭ شىچى: جاڭ گورىنغا ئۆلۈم جازاسى بەرگىلى بولمايدۇ!.

شىڭ شىسەي: (ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە) نېمە ئۈچۈن؟

شىڭ شىچى: لى يىڭچى قاتارلىقلارنىڭ بەرگەن ماتېرىياللىرىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. بۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئىنىسىنىڭ گەپلىرى شىڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ سۆرۈن، ياپىلاق كەلگەن تەلەتىنى قار ـ مۇز قاپلاپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ساقال بېسىپ كەتكەن يۈز گۆشلىرى ئۆپكىدەك دىرىلدەپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ بۇرنىنىڭ قاڭشىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ:

— ھازىرقى مۇنداق ۋەزىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن داۋاملىق دوست بولغىلى بولمايدۇ. ھازىر كوممۇنىستلارغىمۇ تايانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئەمدى بىز ھازىرقى

ئېقىمغا ماسلىششىمىز كېرەك. ئاكا ــ ئۇكا ھۆرمىتى ئۇچۇن بولسىمۇ، بىز بوران ــ چاپقۇندا بىللە بولايلى!.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىڭ شىچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ، دېرىزە ئالدىغا كېلىدۇ ــ دە، ئوي ــ پىكرى قاتتىق چېچىلغان بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خىيال ئىچىدە كۆزىنى ئۇزۇنغا تىكىدۇ ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا:

چۆكۈپ كەتسە بىر كېمە قالغىنى يۈرۈۋېرەر،
قۇرۇپ قالسا بىر دەرەخ ئورمانلار كۆكلەۋېرەر.

دېگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئىككى مىسرا شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيدۇ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم چامدايدۇ.

— تەلۋىلىك قىلما!... قوي بۇ بىرنېمىلىرىڭنى! — شىڭ شىسەي قوللىرىنى شىلتىپ، ئالدىدىكى شىرەنى قاتتىق مۇشتلايدۇ.

شىڭ شىچى دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىدۇ. قەلبى گويا ۋولقاندەك يانىدۇ. كۆزلىرىدىن ۋال ــ ۋۇل قىلىپ ئوت چاقناپ كېتىدۇ. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى شىجائەتكە تولغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

— يېڭى شەيئىلەر يېڭىلمەيدۇ. ھەقىقەت ئېگىلىسىمۇ سۇنمايدۇ. غەربتە سىتالىن، شەرقتە ماۋزېدۇڭ بار. گەرچە فاشىستلار بىرمەھەل غالجىرلىشىپ باقسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدە ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

52

8 ــ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، دەرۋازا ئالدى، كۈندۈز.

گومىنداڭ پايلاقچىلىرى دەرۋازا ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ پايلاقچىلىق قىلماقتا.

## 53

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئالدى، چۈشتىن كېيىن.

ئۇزۇن يولدىن كەلگەن، چىرايلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرۇدىغان، باش ـ كۆزلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان، بىرمۇنچە كىشىلەر كونىراپ كەتكەن ماشىنىلاردىن، ئوڭ ـ سولىغا سالپىيىپ قالغان ھارۋىلاردىن يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرمەكتە.

ئۇلارنى دەرۋازا ئىچىدىن چىققان بىرمۇنچە كىشىلەر كۈتۈۋالماقتا.

— ھارمىغايسىلەر يولداشلار، كۆپ جاپا چەكتىڭلار!

چىرايىدىن قەيسەرلىك تېمىپ تۇرۇدىغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان ئېگىز بويى بىر كىشى:

— ئىنقىلاب يولىدا ئازراق جاپا تارتساق نېمە بوپتۇ؟ . . . ئەزىز جانىمۇ قۇربان قىلىنىۋېتىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدىغۇ؟ — دەيدۇ.

شۇ پەيتتە بىرى شىمالىي شىنجاڭدىن، بىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن ئىككى ئاغىنە ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن شۇ پەيتتە بۇ يەردە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغانلىقلىرىغا ھەيران بولغان ھالدا سۆزلەشمەكتە:

ئا: سەنمۇ قايتىپ كەلدىڭمۇ؟.

ب: ھەئە، خىزمەتكە باشقىدىن تەقسىم قىلىنمىز، ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەل، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن، شۇڭا قايتىپ كەلدىم.

ئا: ماڭىمۇ شۇ مەزمۇندا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن. مېنىڭچە بۇنىڭدا چوقۇم بىر سۇيىقەست بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ب: مەنمۇ شۇنداقمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن.

هويلىدىن كۇلۇمسىرەپ چىققان ليۇ بىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدۇ:

— قېنى يولداشلار، قورۇغا كىرەيلى! باشقا گەپ - سۆزلەرنى شۇ يەرگە كىرگەندە دېيىشەيلى! — سىلەرگە ھاردۇق يەتتى، ئاۋۋال كىرىپ ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، دەم ئېلىۋېلىڭلار!

ئا
ب: بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى!.

ئۇلارنى ليۇ بىڭ قاتارلىق كىشىلەر يۇك - تاقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپ، قورۇ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ.

## 54

كوچا دوقمۇشى، كۇندۇز.

موزدۇز قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر پايلاقچى كۆزەينەك تاقاپ، ئايلاغ ياماۋاتقان كۆرۈنۈشتە ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېلى ئۇڭ، ھېلى سول تەرەپكە، بولۇپمۇ ئالدىدىكى ئىش بېجىرىش قورۇسى ئىچىگە خۇددى ئوغرى مۆشۈكتەك قارىماقتا.

## 55

ئىشخانا، كەچقۇرۇن.

شۇي جيې مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا جەسۇر قىياپەت بىلەن تەمكىن سۆزلىمەكتە:

— يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن شەپىسى كېلىدۇ، تېخى بەزىدە قاتتىق شامال - بورانمۇ چىقىپ كېتىدۇ. . . بىز دەھشەتلىك بوراندىكى باتۇر قۇش بولۇشىمىز كېرەك. بىز ھازىر پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

پارتىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىدە پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش، خىسلەتنى ساقلاش تەربىيىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

## 56

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، چۈشتىن كېيىن.

شىڭ شىچى غەزەپتە كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، جىددىيلىك بىلەن شىڭ شىسەيگە قاراپ سۆزلىمەكتە:

— ئەگەر سەن ھوشۇڭنى تاپماي، خەلق بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ، بىلگىنىڭنى قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، مەن قىبرى ئانامنى يېتىلەپ، كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلسام قىلىمەنكى، ھەرگىز قارا كۆڭۈلەرگە تەسلىم بولۇپ، ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان يولغا ماڭمايمەن.

## 57

شۇ جىيىنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.

شۇي جىيې ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، شەپكىسىنى ئاسقۇغا ئىلىدۇ. ۋاڭ يۈنشۈ بىر ئىستاكان چاينى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى توي قىلىشقانىدى. شۇي جىيې بىر ئىستاكان چاينى قولىغا ئېلىپ بىرنى ئوتلايدۇ ـ دە، ئاندىن ئۇنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئاچىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئادەم تۇتۇش ماشىنىسى ئەنسىز سىگنال بېرىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ۋاڭ يۈنشۈ: شىڭ شىسەي دېگەن بۇ ئەبلەخ ئارقا ـ ئارقىدىن قول سېلىۋاتىدۇ. بۈگۈن يەنە كىملەرنى قولغا

ئېلىشاركىن؟ . . .

شۈي جيې دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

« ئېھ سۆيۈملۈك ۋەتەن، ئېھ سۆيۈملۈك چېگرا رايون، سەن نېمىشقا هامان چەكسىز زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇۋىغانسەن؟ . . . خەلقىڭ نېمانچە ئازاب چېكىدىغاندۇ؟ . . . سەندە ئەسىرلەر بىرى قانچە قېتىم قوزغىلاڭ بولدى ـ هە؟ قانچىلىغان ئوغلانلار كۆكرەك كېرىپ جەڭلەرگە كىردى ـ هە؟ . . . »

تالادا هۇۋۇلىغان بوران شۈي جيېنىڭ ئاۋازىنى بېسىۋېتىدۇ. شۈي جيې بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇققا مەنسىتمىگەن نەزىرى بىلەن قاراپ، دېرىزىنى «جاق» قىلىپ يېپىۋېتىدۇ. ئاندىن زەردە بىلەن:

— هەي مۇدهىش بوران، سەن هۇۋۇلىساڭ هۇۋلاۋەرگىن، باتۇر قۇش سېنىڭدىن هەرگىز قورقۇپ قالمايدۇ! — دەيدۇ.

## 58

شېڭ شىسەينىڭ ئىشخانىسى، كۈندۈز.

(ئەسلىمە):

شۈي جيې قەتئىي ئىرادە بىلەن شېڭ شىسەيگە ئېتىراز بىلدۈرمەكتە.

شۈي جيې: سىز خوجانىياز هاجىنى قويۇۋېتىڭ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىسىڭىز بولمايدۇ. سىز بىلەمسىز، ئۇ خەلق رەهبىرى.

شېڭ شىسەي: (تەكەببۇرانە قىياپەتتە) ئۇنى نېمە قىلىمەن دېسەم شۇنى قىلىمەن، قانداق ئۇچۇقتۇرغۇم كەلسە شۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئۆجۆقتۆرىمەن. ئۆنى ئۆلتۆرۆشنى ستالىن تەستىقلىغان!
(ئەسلىمە تۆگەيدۇ)

## 59

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، كۈندۈز.

شىڭ شىسەي تالا تەرەپكە خۇدۇكسىرىغاندەك بىر قارىۋېتىپ، مۇھاپىزەت بەنىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك بەنجاڭىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ.

ۋاڭ بەنجاڭ باش ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى بىجا كەلتۈرۈشكە ھەرقاچان تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

شىڭ شىسەي ئىشىك تەرەپكە يەنە بىر قېتىم ئوغرى مۈشۈكتەك قارىۋېتىپ، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ۋاڭ بەنجاڭنىڭ قولىغا قولى تىترىگەن ھالدا تۇتقۇزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە پىچىرلايدۇ:

— لېكىن تاپانچىنى تاشلاپ قويۇشنى ئۇنتۇما!.

ۋاڭ بەنجاڭ: خوپ!.

## 60

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، كۈندۈز.

شۇي جيې دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنى سالماق تۇتقان ھالدا تەمكىن سۆزلىمەكتە:

— «باي بولغاندا چىرىكلەشمەسلىك، كەمبەغەللىكتە تەۋرەنمەسلىك، ھەيۋە ئالدىدا تىز پۈكمەسلىك» نى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

## 61

شىڭ شىچىنىڭ ئۆيى، چۈشتىن كېيىن.

شىڭ شىچىنىڭ ئۆيىگە ئۈستىلىق بىلەن كىرىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان ۋاڭ بەنجاڭ قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا، ھودۇقۇش ئىچىدە كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ، كارۋات ئاستىدا ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ ياتىدۇ.

شىڭ شىچى ئىشتىن قايتىپ، ئۆيىگە كىرىپ، ئاز راق ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دىۋانغا قاراپ ماڭىدۇ، «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شىڭ شىچى دىۋان بىلەن كارۋات ئارىلىقىغا يىقىلىدۇ. ۋاڭ بەنجاڭ ئاتقان ئوق ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە تېگىدۇ. ۋاڭ بەنجاڭ قورقۇنچ ئىچىدە، چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا، ھاپىلا ـ شاپىلا كارۋات ئاستىدىن چىقىپ، يەردە ياتقان جەسەتكە يىرگىنچ بىلەن بىر نەزەر تاشلىۋېتىپ، تاپانچىنى كارۋات ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

## 62

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ رادىست ئۆيى، كەچقۇرۇن.

رادىست ۋاڭ يۈنشۈ يەنئەنگە يوللىنىدىغان تېلېگراممىنى يوللاشتىن ئىلگىرى قولىغا ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇۋېتىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە قالدى. مەن شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بارلىق خادىملىرىمىزنى چېكىندۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.

چېن تىيەنچيۇ.»

ۋاڭ يۈنشۆ تېلېگراممىنى بېرىشكە باشلىدى. چىرايى بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالدى.

## 63

شېڭ شىچىنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.
شېڭ شىچىنىڭ گۈزەللىكتە تەسرناقتا توختايدىغان ساھىبجامال خوتۇنى چېن شۈيىڭ ئېرىنىڭ جەستى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ داد - پەرياد ئۇرۇپ يىغلىماقتا، قاقشىماقتا. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا ھوشىدىن كېتىدۇ.

## 64

ئىشخانا، كۈندۈز.
(ئەسلىمە):
شېڭ شىسەي بىلەن شېڭ شىچى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئۆز ئارا سۆزلەشمەكتە.
شېڭ شىچى: بولدى، مېنىڭ چېن شۈيىڭنى خوتۇنلۇققا ئالغىنىم ئالغان!
شېڭ شىسەي: ھەرھالدا ئويلاپ بىر ئىش قىل!

## 65

چېن شۈيىڭلارنىڭ ئۆيى، كۈندۈز.
ئەمدى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن گۈلدەك چىرايلىق قىز چېن شۈيىڭ ئاپىسىغا سۆزلىمەكتە:
— جېنىم ئاپا، ماقۇل دەڭ، مېنىڭ شېڭ شىچىغا تەگكىنىم تەگكەن! ئەگەر ئۇنىڭغا بەرمىسەڭلار زادى ئەرگە تەگمەيمەن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

66

قورۇ، كۈندۈز.
گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىشكەن شىڭ شىچى بىلەن چىن شۈيىڭ نۇرغۇن چىرايلىق قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قورۇدىن چىقىپ كەلمەكتە.
(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

67

شىڭ شىچىنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.
چىن شۈيىڭ ھوشىغا كېلىپ، ئېرىنىڭ جەستى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار - زار يىغلىماقتا.
بىرنەچچەيلەن «بولدى قىلىڭ!» دەپ تارتىپمۇ بولالمايدۇ.

68

كوچا، كۈندۈز.
(ئەسلىمە):
بىر جۈپ ياش، چىرايلىق ئەر - خوتۇن شىڭ شىچى بىلەن چىن شۈيىڭ گۈزەل موسكۋا كوچىلىرىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ تاماشا قىلماقتا. ماگىزىنلارغا كىرىپ، پىركازچىكلارغا ئۇنى - بۇنى ئالدۇرۇپ كۆرمەكتە. موسكۋا دەرياسىدا قېيىق ئۈستىدە سەيلە قىلماقتا.
شىڭ شىچى: بىز نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟.
چىن شۈيىڭ: شۇنىسى دەڭە؟. بىز ئەلۋەتتە بەختلىكمىز!.

(ئەسلىمە توكەيدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 69

شىلىڭ شىچېنىڭ ئۆيى، كەچقۇرۇن.

بىرنەچچە ئايال شىلىڭ شىچېنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن چىن شۆيىگىنى ئاستا تارتىپ تۇرغۇزىدۇ. ياشتا چوڭراق بىر ئايال چىن شۆيىگىغا تولىمۇ ئېچ ئاغرىتقان هالدا:

— بولدى قىزىم، بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى تولا يىغلاۋېرىپ، ئۆزۈڭنى ئۈپراتساڭ بولمايدۇ قىزىم! — دەيدۇ.

## 70

مەجلىسخانا، چۈشتىن ئىلگىرى.

قۇياش نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن قويۇلغان ئۈستەللەر ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك هەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار ئولتۇرۇشقان.

هەربىي كىيىم كىيىپ، بېلىگە تاپانچا ئېسىۋالغان شىلىڭ شىسەي بىلىكىگە قارىلىق تاقىغان هالدا سۆزلىمەكتە:

— بەختىمىزگە قارشى ئىنىم شىلىڭ لوجاڭ بالىسى ئويناۋاتقان تاپانچىدىن تويۇقسىز ئېتىلىپ كەتكەن ئوقتا ئۆلدى...

## 71

تاهارەتخانا، كۈندۈز.

شىلىڭ شىسەي ۋاڭ بەنجاڭ قاتارلىق مۇهاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى بىلەن تاهارەتخانىغا بارىدۇ. ئۇ تاهارەتخانىدا ئولتۇرغان

ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆزىنى تېخى تۈزەشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا مۇھاپىزەتچىلەرگە:

— دۈشمەن!، ئەنە دۈشمەن!، نېمىشقا ئاتماي تۇرىسىلەر؟، دەرھال ئېتىڭلار! — دەپ قول ئىشارىتى بىلەن ۋاڭ بەنجاڭنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھاپىزەتچىلەر شىياڭ شىسەينىڭ قاتىللىنى تېپىشتىكى ئىزنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي، خۇددى بۇتتەك قېتىشىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىشىدۇ.

دەرغەزەپكە كەلگەن شىياڭ شىسەي ئەسەبىيلىك بىلەن توۋلاپ:

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟، چاپسان ئېتىڭلار! — دەپ مۇھاپىزەتچىلەرگە ۋاڭ بەنجاڭنى ئاتقۇزۇۋېتىدۇ.

## 72

ئىشخانا، كۈندۈز.

ئىيۇلنىڭ باشلىرى.

ۋاڭ يۈنشۈ ئىشخانىغا خۇشال ھالدا ئالدىراپ كىرىپ:

— لاۋ شۈي مەركەزدىن خادىملىرىمىزنى چىكىندۈرۈش توغرىسىدا جاۋاب تېلېگراممىا كەلدى، — دەپ قولىدىكى تېلېگراممىنى شۈي جىيىگە سۇنىدۇ.

شۈي جىيى تېلېگراممىغا ئىنتىك - ئىنتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بەك ياخشى بولدى، بەك بەلەن بولدى! — دەيدۇ.

## 73

مەجلىسخانا، كۈندۈز.

شىپاڭ شىسەي بۇ يەرگە يىغىلغان ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلارغا سۆزلىمەكتە:

— شىپاڭ لۇيجاڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى!.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن سەل چەترەك ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن بۇ گەپكە دەرگۇمان بىلەن قاراپ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالىدۇ. كەڭ پېشانە، يوغان كۆز، لېكىن دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەنرەك بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قاپاقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«بۇ گەپچە يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ ئىشقا چېتىلىپ قولغا ئېلىنىدىكەن - دە.»

74

8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، قورۇنىڭ بىر بۆلىكى، كۈندۈز.

كۆپچىلىك شوي جېيىنىڭ ئاغزىدىن نۆۋەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر مۇھىم بىر خەۋەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن تىڭشىمەكتە.

شوي جېيى جىددىي، تەمكىن ھەم سالماقلىق بىلەن سۆزلىمەكتە:

— بىز ئەتراپلىق ئويلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق خادىملىرىمىزنى مۇنداق ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ چېكىندۈرۈشنى بېكىتتۇق. يەنى بىرىنچى تۈركۈمدە مەسئۇل يولداشلار بىلەن ئاۋىئاتسىيە دويى چېكىنىدۇ. ئىككىنچى تۈركۈمدە مېيىپ، كېسەل، ئائىلە تەۋەلەر بىلەن باللار چېكىنىدۇ. ئۈچىنچى تۈركۈمدە ئىش

بىجىرىش ئورنىدىكى خادىملار بىلەن مەن چېكىنىمەن.

ئا: بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بوپتۇ. بىز قوشۇلىمىز. بىراق ئۆزىڭىز بىرىنچى تۇركۇمدە چېكىنىشىڭىز كېرەك!.

تەرەپ - تەرەپتىن:

— توغرا دېيىشىدۇ، لاۋشوي، سىز بىرىنچى تۇركۇمدە چېكىنىڭ، — دېگەن سادالار ئاڭلىنىدۇ.

شوي جيې بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، بىر تەرەپتىن كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇسا، بۇ ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى توغرىسىدا باشقىچە پىكىرلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىغا قارىتا بېشىنى چايقاپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا يەنە تەكىتلەپ:

— مېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چېكىنگىنىم مۇۋاپىقراق! — دەيدۇ.

ئا: سىز پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى!.

ب: پارتىيىمىز، ئارمىيىمىز سىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق!.

س: سىزنىڭ ھاياتىڭىز خەۋپكە ئۇچرىسا، بۇ زىياننى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ!.

كۆپچىلىك (بىردەك ۋارقىراپ) توغرا، توغرا — دېيىشىدۇ.

شوي جيې: يولداشلار، سەپداشلار!، كۆپچىلىكنىڭ قەلبىنى ئەلۋەتتە مەن چۈشىنىمەن، كۆپچىلىككە رەھمەت. بىراق پارتىيە ماڭا كۆپچىلىكنى تولۇق، بىخەتەر چېكىندۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىكەن، بۇيەردە تىبخى چېكىنمىگەن يولداشتىن بىرسىلا بولىدىكەن، مەن ئەلۋەتتە ماڭالمايمەن - دە، بۇنى يولداشلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 75

ئىشخانا، كۈندۈز.

شىڭ شىسەي خىزمەتچىسىنى چاقىرتىپ: ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن ئىككى كونۋېرتنى ئۆتكەنغا بېرىدۇ:

— ماۋۇ بىرىنى موسكۋاغا سال. ماۋۇ بىرىنى نەنجىڭگە ئەۋەت!

كونۋېرتنى قولىغا ئالغان خىزمەتچى «خوپ» دەپ چاس بېرىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

شىڭ شىسەي جايىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەنىڭ كەينىدىن قارىغىنچە قولىنى ئېڭىكىگە تۇتۇپ خىيالغا پاتىدۇ. . .

## 76

موسكۋا، ئىشخانا، كۈندۈز.

رۇس كاتىپى شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن خەتنى كۆرمەكتە.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«چىن شۈيىڭ بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەت قىلغان بىر كىشى شىڭ شىچىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. بۇ جاھانگىر ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا ۋە ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە قارشى ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ.»

## 77

نەنجىڭ، ئىشخانا، كۈندۈز.

گومىنداڭ كاتىپى شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن خەتنى كۆرمەكتە.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:
«شىڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى سۇيىقەستى ھېسابلىنىدۇ.»

78

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى قورۇسى. ئەتىگەن.

1942 ـ يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈن.

ناشتىدىن كېيىن شۇي جيې بىلەن جۇ بىڭ ھويلىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئۇرۇمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان يەن جىن ئۇشتۇمتۇتلا كىرىپ كەلدى. ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن ھەم ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇي جيېنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— لاۋ شۇي، جياڭ جيېشىنىڭ خوتۇنى بىلەن مىلىتارىست جۇ شۆلياڭ ئۇرۇمچىگە كەپتۇ. ئۇلار ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا دۇبەن مەھكىمىسىگە بېرىپتۇ، — دەيدۇ جىددى قىياپەتتە.

شۇي جيې قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىش ئەمدى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، — دەيدۇ. ئاندىن جۇ بىڭغا قاراپ، — بىز ھەرقايسى ياچېيكىلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتەيلى، يولداشلارغا قارىتا خىسلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتسۇن!.

79

تۇرمە، كۈندۈز.

دۆڭ بۇتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەسلىدىكى

كاتولىك چېركاۋسىدىن ئۆزگەرتىلگەن تۈرمە تۈرمىسىنىڭ 137 ـ نومۇرلۇق كامېرىغا «كوممۇنىست بىلەن زىنا قىلىپ، ئېرىنى سىياسىي سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى! . » دېگەن بەتنام بىلەن شىڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شۇيىڭ قامالغان. شىڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيە خادىملىرىغا زەھەرلىك قولىنى سىلىپ، زىيانكەشلىك قىلىشتا چېن شۇيىڭمۇ بىر بۆسۈش ئېغىزى قىلىنغانىدى.

چېن شۇيىڭ سوراققا ئېلىپ چىقىلدۇ. سوت كومىتېتى مۇدىرى فۇ باۋلىيەن ئۈنىڭدىن:

— ئېيتقىنا؟ سەن شىڭ لۇيجاڭنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ سەن بۇ ئارقىلىق زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىتىڭ؟ — دەپ سورايدۇ.

چېن شۇيىڭ: بىز ئەر ـ خوتۇن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن. ھەتتا بىرەر قېتىممۇ گەپ تەگىشىپ قالمىغان، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئېرىمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشۈم مۇمكىنمۇ؟ . . .

فۇ باۋلىيەن: غەلىتە بىرگەپ قىلىسەنغۇ؟ ئېرىڭنى سەن ئۆلتۈرمىسەڭ كىم ئۆلتۈرىدۇ؟

چېن شۇيىڭ: شىڭ لۇيجاڭنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى مەندىن ئەمەس، جاللات شىڭ شىسەيدىن سورا! .

فۇ باۋلىيەن: تولا ۋالاقلىما! سەن بىر كوممۇنىست بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتتە بولۇپ، شىڭ لۇيجاڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭدىن تېنىۋالالمايسەن! بۇيەردە سېنىڭ بىر سۇيىقەستىڭ بار.

چېن شۇيىڭ: (سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ) ئېرىنى ئۆلتۈردى دېگەن بۇ چېكىدىن ئاشقان ئويدۇرما، ماڭا قىلىنغان تۆھمەت! .

فۇ باۋلىيەن: بۇنى ئېقرار قىلمىساڭ ھەرگىز بولمايدۇ! .

چىن شۇيىڭ بېشىنى سىلكىپ، ئالدىغا چۈشۈۋالغان ماڭلاي چېچىنى تۈزەيدۇ. ئاندىن سوراقچىغا رەددىيە بېرىپ كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇشتا ئىنىسى — مېنىڭ ئېرىم شېڭ شىچىنى ئۆزىگە پۇتلىكاشاڭ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق يوچۇق تېپىپ كوممۇنىستلارغا، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە زەربە بەرمەكچى، جىياڭ جىيېشىغا ياخشىچاق بولماقچى بولدى. ئەمدىلىكتە بولسا، سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دەپ، شېڭ شىچىنى ئۆلتۈردى دېگەن تۆھمەتنى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۆتكىمەكچىمۇ؟. بۇ رەزىل ئويۇنلار چىلبۆرى تەبىئەتلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىڭلاردىن دېرەك بەرمەمدۇ؟.

فۇ باۋلىيەن: ئاغزىڭنى يۇم!.

80

ئىشخانا، كۈندۈز.

شېڭ شىسەي: ئىقرار قىلدىمۇ؟.

فۇ باۋلىيەن: ياق، ئىقرار قىلمىدى.

شېڭ شىسەي: ئەيۋەشكە كېلىدىغاندەك قىلمامدۇ؟.

فۇ باۋلىيەن: بەك جاھىل ئىكەن.

شېڭ شىسەي: (خىيال ئارىلاش) ھازىر جاھىللىق قىلغان بىلەن كېيىن جاھىللىق قىلالمايدۇ. بىر قىيناش بىلەن ئەيۋەشكە كېلىدۇ!.

81

جازا ئۆيى، كەچقۇرۇن.

قولىنى باغلاپ ئېسىپ قويۇلغان شاۋ زۇشىنىڭ ئىسىملىك بىر ياش:

— مەن ئەمدى دەي، مەن ھەممىنى ئىقرار قىلاي! — دەۋاتىدۇ.

جاللات: ھە، ئەمدى ئەقلىڭگە كەپسەن، بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى!.

82

شېڭ شىسەي ئىشخانىسى، چۈشتىن بۇرۇن.

لى يىڭچى: شاۋ زۇشىن ئىقرارنامىگە قول قويدى.

لى يىڭچى قولىدىكى ئىقرارنامىنى شېڭ شىسەيگە سۇنىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا ئىقرارنامىنى قولىغا ئېلىپ كۆرىدۇ. ئىقرارنامىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چېن شۇيىڭ بىلەن پاھىشىۋازلىق قىلدىم، ئاندىن كېيىن چېن شۇيىڭنى ××× گە تونۇشتۇرۇپ قويدۇم.

شاۋ زۇشىن.»

لى يىڭچى: بىراق ئۇ چېن شۇيىڭنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىدى!.

شېڭ شىسەي: بۇنىڭ كارى چاغلىق!.

83

جازا ئۆيى، كېچە.

شېڭ شىسەي جاللاتلىرى چېن شۇيىڭنى كانارغا گۆش ئاسقاندەك ئېسىپ قويۇپ تاسما بىلەن ئۇرۇپ قىيناماقتا. چېن شۇيىڭ دۇنياغا گويا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئەڭ

ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە كۈرەش قىلىش ئۈچۈن كەلگەندەكلا، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، ئاجايىپ جاسارەت بىلەن بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايدۇ.

جاللاتلار ئۇنى: «ئىقرار قىلامسەن ـ يوق! . . . ئىقرار قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئەمدىغۇ كەپمۇ قالغاندۇ؟ . . .» دەپ داۋاملىق قىينايدۇ.

چىن شۈيىڭ زۇۋان سۈرمەيدۇ.

84

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئەتىگەن.

شۈي جيې قورۇغا يىغىلغان كۆپچىلىككە سۆزلىمەكتە:

. . . 1933 ـ يىلى 27 ـ فېۋرال، گېتلېر، باندىتلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، پارلامېنت قورۇسىغا ئوت قويغۇزۇپ، كېيىن ئۇنى گېرمانىيە كومپارتىيىسىگە دۆڭگەپ، نۇرغۇن كوممۇنىستلارنى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى قولغا ئالغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىغانىدى. شۇ چاغدا بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىسى دېمتروۋمۇ گېرمانىيىدە قولغا ئېلىنغان. لېيپىگ سوتىدا دېمتروۋ فاشىستلارنىڭ سۈيىقەستىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېچىپ تاشلىغان. ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلغان. ئاخىرىدا سوت ئۇنى «گۇناھسىز» دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولغان . . . ھازىرقى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ يولداش دېمتروۋ ئۆز ۋاقتىدا دۇچ كەلگەن ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شىڭ شىسەي ھازىر «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 12 ـ ئاپرېلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى» دېگەن بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇڭا بىزنىڭ ھەرقاچان قولغا ئېلىنىش ئېھتىمالىمىز بار. بىز بېشىمىزغا كۈلپەت چۈشكەندە چوقۇم ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز. كوممۇنىستلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىسلىتىنى چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. مەيلى قايسى ۋاقىتتا، قايسى جايدا بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، يۈرىكىمىز سوقۇپلا تۇرىدىكەن، كۆرەشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم.

85

شىڭ شىسەينىڭ ئۆيى، ئەتىگەن.

شىڭ شىسەي ئۆيىدە دىۋاندا ئولتۇرۇپ، ھىيلىگەر خوتۇنى چۆي يۈيفاڭغا ئىش تاپشۇرماقتا:

— سەن بارغىن، سەن بېرىپ، مەن دېگەندەك قىلغىن!.

چۆي يۈيفاڭ: بولىدۇ، مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن.

86

كامېر، چۈشتىن ئىلگىرى.

چۆي يۈيفاڭ كامېرغا كىرىپ ئۆزىنى ھېچ ئىشنى بىلمىگەنگە سېلىپ ۋە كۆيۈنگەن قىياپەتتە كۆرسىتىپ، چېن شۈيىڭنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دەيدۇ:

— ۋىيەي، ئايال كىشى دېگەننى مۇنچىۋالا قىينىغانمۇ بارمۇ؟. مۇنداق كۆپ جاپا تارتقانلىقىڭىزنى مەن زادىلا ئۇقماپتىمەن! . ئەگەر ئۇققان بولسام سىزنى ھەرگىزمۇ مۇنداق خاپىلىققا قويماستىم. چۈنكى سىز مېنىڭ ئۆز سىڭلىمدەك بولۇپ قالغان تۇرسىڭىز!. .

چېن شۈيىڭ: (ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىدە قاراپ) بۇ ئىشنى راست ئۇقمامسىز؟.

چۆي يۈيفاڭ: راست ئۇقمايدىكەنمەن، ئۇقسام بۇرۇنلا

كەلمەمدىمەن؟.

چىن شۈيىڭ: سىزنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن زادى خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ (چىن شۈيىڭ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويىدۇ).

چۈي يۈيفاڭ: بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟ مېنىڭ بۇ ئىشلاردىن قانداقلارچە خەۋىرىم بولسۇن دەيسىز؟.

چىن شۈيىڭ: خەۋىرىڭىز باردۇ؟. يامۇلدا سىز ئۇقمايدىغانمۇ ئىشلار بولامدىكىن؟.

چۈي يۈيفاڭ: راست، خۇدا ھەققى ئۇقمايمەن.

چىن شۈيىڭ: (تەنە ئارىلاش) ھە، مۇنداق دەڭ، بىراق سىز ئۇقمىغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ ئېرىڭىز ئۇقىدىغاندۇ؟.

چۈي يۈيفاڭ: (بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ) ئۇ تەرىپىنى مەن بىلمەيمەن.

چىن شۈيىڭ: چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇددىئاسى ۋە خوتۇنىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ (چىن شۈيىڭ تەنە بىلەن كۈلىدۇ).

چۈي يۈيفاڭ: بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟.

چىن شۈيىڭ: نىمە دېگىنىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. بەلكى سىزمۇ بىلمەي قالمايسىز! (ئۇ بوينىنى تولغاپ، يانغا قارىۋالىدۇ).

چۈي يۈيفاڭ: ئۇنداق دېمەڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ!.

87

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، كەچقۇرۇن.

شۈي جيې بىرنەچچە جياڭشىلىقلارنىڭ بىريەرگە جەم بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار ئىختىساسلىقلار كۆپ چىقىدىغان

جاي. تاڭ، سۇڭ سۇلالىرى دەۋرىدە چىققان سەككىز نەپەر مەشھۇر ئەربابنىڭ ئۇچى جياڭشىلىق ئىدى. بىرى ئاۋياتور، بىرى ۋاڭ ئەنشى، بىرى زىڭ فەن ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېن تيەنشاڭ چىققان. ئۇ يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن يۇقىرى مەنسەپ، نۇرغۇن مال - دۇنيانى كۆرۈپ تەۋرەنمىگەن. ھەددى - ھېسابسىز ھاقارەتلەرگە تىز پۈكمىگەن. ئۇ زىنداندا «ۋىجدان ناخشىسى» دېگەن داستانىنى يازغان، ئۇنىڭ جاسارىتى ھەقىقەتەن پەلەككە يېتىدۇ. كىشىنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ داستاندا مۇنداق دېيىلگەن:

«باشقا كۈن كەلسە ھامان،
بولغۇسى خىسلەت ئايان.
يېزىلار تارىخ بېتىگە،
بىرمۇبىر بولۇپ بايان.»

بىز پرولېتارىيات جەڭچىلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ۋېن تيەنشاڭچىلىك بولالمىساق بولامدۇ؟ بىز ئۇنىڭغا قارىغاندا، يۇزمىڭ ھەسسە قەيسەر بولۇشقا تىگىشلىكمىز!.



كامىر، چۇشتىن ئىلگىرى.

چۈي يۈيفاڭ ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قەستەن گەپنى ئۇستىلىق بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرايدۇ.

— ئوغلىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلگەندۇ؟.

چىن شۈيىڭنىڭ كۆز ئالدىغا، دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوماق، بۇدرۇق ئوغلى كېلىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ

ئوغلىنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى.

ئۇ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى بىر توچكىغا تىكىپ، خىيال سۇرگەن ھالدا، چۇي يۇيفاڭنىڭ سوئالىغا ئۇن ـ تىنسىز جاۋاب قايتۇرىدۇ.

چۇي يۇيفاڭ: گەپ قىلمايسىزغۇ؟. . بالىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ يا؟.

چىن شۇيىڭ: سىز ئېيتىپ بېقىڭا؟ دۇنيادا توققۇز ئاي، توققۇز كۇن قورساق كۆتۇرۇپ تۇغقان بالىسىنى كۆرگىسى كەلمەيدىغان ئانىمۇ بارمۇ زادى؟.

چۇي يۇيفاڭ: ئەلۋەتتە يوق سىڭلىم، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىشنى ئىقرار قىلىۋەتسىڭىز بولماسمىدى؟. ئۇ چاغدا ئوغلىڭىزنىمۇ كۆرەلەيتتىڭىز ھەم بۇ ئازابلاردىنمۇ سەللىمازا قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىڭىز ئەمەسمۇ؟.

چىن شۇيىڭ: نېمە ئىشنى؟. . . نېمىنى ئىقرار قىلىدىكەنمەن؟.

چۇي يۇيفاڭ: ھېلىقى شاۋ زۇشىن ئىسىملىك ياش بىلەن قىلغان. . ئىشىڭىزنىچۇ؟

چىن شۇيىڭ: يوق ئىشنى نېمە دەپ ئىقرار قىلىدىكەنمەن؟. ھەرگىز ئىقرار قىلمايمەن، مەن ئۇنداق پەسكەشلىك، ئەخلاقسىزلىقنى ھەرگىز قىلىپ باقمىغان!.



8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىشخانا، كۇندۇز.

شۇي جىيې ئىشخانىغا يىغىلغان بىرمۇنچە كىشىلەرگە سۆزلىمەكتە:

— شىڭ شىسەي ھازىر پۇتۇنلەي جياڭ جىېشىغا يۇزلەندى.

ئۇ بىزنى چوقۇم مۇھىم «سوۋغات» ئورنىدا [illegible] بېرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بىزنىڭ ھەرقاچان قولغا ئېلىنىش خەۋپىمىز بار. بىز قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، خۇددى دىمتروفقا ئوخشاش سوراقخانىنى غايىپلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. دۈشمەننىڭ تۈرلۈك قىيناشلىرى ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەسلىكىمىز، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىمىز كېرەك.

شۈي جيېنىڭ سۆزلىرى كۆپچىلىكنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ. قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.

## 90

كامېر، چۈشتىن ئىلگىرى.

چېن شۈيىڭ: بوپتۇ بالامنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى قىلدىممۇ دەي، بىراق بۇ ئىشنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق!.

چۈي يۈيفاڭ: مانا بۇ ئىقرارىڭىز ياخشى بولدى. مەن سىزنىڭ قەدەممۇ - قەدەم ئالغا بېسىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 91

ئۆي، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن.

شۈي جيې ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. ۋاڭ يۈنشۆ ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. دېرىزە تەرەپتىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

شۈي جيې: مەن چىقىپ قاراپ باقاي!.

ۋاڭ يۈنشۆ: مەن چىقىپ قاراپ باقايمۇ يا؟.

شۈي جيې: ياق ئۆزۈم چىقاي!.

## 92

دەرۋازا ئالدى، چۈشتىن كېيىن.

قارا رەڭلىك ئىككى پىكاپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. پىكاپنىڭ دېرىزىلىرىگە قارا پەردە تارتىلغان بولۇپ، قانداقتۇر بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن فۇ گۇەن پىكاپتىن كۆرەڭلىگەن هالدا چۈشىدۇ. ئۇ ئەتراپقا ئوغرى مۈشۈكتەك بىر قارىۋېتىپ، دەرۋازا ئىچىگە قەدەم قويىدۇ. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە، ئىچكىرىدىن خاتىرجەم، مەغرۇر قىياپەتتە چىقىپ كېلىۋاتقان شۆي جيې بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالىدۇ. فۇ گۇەن ياسالما قىياپەت بىلەن، ئۆزىنى كۆلۈمسىرىگەن هالدا كۆرسىتىپ:

— هۆرمەتلىك شۆي ئەپەندى، بۈگۈن شېڭ دۇبەن جۇ بىلڭ ئەپەندى بىلەن ئىككىڭلارنى سۆهبەتكە چاقىرىۋاتىدۇ. سىلەر ئۇ يەرگە بارغاندا كەڭ - كۇشادە سۆزلىشەلەيسىلەر، مەن بۇيرۇق بويىچە سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم! — دەيدۇ.

93

تۇرمە، چۈشتىن كېيىن.

چىن شۇيىڭ سېغىنغان ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ، يىنىش - يىنىشلاپ سۆيىدۇ. ئانىلىق مېهرى بىلەن باغرىغا چىڭ باسىدۇ.

ئوغلى يۇرەكنى ئەزگۈدەك قىلىپ، چۈچۈك تىلى بىلەن:

— ئاپا، يۈر، ئۆيىمىزگە كېتىمىز! — دەيدۇ.

چىن شۇيىڭ ئىچى سېرىلىپ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولىدۇ.

94

قورۇ، چۈشتىن كېيىن.

هېلىقى قۇ گۈەن قورۇ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارنى ئالدىرىتتىدۇ:

— شۈي ئەپەندى، چاپسان بولۇڭلار!.

## 95

كامىر، چۈشتىن كېيىن.

چۈي يۈيفاڭ: ئەمدى سىز ××× بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئالسىڭىزلا ھەرقانداق شەرتىڭىز بولسا ئورۇنداپ بېرىمىز.

چىن شۈيىڭ: بولمىغان ئىشنى قىلغان دەپ بويىنۇمغا ئالالمايمەن!

چۈي يۈيفاڭ: شاۋ زوشىن بىلەن مەسىلە ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى ئىقرار قىلغانتىڭىز، بالىڭىزنى كۆرەلىدىڭىز! ئەمدى بۇ ئىشنى ئىقرار قىلىۋەتسىڭىز قانداقلىكى شەرتىڭىز بولسا ئورۇنداپ بېرىمەن.

چىن شۈيىڭ: مەن شاۋ زوشىن دېگەن نېمىڭىزنى تونۇمايمەن. باشقىلارنىمۇ تونۇمايمەن. مېنىڭ تونۇيدىغىنىم پەقەتلا مېنىڭ ئېرىم شىيڭ شىچى. بالامنى بەك كۆرگۈم كەلگەنىكەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا ئىقرار قىلدىم. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق پەسكەش ئىشلارنى ئۈستۈمگە ئالمايمەن، ئۆلتۈرۈشسەڭلارمۇ ئىقرار قىلمايمەن.

## 96

ئۆي ئىچى، چۈشتىن كېيىن.

شۈي جيې، نېمە قىلارنى بىلەلمەي، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ۋاڭ يۈنشۆگە:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— مەن كەتكەندىن كېيىن، بۇيەردىكى خىزمەتلەرگە ليۇ بىڭ مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىش بولسا ئۇنىڭدىن يولىيورۇق سوراڭلار!.

ۋاڭ يۈنشۆ: بولىدۇ.

## 97

قورۇ ئىچى، چۈشتىن كېيىن.

شۇي جيې بىلەن جۇ بىڭلار كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشقاچ سەپداشلىرىغە ئاللىنىمىلەرنى جېكىلەيدۇ. شۇي جيې ئاخىرىدا:

— هوشيارلىقىڭلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇڭلار، مۇبادا يەنئەنگە بېرىشقا مۇيەسسەر بولساڭلار، مەركىزىي كومىتېتقا، ماۋجۇشىغا سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار! — دەيدۇ.

جۇ بىڭ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ پارتىيە ئەزاسىغا خاس ئىش قىلغانلىقىمنى ئاكامغا ئېيتىپ قويۇڭلار! — دەيدۇ. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى.

ليۇ بىڭ: بىز چوقۇم ئورۇنلاشتۇرۇشىڭلار بويىچە ئىش قىلىمىز. يەنئەنگە بارالىساقلا سالىمىڭلارنى يەتكۈزىمىز.

## 98

دەرۋازا ئالدى، چۈشتىن كېيىن.

شۇي جيې بىلەن جۇ بىڭ قوللىرىدا كىچىك سومكا كۆتەرگەن ھالدا قورۇدىن چىقىدۇ.

فۇ گۈەن ئالدىراش كېلىپ، پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ ۋە شۇي جيې بىلەن جۇ بىڭنى پىكاپلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا

ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

شوي جيې بىلەن جۇ بىڭ پىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ئىگىلىرى قول ئىشارىتى قىلىپ سەپداشلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىدۇ. سەپداشلىرىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت ئىچىدە ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

شوي جيې بىلەن جۇ بىڭ بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرى پىكاپقا چۈشىدۇ. پىكاپ كىشى كۆڭلىنى ئەندىشىگە سالىدىغان غەلىتە بىر سىگنالنى بېرىپ، ئورنىدىن قوزغۇلۇپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

99

كوچا، كۈندۈز.

شوي جيې بىلەن جۇ بىڭ ئولتۇرغان پىكاپلار چاڭ - توزان توزۇتۇپ، خۇددى بىباھا گۆھەرگە ئېرىشكەندەك ئىتتىك كەلمەكتە.

پىكاپ گۇلدۇرماما مەھەللىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ، دۆڭ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئالدىدىكى بىر ئوبدان يولدا ئۇدۇل مېڭىۋەرمەي، غەربىي تەرەپكە قىيپاش بۇرۇلۇپ، خەندەك بويى يولىغا كىرىپ كېتىدۇ. داشىمىن، شياۋشىمىن توت كوچا ئېغىزلىرىغا كەلگەندىمۇ، يەنە شەرق تەرەپكە بۇرۇلماي ئۇدۇل چوڭ كۆۋرۈك تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇياققا ماڭىشىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا فۇ گۈەن:

— مەنمۇ بىلمەيمەن. بىز دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى! . . . — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋېتىدۇ.

شوي جيې قولىنى ئېگىزگە ئاپىرىپ، لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ بىر «سۇيىقەست» ئويۇنىنىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى

جەزىملەپ، كۆزىنى بىر توچكىغا تىككەن ھالدا، كېيىن دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار توغرۇلۇق قاتتىق خىيال سۈرۈپ كېتىدۇ.

## 100

كوچا، چۈشتىن كېيىن.

پىكاپ چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قىزىلتاغ يېنىدىكى جۇ گۇڭگۇەندە توختىغاندىلا، شۈي جيې بىلەن جۇ بىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىدۇ.

## 101

جۇ گۇڭگۇەن قورۇسى، چۈشتىن كېيىن.

شۈي جيې بىلەن جۇ بىڭ ساقچى ئەمەلدارلىرىغا زەردە بىلەن سۆز قىلماقتا.

شۈي جيې: شىڭ شىسەي بىلەن بىز تېلېفوندا بولسىمۇ سۆزلىشىمىز! . بىزنى نېمىشقا بۇيەرگە ئەكېلىپ نەزەربەنت قىلىپ قويىدۇ؟.

ساقچى ئەمەلدارلىرى مەغرۇر قىياپەتتە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بەخىرامان ھالدا قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

شۈي جيې: بىز مۇنداق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرىمىز! . قەتئىي قارشى تۇرىمىز! .

ساقچى ئەمەلدارى: خاپا بولماي تۇرۇڭلار، بىز سىلەرنى بۇيەرگە نەزەربەنت قىلغىلى ئەكەلمىدۇق. يېقىندىن بۇيان ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ھەدەپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. بىز سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلاردىن ئەنسىرەپ، سىلەرنى بۇيەرگە

www.uyghurkitap.com

ئەكىلىۋالدۇق.

جۇ بىك: سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمىز!.

ساقچى ئەمەلدارى: بۇ سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن بولۇۋاتىدىغۇ؟.

شۈي جيې: (سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ) بىز سىلەرنىڭ قوغدىشىڭلارغا ھاجەت ئەمەسمىز، بىزنى دەرھال قويىۋېتىڭلار!.

**102**

جۇ گۇڭگۈەن، كۈندۈز.

شۈي جيېنىڭ خوتۇنى ۋاڭ يۈنشۆ بىلەن جۇ بىڭنىڭ خوتۇنى جۇ دەنخۇامۇ ئىككىنچى كۈنى بۇيەرگە كەلتۈرۈلدۇ. شۈي جيې ۋاڭ يۈنشۆنى كۆرۈپلا:

— ئىش بىجىرىش ئورنىدىكى يولداشلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورايدۇ.

ۋاڭ يۈنشۆ: (بوش ئاۋازدا) ھازىرچە ياخشى. سىز كەتكەندىن كېيىن، تاپشۇرۇقىڭىزنى ليۇ بىڭغا يەتكۈزدۈم. پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تىزگىنلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، تېلېگراممىا بېرىشكە مۇمكىن بولمىدى. مەخپىي نومۇر ليۇ بىڭنىڭ ماقۇللىقى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلدى. پارتىيىنىڭ خىراجەت راسخوتىنى ساندۇقى بىلەنلا ليۇ بىڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم.

شۈي جيې؛ (باش لىڭشىتىپ) بەك ياخشى قىپسىز!.

**103**

8 ـ ئارمىيە ئىش بىجىرىش ئورنى، كۈندۈز.

دەرۋازا ئالدىدا ئادەم تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن قارا ماشىنا توختىغان. فۇ گۇەن دەرۋازىدىن چىقىۋاتقان بىرنەچچە كىشىگە جىددىي قاراپ:

— ۋاقىت زىچ، چاپسان بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىماقتا.

قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى شولا تاشلاۋاتقان بىر كىشى سوئال نەزەرى بىلەن فۇ گۇەنگە ھومىيىپ قارايدۇ، بۇ لىن جىلۇ ئىدى.

فۇ گۇەن: (تەلەتىنى تېخىمۇ سۈرۈن قىلىپ) نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟، ماشىنىغا چاپسان چىقىڭلار!.

لىن جىلۇ، لى زۇڭلىن، ليۇ يۇي، ما شۆ، گاۋ دىڭباڭ، يى سۇن، چىن يىشىن قاتارلىقلار ساندۇقتەك قاپلانغان قارا ماشىنىغا مەجبۇرىي چىقىرىلىدۇ.

ماشىنا ئورنىدىن ئىتتىك قوزغىلىپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

## 104

شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك جاي، كۈندۈز.

— دەرۋازىنى چاپسان ئېچىڭلار! — دېگەن ئاۋاز سىرتتىن ئاڭلىنىدۇ. دەرۋازا ساقلاۋاتقان گۇزەتچى ئىتتىك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچىدۇ. تۆمۈر زەنجىرلىرى شاراقشىپ دەرۋازا ئېچىلىدۇ. ھېلىقى ماشىنا قورۇ ئىچىگە كىرىدۇ. لىن جىلۇ قاتارلىقلار ماشىنىدىن چۈشۈرۈلىدۇ. لىن جىلۇ ئەتراپتىكى مۇھىتقا سىنچى كۆزىدە جىددىي بىر قارىۋېتىپ يېنىدىكى لى زۇڭلىنغا:

— ئەمدى بىزمۇ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىپتۇق! — دەيدۇ.

لىن زۇڭلىن: شۇنداق بولدۇق!.

## 105

جۇ گۇڭگۇەن، كۈندۈز.

شۈي جيې بىلەن جۇ بىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۆرۈنۈشى ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئاشپەز ئەكىرگەن تاماقنا نەۋرىسىنى سىلىپمۇ قويۇشمايدۇ، بەلكى ئاشپەزگە:

— تاماقنى ئاچىقىپ كېتىڭ! بىز يېمەيمىز! — دەپ تاماقنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ساقچى ئەمەلدارى كىرىپ:

— تاماق يېمىسەڭلار بولمايدۇ، تاماق يەڭلار! — دەيدۇ.

شۈي جيې: (جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن) بىزنى شىڭ شىسەي بىلەن يۈز كۆرۈشتۈر! ئۇ بىزنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى شەرت! .

**106**

ئۈچ بۇرجەكتىكى جاي، چۈشتىن كېيىن.

8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئېلىپ كېلىنگەن چىن يىڭسۇ، لۇ مېيەن، ۋۇ نەيىسەڭلارمۇ قورۇ ئىچىدە ماشىنىدىن چۈشۈرۈلمەكتە. چىن يىڭسۇنىڭ قۇچىقىدا قۇربان ھېيتتا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە «قۇربان» دەپ ئات قويۇلغان جىلۇنىڭ ئوغلى قۇربانمۇ بار ئىدى.

قۇربان ئاپىسىنىڭ قولىدا تۇرۇپ، ئاللىقاياقلارغا تەلپۈنۈپ:

— ئاپا، دادام قېنى؟ . . . — دەيدۇ.

**107**

كامېر، چۈشتىن ئىلگىرى.

چۈي يۈيفاڭ: سىزنى ××× بىلەن يۈزلەشتۈرمەيمىز. كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت

سىزدىن گەپ سورالغاندا «بولغان» دەپ جاۋاب بەرسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ سىزنىڭ زور تۆھپىڭىز بولۇپ قالىدۇ، ئەمەسمۇ؟.

چىن شۈيىڭ: مەن ئۇنداق ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسمەن، ئۆزۈمگە ھاقارەت كەلتۈرۈپ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، بولۇپمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئىشنى زادى قىلمايمەن!.

چۈي يۈيفاڭ: ئۆزىڭىزنىڭ ۋە بالىڭىزنىڭمۇ تەقدىرىنى ئويلىمامسىز؟. . . سىزگە بالىنىڭ كېرىكى يوقمۇ؟. . .

چىن شۈيىڭ: (دەرغەزەپ بىلەن) ماڭا بالىنىڭمۇ كېرىكى يوق، ئۆزۈمنىڭمۇ ھايات قېلىشىمنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق، بۇ زۇلمەتلىك ئالەمدىن ئۆلۈپلا قۇتۇلسام، دەيمەن!.

چۈي يۈيفاڭ: سىز كىچىككىنە بىر ئىشنى دەپ ھاياتىڭىزنى نابۇت قىلماقچىمۇسىز؟

چىن شۈيىڭ: ئۆز ۋىجدانىنى سېتىش، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاپ، زىيانكەشلىك قىلىش — مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، پەقەت سەنلەرنىڭلا قولۇڭلاردىن كېلىدۇ!.

چۈي يۈيفاڭ ئاچچىقىدا دىرىلدەپ تىترەپ كېتىدۇ. لېكىن يەنە ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ:

— سەن بىر توپىلاڭچى ئۈچۈن نېمانچە قىلىپ كېتەتتىڭ؟! — دەيدۇ.

چىن شۈيىڭ: كوممۇنىستلار ۋىجدانلىق كېلىدۇ. شەرەپلىك ھايات كەچۈرىدۇ. ئۆلسىمۇ پاك كېتىدۇ. ئۇلار مەڭگۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم!.



جۇ گۇڭگۇەن، كۇندۇز.

شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى «ۋەكىل» ئاچلىق ئېلان قىلغان شۆي جيې بىلەن جۇ بىڭنىڭ چىرايىغا سىلىپ قاراپ:

— سىلەر تاماقتا كىرىشىڭلار، ئاچ يۇرۇپ تەن سالامەتلىكىڭلارغا زىيان يەتكۈزۈۋالساڭلار بولمايدۇ. ئىش بولسا مەسلىھەت بىلەن قىلساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ . . . — دەيدۇ.

شۆي جيې: شىڭ شىسەيگە بېرىپ ئېيتىڭلار: ئۇ بىزنى قويۇۋەتسۇن! بىزنى شىنجاڭغا شىڭ شىسەي ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. بىز كوممۇنىستلار كېلىشىمگە ئەمەل قىلدۇق. ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلدۇق. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرز بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۇرۇش ئىشىغا بېغىشلىدۇق.

«ۋەكىل» لەر بىر - بىرىگە قارىشىدۇ.

شۆي جيې: ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دوستىنى دۈشمەن كۆرۈپ، بىزگە مۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟ .

« ۋەكىل» لەر: بىز شىڭ دۇبەنگە بېرىپ ئېيتايلى! .



كامىر، چۈشتىن ئىلگىرى.

چىن شۆيىڭ: (ۋارقىراپ تۇرۇپ) كۆزۈمدىن يوقال! يوقال! يوقال! .

چۆي يۈيفاڭ: قاراپ تۇر، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام! .

چىن شۆيىڭ: ھۆي ئىپلاس، قولۇڭدىن كەلگىنىڭنى قىل! .

## 110

جازا ئۆيى، كەچقۇرۇن.

چۇي يۈيفاڭ دۇنيادىكى باشقا جاللاتلار تىخــى ئويلاپ يەتمىگەن مۇدھىش جازا ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. چــىن شۈيىڭنىڭ جىنسىي يولــىغا لامپۇچكا كىــرگۈزۈپ، توك ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئازابلاۋاتىدۇ. چىن شۈيىڭ بولسا، لىۋىنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتىدۇ. چۇي يۈيفاڭ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ:

— قانداق؟ ئەمدىغۇ ئىقرار قىلارسەن؟ — دەيدۇ.

چىن شۈيىڭ: (غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.) ھۇي دەيىۋز. ئىپلاس، يالماۋۇز جادۇگەر!.

## 111

ئۇچ بۇرجەكتىكى جاي، كۇندۇز.

1943 - يىلى فېۋرالنىڭ مەلۇم بىر كۈنى.

لىن جىلۇ خوتۇنى چىن يىڭسۇغا:

— يېقىنقــى كۇنلەردىن بېرى، مەن كېچــىســى ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. دەھشەتلىك چۇشلەرنى كۆرۈۋاتــىمەن. ئىككىمىزنى قەپەسكە سولاپ قويۇپتىدەك، . بالىمىزنى سىرتقا تاشلىۋېتىپتۇدەك، . . شىبىڭ شىــسەي دېگەن بۇ ئەبلەخ بۇ چۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. سىز سىــناقلارغا بەرداشلىق بېرىڭ! — دەيدۇ.

چىن يىڭسۇ: بولىدۇ!

لىن جىلۇ: ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندىمۇ جەزمەن پارتىيە مەنپەئىتىنى قوغداڭ!

چىن يىڭسۇ: سىــز خاتىــرجەم بولــۇڭ، مەن چــوقــۇم

شۇنداق قىلىمەن.

## 112

جازا ئۆيى، كېچە.

چوي يۇيفاڭ ئادەم يەيدىغان تەلەتى بىلەن كۆزىگە قان قۇيۇلغان هالدا جازا ئۇستىدە قاراپ تۇرماقتا:

پۈتۈن كېيىم — كېچەكلىرى سالدۇرۇۋېتىلىپ بەدىنى قىپيالىڭاچ قىلىۋېتىلگەن چىن شۈيىڭنى چوشقا يايلىسىدا ئىشلەنگەن يۇڭ ئارغامچا بىلەن چاتىرىقىدىن ھەرىدەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ بەدىنىدىن خۇددى قوينى بوغۇزلىغاندەك قان ئاقىدۇ. چىن شۈيىڭ قانسىراپ كېتىدۇ.

ۋەھشىيلەرچە ئازابلاش چېكىگە يېتىدۇ، گۆشلىرى تىلىنىپ، سۆڭەكلىرى كۆرۈلۈپ، چىلىقلاپ ئاققان قان ئىچىدە ياتقان چىن شۈيىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە «ياشىسۇن ئەركىنلىك!» دەپ توۋلاپ جان ئۈزىدۇ. پاك ۋىجداننى ساقلاپ، مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ.

## 113

جۇ گۇڭگوەن كەچقۇرۇن.

7 - فېۋرال.

غەربىي شىمال بورىنى قاتتىق سوقماقتا، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى. شۇي جيې كىتاب كۆرۈپ، ۋاڭ يۈنشۆ بالىسىغا پوپايكا توقۇپ ئولتۇراتتى. ھويلىنىڭ سىرتىدا قالايمىقان يۈگۈرۈشكەن ئاياغ تىۋىشى ۋە بەزىدە بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىغان غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھويلىنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇي جيې خوتۇنىغا:
— مەن پەرەز قىلغان ئىش يۈز بەردى. سىز چوقۇم مېنىڭ دېگەنلىرىم بويىچە ئىش قىلىڭ! — دەپ تۇرۇشىغا ئۇچىسىغا قارا فورما كىيىپ، قولىغا ئاق پەلەي كىيگەن فۇ گۇەن سۇرلۇك قىياپەتتە ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ.
— شۇي ئەپەندى، شېڭ دۇبەن سىزنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — دەيدۇ.
شۇي جيې فۇ گۇەنگە غەزەپ بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پەلتوسىنى كىيىدۇ. ئاندىن تۇغۇلغىنىغا ئەمدى ئىككى ئاي بولغان ئوغلىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوماققىنە مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ يېنىشلاپ سۆيىدۇ. ئاندىن قۇلاقچىسىنى بېشىغا كىيىپ، خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ دادىل قەدەم بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ.

## 114

ئۈچ بۇرجەكتىكى جاي، كەچقۇرۇن.
ئىككى ساقچى ئىشىكتە قاراپ تۇرىدۇ. لىن جىلۇ ئوغلى قۇربانىنى چىن يىڭسۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئەركىلىتىپ تۇرۇپ:
— ئوغلۇم، ئاپاڭ سېنى ئوبدان چوڭ قىلىپ، ياخشى تەربىيىلىسۇن جۇمۇ! — دەيدۇ.

## 115

تۆتىنچى تۇرمە، كەچقۇرۇن.
قارا فورما كىيگەن ساقچىلار، كۆزى قارا رەخت بىلەن تېڭىلغان لىن جىلۇ قاتارلىق بىر نەچچەيلەننى ماشىنىدىن

چۇشۇرۇپ، يانلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاختۇرىدۇ. قەغەزگە قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئونىنچىگە [illegible] ئېتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىدۇ.

## 116

كامېر، كۈندۈز.

ئونىنچى نومۇرلۇق بۇ كامېرغا لىن جىلۇ قاتارلىق تۆت كوممۇنىست سولانغانىدى. كامېردا پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا سايلانغان لىن جىلۇ جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىمەكتە:

— يولداشلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1) بىز شىڭ شىسەيدىن بىزنى ئوچۇق سوت قىلىشنى، بىزنى نېمە سەۋەبتىن قولغا ئالغانلىقنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بىز سوتتىن ئىبارەت بۇ ئاشكارە سورۇندىن پايدىلىنىپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ يەرگە تەكلىپكە بىنائەن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى، گۇناھسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز.

2) شىڭ شىسەيدىن، بىزنى كوللېكتىپ ھالدا يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز. شەخسىي ئۆز ئالدىغا تۈرمىدىن چىقىش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز.

3) بىز كوممۇنىستلارنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي مەردانىلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشقا رازىمىزكى، ھەرگىز پارتىيە مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەيمىز!



www.uyghurkitap.com

كوممۇنىست ئا: دۇرۇس، دۇرۇس.
كوممۇنىست ب: ناھايىتى ياخشى يەكۈنلىدىڭ!.
كوممۇنىست س: ئەمدى كۈرەشنى دەرھال باشلىۋېتىشىمىز كېرەك.

## 117

كامىر، كۈندۈز.
شۇي جيې يەرگە سېلىنغان پاخال ئۈستىدە پۈتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا قويغان ھالدا ئوڭدا يېتىپ، غەزەپكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن ھالدا خىيالغا چۆمىدۇ.
(ئەسلىمە):
كىچىكىدىنلا زېرەك، يۇرەكلىك بولۇپ ئۆسكەن چىن تيەنچيۇ بىر كۈنى چۈشتە سىنىپتا خەت يېزىپ ئولتۇراتتى.
بىرنەچچە بالا ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ كىرىپ:
— چىن تيەنچيۇ، تېز بول، سېنىڭ ئاكاڭ بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى! — دەيدۇ.
چىن تيەنچيۇ، ئالدىراش سىرتقا يۈگۈرەيدۇ.

## 118

تاغ باغرى، كۈندۈز.
يوغان قورساق باي، نامرات دېھقاننىڭ مىڭ بىر جاپا بىلەن تېرىغان كۆكتاتلىرىنى ھە دەپ يۇلغىلى تۇرىدۇ. نامرات دېھقان بوۋاي يىلىنىپ تۇرۇپ:
— باي غوجام، بۇ كۆكتاتلارنى يۇلۇۋەتمىسىلە، مەن كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ بوز يەر ئېچىپ، مايسا يېتىشتۇرۇپ،

ئوغۇت ھەم سۇ توشۇپ يۈرۈپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇشۇنچىلىك قىلدىم!

— بۇ يەر مېنىڭ، سېنىڭ تىرىشۇلىشقا ھەققىڭ يوق! — دەيدۇ باي زومىگەرلىك قىلىپ.

بۇ ئىش ئۇستىگە تاسادىپىي كېلىپ قالغان چىن تيەنچۇنىڭ قەددى - قامەتلىك، يوغان كۆز ئاكىسى چىن شۆسەن بوۋاينىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، يوغان قورساق بايغا قەھرى - غەزەپ بىلەن:

— سېنىڭ خەقنى بوزەك قىلىپ، مۇنداق قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ! — دەيدۇ.

دېھقان ئا: (بايغا قاراپ) مەيلى قانداق بولمىسۇن، كۆكتاتلارنى يۇلۇشۇڭغا بولمايدۇ - دە!

دېھقان ب: قارىغاندا، سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىپسەن!

يوغان قورساق ھىيلىگەر باي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— بۇ تاغ بىزنىڭ تېغىمىز! — دەپ تۇرىۋالىدۇ.

دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن چىن تيەنچيۇ بىر قاراش بىلەنلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىدۇ - دە، ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ:

— تاغ قانداقسىگە سىلەرنىڭ بولىدۇ؟ بۇ گەپچىزە سەن تاغ ياسىيالايدىغان ئوخشىمامسەن، — دەيدۇ.

باي: (ئالاقزادىلىك بىلەن) دادام ھايات چېغىدا بۇ تاغنى بىزنىڭ دېگەن.

چىن تيەنچيۇ: ئۇنداق بولسا، بۇ تاغنى داداڭ ياساپتىكەندە. ئۇبدان گەپ بولدى بۇ، . . . ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، بىز داداڭنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا تاغدىن يەنە بىرنى ياساپ باق، دەيلى.

— يۈرۈڭلار، بېرىپ قەبرىنى ئاچايلى! — بىر توپ باللار

چۈقان سېلىشىپ، گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مېڭىشىدۇ.

چېن تيەنچيۇ: توختاڭلار بالىلار، ئەگەر ئۇ بۇ نامرات بوۋاينىڭ كۆكتاتلىرىنى يۇلمىسا، بىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى كولىمىساقمۇ بولىدۇ.

— بالىلارنىڭ راستىنلا بىرىپ ئۆز ئەجدادىنىڭ قەبرىسىنى كولىشىدىن بەكمۇ قورققان يوغان قورساق باي كۆپچىلىك ئالدىدا:

— ئۇنداق قىلماڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار! — دەيدۇ، ئاندىن شەرمەندە بولغانلىقىدىن بەدەر تىكىۋېتىدۇ.

بالىلار خۇشاللىقىدىن چېن تيەنچيۇنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىدۇ.

دېھقانلار: چېن تيەنچيۇ ھەقىقەتەنمۇ زېرەك، يۇرەكلىك بالا جۇمۇ! — دېيىشىدۇ.

**119**

شاڭخەي، كۇندۇز.

1921 ـ يىلى، 23 ـ ئىيۇل.

چېن تيەنچيۇ بىلەن دوڭ بىۋۇ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىغىن ئورنىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

چېن تيەنچيۇ قۇرۇلتايدا ھاياجان بىلەن سۆزلىمەكتە:

— تەشۋىقات ئېلىپ بىرىپ، ئىش باشلىماسلىق — بۇ قۇرۇق گەپ ساتقانلىق بىلەن باراۋەر. ماركس بىلەن لېنىننىڭ تەلىماتىغىمۇ خىلاپ. ئىشىك ئېچىۋېلىنسا كۈچ ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشى قىيىن بولىدۇ. مەن لى خەنجۈڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن. ليۇ رىنجىڭ، جاڭ گوتاۋلارنىڭ تەشەببۇسىنىمۇ ياقلىمايمەن. مېنىڭچە، ماۋ

زىدۇڭنىڭ ئىپتىقانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.
ماۋ زېدۇڭ تەسىرلەنگەن ھالدا چىن تيەنچيۇغا قاراپ قويدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن خوشلىشىدۇ.
چىن تيەنچيۇ: خۇنەنگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ياقتىكى تەجرىبىلەردىن بىزنى دائىم خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرارسىز!
ماۋ زېدۇڭ: بولىدۇ، تەجرىبىلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرايلى.

## 120

تۇمانلىق كۈن، كۈندۈز
1927 ـ يىلى، كۈز.
بىر زىيالىي ياش چىن تيەنچيۇغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ:
— چىن تيەنچيۇ مۇئەللىم، سىز راستىنلا قالتىس ئىكەنسىز جۇمۇ، خۇددى چىقىلغان چاقماقتەك، مېنىڭ قەلبىمدىكى غەم تۇمانلىرىمنى تارقىتىۋەتتىڭىز.
چىن تيەنچيۇ: بىز ھازىر زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىز ئىنقىلابچىلار چېقىلغان چاقماققا ئوخشاش نەگىلا بارساق، شۇ يەرنى يورۇتىدىغان بولۇشىمىز كېرەك.
(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

## 121

سۇراقخانا، كۈندۈز.
1943 ـ يىلى 11 ـ مارت.
فۇباۋ ليەن: سەن 12 ـ ئاپرېل دېلوسىنى ياۋاشلىق بىلەن

تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك.

لىن جىلۇ: شىڭ شىسەي ئۆزىنى جىياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئويدۇرمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئاقىۋەتتە، ئۆزۈڭلارنى تولۇق ئاشكارىلاش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، خالاس.

**122**

جازا ئۆيى، كېچە.

شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى لىن جىلۇنى قاتتىق قىيىنىماقتا. ئۇنى يولۋاسقا ئولتۇرغۇزماقتا. تىرنىقى ئاستىغا يىڭنە سانجىماقتا.

**123**

كامېر، كۈندۈز.

شۇي جيې ياتقان ئورنىدىن ئاستا مىدىرلاپ، ئۆرە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن تىزىنى قۇچاقلىغان هالدا تۇمۇر رېشاتكىلىق دېرىزىگە تىكىلىپ قارىغىنىچە خىيال سۈرمەكتە.

**124**

دۇكان، كەچقۇرۇن.

(ئەسلىمە):

پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى دۇكانغا ئۇسۇپلا كىرىدۇ. خوجايىن سالاپەتلىكى چىن تيەنچيو ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

چىن تيەنچيو ئۇلارنىڭ دۇكان هېساباتى، مال مەنبەسى،

مال باھاسى ۋە سېتىلىش ئەھۋاللىرىغا ئوخشاش مەسىلىلەردە شۇنداق تېز، قايتا ـ قايتا سورىغان سوئاللىرىغا قىسقىچە، ئەمتىرىمەي ۋە ھودۇقماي، چاقماقتەك سۆزلەپ تەمكىنلىك بىلەن توغرا جاۋاب بېرىدۇ.

سوراقتىن ھېچنېمە چىقىرالمىغان ئىككى ساقچى ئىشپىيۇن ئاستا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

125

جىلغا، يېرىم كېچە.

بېشىغا چىغ قالپاق، پۇتىغا چورۇق كىيىۋالغان چىن تيەنچيۇ بىر پەي جەڭچى بىلەن ئەپكەشتە ئاشلىق كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، دۈشمەنگە دۈچ كېلىپ قالىدۇ.

ئەسكەر ئا: بولمىدى، ئاشلىقنى قويۇپ چېكىنەيلى!

ئەسكەر ب: ئاشلىقنى قويمىساقمۇ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقايلى!

چىن تيەنچيۇ: يولداشلار، بۇ ئاشلىق قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوقى، پۇقرالارنىڭ جان ـ تومۇرى. بىر تال دانىنىمۇ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

چىن تيەنچيۇ ئۆزى ۋە مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ئاشلىقىنى بىرقانچە قاۋۇل جەڭچىنىڭ سېۋىتىگە تۆكۈپ بېرىپ:

— بىز غەربكە ھۇجۇم قىلىمىز. ئېتىشىش باشلانغاندىن كېيىنلا، سىلەر شەرقتىكى دۆڭدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن تاغنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇچرىشىمىز.

كۆپچىلىك: (ئەنسىرەپ) سىز؟...

چىن تيەنچيۇ: (قەتئىيلىك بىلەن) بۇ بۇيرۇق.

چىن تيەنچيۇ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن غەرب تەرەپكە قاراپ

يۈگۈرۈپ، بىردەم يۈگۈرگەندىن كېيىن مەقسەتلىك ھالدا بامبۇك ۋە باشقا دەرەخ شاخلىرىنى شىلدىرلىتىدۇ.
دۈشمەن ئوق ياغدۇرۇپ قوغلاپ كېلىدۇ.
چىن تيەنچيۇ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپتىن كەينىگە قاراپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەيدۇ.
بىر ئوق ۋىڭىلداپ كېلىپ چىن تيەنچيۇنىڭ بېشىنىڭ تېرىسىنى تىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرىسىمۇ قىزىل قانغا بويۇلىدۇ.

## 126

ئورمانلىق، چۈشتىن كېيىن.
— تىرىك تۇتىمىز، تىرىك تۇتىمىز! — دەپ ۋارقىراشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى چىن تيەنچيۇنى قوغلاپ كېلىدۇ.
مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە چىن تيەنچيۇ بەلۋېغىنى يېشىپ، نەچچە ئون كۈمۈش تەڭگىنى ئوتلاققا چېچىۋېتىدۇ. مال - دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان دۈشمەنلەر ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن تەڭگىلەرنى ئىزلەپ شۇ يەردە قالىدۇ. چىن تيەنچيۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېيىم - خەتەردىن قۇتۇلۇۋالىدۇ.
كېيىن بەزىلەر چىن تيەنچيۇدىن:
— سىز خەتەرلىك پەيتلەردە تۈرلۈك چارىلەرنى نېمانداق تېز ئويلاپ تاپالايسىز؟ — دەپ سورايدۇ.
چىن تيەنچيۇ: بۇ تېز ئويلاپ تاپقانلىقىمۇ ئەمەس. مەن ئادەتتىكى چاغلاردا كۆپ باش قاتۇرىمەن. تۈرلۈك جىددىي ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنىمۇ ئويلاپ قويىمەن. مەن بۇ قېتىم

ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز كۆيۈنگەنلىكىدىن پايدىلاندىم.

(ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

## 127

زال، چۈشتىن بۇرۇن.

شۇي جېي بىر زالنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. زالنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، نەيزىلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدۇ.

شۇي جېي بېشىنى ئېگىز تۇتۇپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرىگەن ھالدا زالغا كىرىپ كېلىدۇ.

زالنىڭ لىمىغا ئېسىلغان چوڭ بىر پەردە يەرگە ساڭگىلىغان بولۇپ، زالنى ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى. دېرىزىنىڭ يورۇقىمۇ توسۇۋېلىنغانىدى.

لى يىڭچى پەردىنىڭ بىر چېتىدىكى ئۇستەلنىڭ كەينى تەرىپىدە ئاغزىغا پاپىروس قىستۇرغان، سىرلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ.

پەردىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئورۇندۇق قاتار تىزىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار چەپراس توختىتىلغان ئىدى.

شۇي جېي بىر ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ ئورۇندۇقتا ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا جۇ بىڭنىڭمۇ يالاپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇ بىڭ تەرەپكە تەمشىلىدۇ.

جۇ بىڭنىڭ چىرايىمۇ خۇددى شۇي جېيىنىڭكىدەك جۇدىگەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان، كۆزلىرى

ئولتۇرۇشقانىدى.

لى يىڭچى: ئىككى ئەپەندى، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇرۇن پىلانلاش دېلوسىنى ئىقرار قىلارسىلەر؟

شۇي جيې: بۇ تامامەن ئويدۇرما!

جۇ بىڭ: بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت!

— ئويدۇرما، تۆھمەتمىش تېخى؟ ھى، ھى، ھى — لى يىڭچى مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ، ئۈستەلدىكى ماتېرىيال تۈپلىمىنى ئۆرۈپ قويىدۇ،— مەن بۇنىڭ بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق شېرىكىڭلار ئىقرار قىلدى. . . ئەگەر سىلەر ئەمدى ئىقرار قىلمىساڭلار، يۈزلەشسەڭلارمۇ بولىدۇ، — لى يىڭچى گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ، پەردە تەرەپكە قاراپ يۆتۈلۈپ قويىدۇ. پەردىنىڭ ئارقىسىدا پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ.

پەردىنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويغان ئىككى خائىن ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان گەپلەرنى ئاۋازلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بىر ـ بىرىگە دوست تارتىشقان ھالدا سۆزلىمەكتە:

— شۇي جيې، جۇ بىڭلار بىزنى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مۇزاكىرە قىلىشقا چاقىردى. ئاندىن بىز 12 ـ ئاپرېل قول سېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنى ئىگىلىمەكچى بولدۇق! .

شۇي جيې ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ، خائىننىڭ گېپىنى كەسكىن بۆلۈۋېتىدۇ.

— پەردە كەينىدىكى ئەپەندى، مېنىڭ بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ، مەن قولغا ئېلىنغاندىن تارتىپ نەچچە قېتىملىق سوراقلاردا شىڭ شىسەي ئىزچىل تۆردە بىزنى 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىدا يىغىن ئېچىپسىلەر، دەپ ئەيىبلەپ كەلگەن

ئىدى. سىز يىغىننى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئاچتۇق دەۋاتىسىز، سۆزلىرىڭىزنى نىمىشقا ئالدىنئالا ئوبدان يادلىۋالمىغان ئىدىڭىز؟

بۇ سوئال بىلەن ھېلىقى خائىننىڭ تىلى تۇتۇلدۇ، يەنە بىر خائىن:

— ياق، 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئاچمىدۇق، — دەيدۇ. شۇي جيې يەنە سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇنداقتا بىز دە تېنىمىزنى نەچچىگە بۆلەلەيدىغان سېھرىي كۈچ بار ئىكەن - دە! بىرلا ۋاقىتتا ئىككى جايدا يىغىن ئاچقاندىكىن - ھە؟!

خائىنلار گەپ قىلالماي قالدۇ، ھەتتا شۇ يەردە تۇرغان ھەربىي ۋە ساقچىلارمۇ زاڭلىق قىلىپ، كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدۇ. لى يىڭچى نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدۇ. ئىككى خائىننىڭ پىچىرلىشىپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلەۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردۇ.

جۇ بىڭ ئىككى خائىننىڭ ئۇنىدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تونۇۋېلىپ، دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ:

— مىڭ يىمىڭ، فەن بەينەن، پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ شاتۇتىدەك دوراشماي، بۇياققا چىقىش! سەنلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، شىڭ شىسەي پۇل بېرىپ، سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلارنى سېتىۋالغىنى بىلەن، پولاتتەك پاكىتنى ھەرگىز سېتىۋالالمايدۇ!.

لى يىڭچى ئىككى خائىننىڭ تونۇۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، پەردىنى بىراقلا ئېچىۋېتىپ:

— مىڭ ئەپەندى، فەن ئەپەندى، قورقۇپ كەتمەي ئۇلار بىلەن دەرقەمدە تۇرۇپ يۈزلەشسەڭلار بولىدۇ، — دەيدۇ.

شۇي جيې بىلەن جۇ بىڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئىككى

خائىنغا خۇددى خەنجەردەك قادىلىدۇ. خائىنلار بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالىدۇ. ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولغان لى يىڭچى مىڭ يىمىڭنىڭ كاسسىسىغا بىرنى تېپىپ:

— ھۇ ئاناڭنى! ھەر ئىككىڭ يوقال! — دەپ ۋارقىرايدۇ.

چاۋىسى چىتقا يېپىلغان بۇ ئىككى خائىن ئالمان - تالمان تىكىۋېتىدۇ.

**128**

سوراقخانا، چۈشتىن كېيىن.

شۆي جيې كىچىككىنە بىر ئۆيگە يالاپ كېلىنىدۇ. ئۇنى سوراق قىلماقچى بولغان فۇ باۋلىيەن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى چېكىدۇ. ئاندىن كېكەچلەپ:

— شۆي، . . . شۆي فامىلىلىك، دۇبەن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بىز ساڭا ئىزچىل تۈردە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق. سىزنىڭ پوزىتسىيەڭ ئىنتايىن يامان بولغان بولسىمۇ، دۇبەن يەنىلا ساڭا كەڭ قورساقلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن ساڭا مەسلىھەت قىلايكى، سەن تېزدىن 12 - ئاپرېل «قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى يوشۇرۇن پىلانلاش دېلو» يىڭلارنى تاپشۇرۇۋەت! — دەيدۇ.

شۆي جيې: بۇ بىر ئويدۇرما. . . ، ئەگەر پاكىتىڭ بولسا ئېلىپ چىق!.

فۇ باۋلىيەن: پاكىت دەمسىنا؟ ، شىڭ دۇبەننىڭ سىنى تۇتۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكى پاكىت بولماي نېمە؟ .

شۆي جيې ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپلا بۇ ئەبلەخنىڭ توڭگوزدىنمۇ بەتتەر دۆت ئىكەنلىكىنى پەملەيدۇ - دە ئاندىن:

— خالىغىنىڭلارچە ئادەم تۇتۇش — مانا بۇ شىڭ شىسەينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنى بۇزغانلىقىنىڭ

پاكىتى! — دەيدۇ.

فۇ باۋلىيەن: تىلىڭنى تارت! سەن تېخى دۆبەنىڭ ھاقارەتلىگۈدەك بولدىڭمۇ؟ ... بىرلىك سەپ دېدىڭمۇ؟ ئۇنداق نەرسەڭنى مەن ئۇقمايمەن.

شۆي جىيې: ئۇنداقتا سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن. تازىمۇ دۆت نېمە ئىكەنسەن. مۇنداق بولغاندىن كېيىن، سەن تېز بېرىپ شىبىڭ شىسەينى چاقىرىپ كەل!.

فۇ باۋلىيەن: ئاغزىڭنى يۇم، ھىم... ئۆزى بىر جىنايەتچى تۇرۇپ، تېخى شىبىڭ شىسەينى چاقىرىپ كەل دەۋەتقىنىنى قارا!.

شۆي جىيې: جۆيلىمە! مەن دېگەن 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەكىلى، جىنايەتچى دېگەن سەنلەر! كۆزۈمدىن تېز يوقىلىپ، شىبىڭ شىسەينى چاقىرىپ كەل دەۋاتىمەن!.

129

سوراقخانا، كۇندۇز.

بىر ئەبلەخ شۆي جىيېگە بىر ۋاراق قەغەزنى تەڭلەپ:

— ئىمزا قويە، ئىمزا قويمايمەن، دەپ ئاكاڭنىڭ مۇشتىدىن يەنە بىر قانچىنى يەپ كەتمىگىن يەنە! — دەيدۇ.

شۆي جىيې: سۇيىقەستىڭلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىش! بۇ نېمەڭلارنى ئاپىرىپ، شىبىڭ شىسەيگە قول قويغۇزۇڭلار!.

130

جازا ئۆيى، كەچقۇرۇن.

لى يىڭچى: شۆي فامىلىلىك، ھوشۇڭنى تاپقىن جومۇ،

ئەمدى يەنە تاپشۇرمايدىكەنسەن، رەھىمسىزلىك قىلدى، دەپ بىزدىن ئاغرىنما!.

شۈي جيې: سىلەرنىڭ يالغان دىلو پەيدا قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىڭلارنىڭ ئۆزى بىپتىپ ــ ئاشقۇچە رەھىمسىزلىك قىلىۋاتقانلىق بولماي نىمە؟

لى يىڭچى: سەن راستىنلا ئاخىرغىچە قاتتىقلىق قىلماقچىمۇ؟

شۈي جيې: بىز كوممۇنىستلار ھەرگىزمۇ سىلەردەك ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جىياڭ جيېشىگە تەسلىم بولغان لاتا غىلاپلارغا ئوخشىمايمىز!.

لى يىڭچى: خەپ، . . بۇنى ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇڭلار!.

ئىككى جاللات كېلىپ شۈي جيېنىڭ ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ لىمغا ئاسىدۇ. تۆت جاللات كېلىپ، قانلىق قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، شۈي جيېنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. ھەر بىر قامچا تەگكەندە شۈي جيېنىڭ بەدىنىدە قانلىق ئىزلار پەيدا بولىدۇ.

لى يىڭچى ئىككى جاللاتقا ئىككى قاچا تۇز سۈيى ئەكەلدۈرۈپ، شۈي جيېنىڭ بەدىنىگە پۈركۈتۈپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇرغۇزۇدۇ. شۈي جيې ھوشىدىن كېتىدۇ.



جازا ئۆيى، كېچە.

بىرنەچچە جاللات قىزىتىلغان چوغدەك تۆمۈرنى ئەكېلىپ، ئېسىپ قويۇلغان شۈي جيېنىڭ بەدىنىگە پاژىلدىتىپ ياقىدۇ.

لى يىڭچى: ئەمدىنغۇ تاپشۇرارسەن؟

## 132

1943 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر.

يېرىم كېچىدە لى يىڭچى، فۇ باۋلىيەن قاتارلىقلار بىر نەچچە باش كېسەر جاللاتلارنى باشلاپ ئىككىنچى تۈرمىگە كېلىدۇ.

بىر مۇنچە قورال لىق ھەربىي ۋە ساقچىلار ئەتراپنى بىر ئالىدۇ. تۈرمىنىڭ كارىدورىدا جىددىي ئاياق تېۋىشى ئاڭلىنىدۇ. بىر چاغدىن كېيىن «جالاق ـ جۇلۇق» قىلىپ كامېرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

جاللات ئىچكىرىگە قاراپ ۋەھشىيلىك ئاۋازدا:

— شۈي جيې، بۇياققا چىق! — دەپ توۋلايدۇ.

شۈي جيې ئوت ـ پاخال ئارىسىدىن ئاستا تۇرۇپ، كويزا سېلىنغان قولى بىلەن چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى رەتلەيدۇ. يېرىم كېچىدە بۇ بىرنېمىلەرنىڭ مۇنداق چاقىرتىشىدىن قارىغاندا، دۈشمەن ئەمدى زەھەرلىك قولىنى سالىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلايدۇ. ئالدىدا غايەت زور بىر پارچە پارتىيە بايرىقى نامايان بولغاندەك سېزىلىدۇ.

ئۇ ئېغىر ئىشكەل سېلىنغان پۇتلىرىنى ئاستا سۆرەپ، مەردانە قەدەم بىلەن ئىشىكتىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ، ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا توقماق تۇتۇپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىككى جاللات دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىغا كەينى ـ كەينىدىن بىر قانچە قېتىم توقماق سالىدۇ. شۈي جيې تاياق زەربىسىدىن كۆزى قاراڭغۇلۇشۇپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

بىر نەچچە قەدەم نېرىغا دەلدەڭشىپ بېرىپ يىقىلىدۇ.

بىر نەچچە جاللات ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىنى چىڭگە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارغامچا بىلەن بوغۇپ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ.
شۇ كېچىدە بىرلا ۋاقىتتا دېگۇدەك جۇ بىلىڭ، لىن جىلۇلارنىمۇ ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىدۇ.

## 133

تاغ باغرى، تۈن نىسپى.
يېرىم كېچىدە لى يىڭچى باشلامچىلىقىدىكى جاللاتلار ئىككى قارا ماشىنىدا چىققان قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدا شۇي جيې(چىن تىيەنچيۇ)، جۇبىڭ(ماۋ زېمىن) ۋە لىن جىلۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ليۇداۋان تېغىغا ئاچىقىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان ئورەكلەرگە تاشلاپ كۆمۈۋېتىدۇ.

## 134

ئىشخانا، ئەتىگەن.
لى يىڭچى ئىشخانىغا ئالدىراش كىرىپ، قارا خوجايىنى شېڭ شىسەيگە قاراپ ھېجايغان ھالدا:
— كېچە سىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋەتتۇق! — دەپ دوكلات قىلىدۇ.
شېڭ شىسەي: بەك ئوبدان قىپسىلەر، ئەمدى بۇ ئىشنى دەرھال نەنجىڭگە خەۋەر قىلىۋېتەيلى.

## 135

ئىشخانا، كۈندۈز.
كاتىپ ئىشخانىغا كىرىپ، شېڭ شىسەيگە نەنجىڭدىن، چىن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

رەسىملىرىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدا كەلگەن تېلېگراممىنى سۇنىدۇ.

شىڭ شىسەي: ئاپلا!

## 136

تاغ باغرى، كېچە.

لى يىڭچى باشلىغان بىرنەچچە جاللات قورال-لىق ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدا كېچىدە ليۇداۋانغا چىقىپ، چىن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈلگەن يېرىدىن كولاپ چىقىدۇ. نامەلۇم بىر ئادەم جەسەتلەرنى رەسىمگە تارتىدۇ. ئاندىن جەسەتلەرنى قايتىدىن كۆمۈۋېتىدۇ.

## 137

ئىشخانا، كۈندۈز.

كاتىپ نەنجىڭدىن كەلگەن تېلېگراممىنى ئەكىرىپ بېرىدۇ.

شىڭ شىسەي خۇشاللانغان ھالدا تېلېگراممىنى ئوقۇيدۇ.

سىرتتىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

«بۇ تۆھپەڭلارنى زادى ئۇنتۇمايمەن، سىلەرگە ئىنئام بېرىشكە تەييارمەن.

جىياڭ جيېشى»

تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

## 138

تاڭ سەھەر.

گۈلدۈرلەپ چاقماقلار چېقىلىدۇ.
ئاسماندا قارا بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلايدۇ.
شەرق تەرەپتىن كۈن چىقىدۇ.
ئەتراپ يوپيورۇق، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

## 139

ئۇلانباي، چۈشتىن ئىلگىرى.
مەر ـ مەر تاشتا ناھايىتى ئېسىل قىلىپ ياسالغان ئىنقىلابىي قۇربان چىن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنىڭ قەبرىلىرى بوستانلىقتا بىر چىرايلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.
مىڭلىغان ھەر مىللەت ئاممىسى، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئوتلۇق سېغىنىش ھېسسىياتلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك قەبرە ئالدىدا ھۆرمەتتە تۇرۇشىدۇ.
ئۇيغۇر ئوغۇل، خەنزۇ قىز — ئىككى پىئونېر ئىنقىلابىي قۇربانلار قېنىنىڭ سىمۋولى — قىپقىزىل گالىستۇكلىرىنى جىلۋە قىلدۇرۇپ، تولىمۇ ھېسسىياتلىق ھالدا دېكلاماتسىيە قىلماقتا:
قىز: خەلقنىڭ غەپلەتتە ياتقىنىنى كۆرۈپ.
ئوغۇل: دۈشمەننىڭ قىلىچتا چاپقىنىنى كۆرۈپ.
قىز: بەل باغلاپ ئاتلاندىڭ ئۇلۇغ كۈرەشكە.
ئوغۇل: خەلقىڭنى يەتكۈزمەك بوپ ئالىي تىلەككە.
قىز: قەيسەرلىك كۆرسەتتىڭ شانلىق كۈرەشتە.
ئوغۇل: ئېگىلمەي، يېڭىلمەي جاپا ـ مۇشەققەتتە.
قىز: باسقان ئىزىڭدىن قىزىلگۈل ئۈندى.

ئوغۇل: رەقىبىڭ ئالدىڭدا غال ـ غال تىترىدى.
قىز: خەلقىم، دەپ جېنىڭنى پىدا ئەيلىدىڭ.
ئوغۇل: دۈشمەن باغرىنى كاۋاپ ئەيلىدىڭ.
قىز: ئازادلىق تاڭلار پارلىدى كۆندەك.
ئوغۇل: چېچەكلىگەچكە ئارزۇ ۋە تىلەك.
قىز: تىنچ يات، ئەي ئۇلۇغ ئىنقىلابىي قۇربان.
ئوغۇل: ياسىدۇق ۋەتەندە يېپيېڭى بوستان

ئاپپارات كېيىنگە تەدرىجى سۈرۈلۈپ، ئۇلانىماي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ دەرۋازىسى كۆرسىتىلىدۇ.

1988 ـ يىلى ئۈرۈمچى.

# قەدىناس دوستلار

— ئۈرۈمچى شەھىرى بەكمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ جۇمۇ ئاداش، كوچىلىرىدا ماڭسالڭ خۇددى شەربەت سۈيى ئىچىۋالغاندەك كۆڭلۈڭ بىر دەمدىلا ئېچىلىپ، يۈرەكلىرىڭ ئويناپ كېتىدىكەن، بولۇپمۇ كىشى يۇرتىدا يۈرگىنىڭدە ئاداش، ئۆز شەھىرىڭنىڭ قەدىرى بەكمۇ ئۆتۈلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسەن، مەنمۇ ئۈرۈمچىنى بەك سېغىنىدىم. گۈلدەك ياشلىق چاغلىرىمىز كېتىپ، يېشىمىزمۇ بىرىيەرگە بېرىپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىنغۇ يەنە جاپا تارتىپ، يىراق ياقا يۇرتلاردا يۈرمەسمىز ئەمدى!

— بۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەنگە خىزمەتكە بېرىشقا توغرا كەلسە، ئەمدى بارمىغانلار بارار، چۈنكى بىز نېمىلا قىلغان بىلەن شەھىرىمىزنى تاشلاپ بېرىپ، چەت ياقا يۇرتلاردا ئون — يىگىرمە يىل ئىشلىۋەتتۇق ئەمەسمۇ؟ . . .

— ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرغىچە مۇشۇ شەھەردە ياشايمىز.

بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىككى ساۋاقداش، ئىككى قەدىناس دوست — گايىت بىلەن سايىتنىڭ شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن تولغان گۈزەل «نۇرلۇق» كوچىسىدا كۆڭۈللىرى يايرىغان، كۆلكىلىرى ياڭرىغان هالدا كېتىۋېتىپ، ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان يۈرەك سۆزلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئېگىز بوي، قارامتۇل، قاڭشارلىق بولۇپ، ئوقۇش

پۈتتۈرگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا تەقسىماتى بويىچە كەتكەن بولسا؛ يەنە بىرى پاكارراق، يوغان كۆز بولۇپ، 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ھېلىقى جاپالىق چاغلاردا تۆۋەنىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەردىن كاتىپ يۆتكەشكە سەپەرۋەر قىلىنغاندا، مەردلىك بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. تۆۋەنگە بېرىشنىڭ شۇنداق ئاسان، قايتىپ كېلىشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى مۇنداق ئىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملا بىلىدۇ.

ئۇلار ئىككىسى بۇ كوچىغا مەپتۇن بولۇپ، ئىلھاملىرى تېشىپ، قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشۋاتقاندا، توساتتىنلا ئالدىغا خىزمەتكە چىققاندىن بېرى مۇشۇ شەھەردىن نېرى بارمىغان زايىت ئىسمىلىك بىر ساۋاقدىشى ئۇچراپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى مۇشۇ گۈزەل كوچىنىڭ بويىدىكى بىر ئىدارىدا ئىدى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك مۇشۇ پەيتتە بىر يەرگە جەم بولۇپ قېلىشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇلار ياشلىق دەۋرىدە بىر مەكتەپتىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى مەكتەپتە — ئۈرۈمچىدىمۇ، بېيجىڭدىمۇ بىرگە ئوقىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا تېپىلغۇسىز قەدىناس ساۋاقداشلاردىن ئىدى. مۇنداق خاسىيەتكە ئىگە ساۋاقداشلار بۇ جاھاندا قانچىلىك تېپىلىدۇ دەيسىز؟ ياشلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن مەزگىلدە ساۋاقداش بولۇپ قالىدىغان ئىشلارغۇ قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئەھمىيىتى قانداقمۇ بالىلىق — ياشلىق دەۋرىدىكىدەك ئۇنداق چوڭقۇر بولسۇن؟

— سىلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىڭلار بەك ئوبدان بوپتۇ، بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ، بەكمۇ خوشال بولۇپ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن. مەن سىلەرنىڭ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگىنىڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن، — دېدى زايىت خۇشاللىقىدا گويا قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقاندەك قىلىپ.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت! — خۇددى ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بۇ سۆز گايىت بىلەن سايىتنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى.

— ئەمدى ئۇبدان ئارىلىشىپ ئۆتەيلى! — دېدى زايىت ئاپتاپ كۆرمىگەن، دىقماق قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان ئىللىق كۆزلىرى بىردەم گايىتقا، بىردەم سايىتقا تىكىلگەن ئىدى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! — دېدى گايىت.

— جاھاندا ئارىلىشىپ، ئىناق ئۆتكەنگە يېتەمدۇ؟ — دېدى سايىتمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ.

گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، ئەمدىكى گەپ ئالدى بىلەن كىمنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىق زىياپىتىدە ئولتۇرۇشقا بېرىپ تاقالدى. گايىت بىلەن سايىت سىرتتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن قائىدە بويىچە شۇنداق بولامدۇ؟ ياكى زايىتنىڭ شۇتاپتا مېھماندارچىلىقى شۇنداق بەك تۇتۇپ كەتتىمۇ؟ بۇ تەرىپى بىرگە نامەلۇم دېسەكمۇ بولىدۇ.

— قانداقلىكى بولمىسۇن، ئالدى بىلەن مەن سىلەرنى ئۆيۈمگە چاقىراي. چۈنكى، سىلەر بەكمۇ يىراقتىن قايتىپ كەلدىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندە ئىشلەپ بەك جاپا تارتىپ كەتتىڭلار. شۇڭا بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن مەن باشلاپ بېرەي، — دېدى زايىت يېقىملىققىنە كۈلۈپ، زايىتنىڭ بۇ مېھماندوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، گايىت بىلەن سايىتمۇ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. بۇ چاغدا زايىت تولىمۇ تەكەللۇپ بىلەن:

— جەزمەن شۇنداق بولسۇن ھە؟ — دەپ ئۆز گېپىنى تەكىتلىدى.

زايىت تەكلىپىدە ئاشۇنداق چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گايىت بىلەن سايىت قائىدە بويىچە:

— كايىپ كەتمىسەڭمۇ بولاتتى ئاداش! ... ساڭا مالاللىق يېتىپ قالارمىكىن؟ — دېيىشتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار؟ بولدى بىز پۈتۈشتۇق. ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەر بىلەن مەن سىلەرنى چوقۇم ئۆيۈمدە كۈتىمەن. كەلمىسەڭلار بولمايدۇ. كەلمىسەڭلار مەن خاپا بولۇپ قالىمەن. سىلەر بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئۈچىلىمىز بىرياقتىن تاماق يەپ، يەنە بىرياقتىن راسا بىر يايراپ ئولتۇرۇپ، قانغۇچە مۇڭدىشىۋالىمىز. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىدۇق، مۇڭداشمىدۇق ئەمەسمۇ؟ ......

زايىت ئاشۇ گەپلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دېگەچ ئۆينىڭ ئادرېسىنى ئېنىق قىلىپ، تەپسىلىي ھەم ئىنچىكە سۆزلەپ بەردى.

ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈشكەن ئاشۇ چىرايلىق يەكشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. ۋەدىگە ئەمەل قىلىشنى ئۆزلىرىگە بۇرۇندىنلا قاتتىق ئادەت قىلىۋالغان گايىت بىلەن سايىت دوستىنى ساقلىتىپ قويمايلى، ساقلىتىپ قويساق بەك سەت بولار؟ دەپ دەل ۋاقتىدا زايىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇشتى. كارىدور ئىچى سەل قاراڭغۇ ۋە جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئىدى. ئادەتتە، كۆپ ھاللاردا مېھمان كېلىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى سەل ئوچۇقراق تۇراتتى. لېكىن ھازىر بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق تۇراتتى. گايىت بىلەن سايىت بىر- بىرىگە سوئال نەزىرىدە قارىشىۋېلىشتى.

— تاك، تاك، تاك، ئىشىك چېكىلدى.

— كىم؟ ..

بىر چاغدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئۇلار ئۈمىد قىلغاندەك قەدىناس دوستى — زايىتنىڭ ئاۋازى ئەمەس، بەلكى نېمىشقىدۇر بىر ئايال كىشىنىڭ تولىمۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇۋلىغان سەت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشىكنى خاتا چېكىپ قالدۇقمۇ يا؟ . . . ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بايا بىرسى زايىتنىڭ ئۆيى مۇشۇ، دەپ بىزنى ئەكىلىپ قويۇپ كەتتىغۇ؟ . . . ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە خاتا بولمايدۇ ـ دە، ئۇلار شۇلارنى ئويلاشتى. ئەسلىدە ئۇلار تېخى بىزنى زايىت ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. ئاندىن تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن: «مەرھەمەت» دەپ، ئۆيىگە باشلايدۇ دەپ ئويلاشقانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئەھۋال ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتاتتى. ھەتتا ئىشىك ھازىرغىچە ئېچىلمايمۇ دېمەيۋاتاتتى.

بايىقى «كىم؟» دېگەن سوئالغا گايىت بىلەن سايىت:
— بىز. . . . — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى. بۇ جاۋاب بىلەن تەڭلا ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ جىمىقىپ كەتتى. ئاقىۋەتتە بۇ ئىككى ئەزىز مېھمان خۇددى كېرەكسىز مالدەك خېرىدارسىز قالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىممۇ چىقمىغان ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. گايىت بىلەن سايىت ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، خۇددى چۆل ـ جەزىرىدە يولىنى تاپالماي قالغان ئادەمدەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، تۇرۇپلا قېلىشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ چۈنكى، ئۆيدە ئادەم تۇرۇقلۇق سەۋەبسىز مۇنداقلا قايتىپ كېتىشكە بولمايتتى. ئۇلار ئاخىر بولالماي ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ئۆي ئىچىگە قاراپ بېقىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا سىمىزلىكتە بەئەينى كۆپكە ئوخشىغان، يۇمۇق كۆز بىر ئايال ياغاچ سۇپا ئۈستىدە ياستۇقتىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ ناتونۇش مېھمانلارغا تولىمۇ غەلىتە، تولىمۇ سوغۇق نەزەر بىلەن بىرقىسما قارىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىچىدىكى بىسەرەمجانلىقنى كۆرۈپ گايىت بىلەن سايىتنىڭ كۆڭۈللىرى بۆلەكچىلا بولۇپ، تەنلىرى لاسسىدە بوشاپ كەتتى. سۈپىدىمۇ، پەگادىمۇ چېچىلىپ تۇرغان قەغەز پارچىلىرى بۇ ئۆيگە ئەتىگەندىن بېرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ سۈپۈرگە تەگمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئۆي ئىگىسىدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن، گايىت بىلەن سايىت يەنە ئۆزلىرى گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— بىز زايىتنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئۇ ئۆيدە يوقمىتى؟

— يوق! — ئايال غەلىتە بىر تەلەپپۇز بىلەن جاۋاب بەردى.

گايىت بىلەن سايىت نائىلاج گەپنى ئۇچۇق دەۋەتتى:

— ئۇ بىزنى ئۆيگە كېلىپ، ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانتى!

— خەۋىرىم يوقكەنغۇ؟ — دېدى ئايال ئورنىدىن مىدىر - سىدىر قىلىپ قويماي.

گايىت بىلەن سايىت بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىپ يەنە سورىدى:

— ئۇ سىزگە ئىككى ساۋاقدىشىم كېلىدۇ، دېمىگەنمىدى؟

— ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق گەپنى قىلمىغان! — پەرۋاسىز جاۋاپ بەردى ئايال.

— ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

— كىنو كۆرگىلى كەتتىمىكىن دەيمەن، بايا قولىدا كىنو بېلىتى تۇراتتى.

ھەممە ئىش ئايان بولدى. گايىت بىلەن سايىت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كەينىگە ياندى. ئۇ ئايالمۇ ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىن بولسىمۇ «ئولتۇرۇڭلار ئۇ ھازىر كېلىپ قالار» دەپمۇ قويمىدى.

گايىت بىلەن سايىت چوڭ كوچىغا چىقىپ خۇددى يىپى

تارتىلغان لەگلەكتەك نېرى كېتەلمەي، ئالاھەزەل بىرسائەتتىن ئارتۇق ۋاقتىنى كوچىدا ئۇنى ساقلاش بىلەن ئۆتكۈزدى «ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئىپسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ؟ ياكــــى كۈتۈلمىگەن بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمۇ؟ ئىپسىدىن چىقىرىپ قويدىمىكىن دەيلى دېسەك، ئۇ ئۇنداق ئاسان ئىپسىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدىمىكىن دەيلى، دېسەك ئايالى كىنو بېلىتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتتىدۇ. بۇ ئاداش كىــنوغا نېمانچە ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر بىزنىڭ تۆۋەندە ئىشلىگەن چېغىمىزدىكىگە ئوخشاش يىلدا بىرەر قېتىم كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلاتتىكىنە؟ بۇ ئاداشنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا؟ . . » دېگەندەك تۈرلۈك گادىرماش ئوي - خىياللار گايىت بىلەن سايىتنىڭ ساق تۇرغان باشلىرىنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

— كېتەيلى! كېيىن كۆرۈشكەندە بىر گەپ بولار! — دېگىنىچە ئۇلار كەلگەن يېرىگە ئۇدۇل كېتىشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق تىياتېرىغا دوكلات ئاڭلىغىلى كەلگەندە ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، زايىت ئارىدا ھېچ گەپ ئۆتۈلمىگەندەك، ئەپۇ سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن كالپۇك يېرىپ بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ قويمىدى. گايىت بىلەن سايىتمۇ قاراپ تۇرۇپ ئۇ ئىشنى يۈزىگە سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن يېپىقلىق قازان يېپىق پېتى قېلىۋەردى.

ئەزىز كىتابخان: كۆرۈپ تۇرۇپسىز! ئۇلار ئەنە شۇنداق قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئارىدا ھېلىقىدەك تولىمۇ قاملاشمىغان، سەت بىر ئىش يۈز بەردى. ئېيتىڭچۇ زايىتنىڭ قىلغان ئىشى دوستلۇققا يارامدىكەن؟

1972 - يىلى ئۆكتەبىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يارايسەن ئوغلۇم

ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىماي خىيال دېڭىزىدا يەلكەندەك ئۈزۈۋاتقان ئەركىننىڭ يۈپيۈمىلاق يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەركىن ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ نېمىشقىمۇ ئۇخلىيالمايدىغاندۇ؟ . . . . . .

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغان ئىدى: ئۇ ئاخشام بىللە دەرس تاپشۇرۇۋېلىنى ئىشلىگەن ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، كوچا ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، يەردە بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇ. ئىتتىك بېرىپ قارىسا بىر قول سائىتى ئىكەن. بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللانغان ئەركىن قىزىقىش بىلەن سائەتكە سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ بېقىپ «ھەقىقەتەن ياخشى سائەت ئىكەن، تېخى چېيىلاسىمۇ بار ئىكەن، كېچىسى كۆرگىلىمۇ بولىدىكەن؟ . . . » دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاندىن ھېچكىمگە دېمەي، ئۆيگە ئاپىرىپ ساندۇققا سېلىپ ساقلاپ، چوڭ بولغاندا تاقايمەن دېگەننى دەماللىققا كۆڭلىگە پۈكتى. مۇشۇ شېرىن ئويى بىلەن ئۇ ئۆزىچە تولىمۇ خۇشال بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئانچە ئۇزاققا بارالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ: «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ، كۆز قىرىنى سالماسلىق كېرەك» دېگەن سۆزى جاراڭلىغاندەك بولدى. ئاندىن بايىقى قاملاشمىغان ئويلىرى ئۈچۈن ئەمدى ئۇنىڭ بېشى

تۆۋەن چۈشۈپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۆزى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى. بۇ چاغدا ئۇ كۆڭلىدە: «مۇئەللىم توغرا ئېيتىدۇ، كىشىنىڭ نەرسىسىدە مېنىڭ ھەققىم يوق، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىم لازىم.» دېگەننى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يەنە ئېچىلىپ، بالىلىق چېھرىگە تەبەسسۇم يۈگرىدى. لېكىن ئەركىن تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا كەينىدە كېلىۋاتقان بالىلارمۇ يېتىشىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئەركىننىڭ قولىدىكى چىرايلىق سائەتنى كۆرۈپ:

— ئەركىن، سېنىڭ بەختىڭ باركەن جۇمۇ؟ — دېيىشتى.

بۇ پاراڭنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا كىنوخانىدىن چىققان سەمەت دېگەن چوڭراق بالىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئەركىندەك بۇنداق گول نېمىنى ئاسانلا گەپكە كۆندۈرۈپ، سائەتنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن. كېيىن، سائەتنى سېتىپ، پۇلىغا ئاشخانىغا كىرىپ، ئېسىل تاماقلارنى يەپ، كاۋاپ بىلەن پىۋا ئىچىپ ۋە كىنو كۆرۈپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈننى بەخۇدۇك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىمەن!» دېگەن شېرىن ئوي بىلەن ئەركىنگە يېقىنچىلىق قىلىپ ھېجايدى. ئاندىن:

— ئۇكام، «تاپقان تاپلاق، ئەنجۈر ياپلاق» دەپتىكەن. سائەت ئەمدى سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ بولدى. قانداق قىلىمىز دېسەڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى. بۇنى ھېچكىمگە دېمەي، ئەتە سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشۈۋالساقمۇ ياكى بىللە خەجلىسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەكەل ئەتىگىچە سائەت مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن. سائەتنى مەن ساقلاي! — دېدى ـ دە، قولىنى سائەتكە ئۇزاتتى.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بۇ سائەتتە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى ئەركىن قەتئىيلىك بىلەن ئۇنىڭ دېگىنىنى رەت قىلىپ.

ئۇلار شۇ نەرىقىدە خېلى تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. ھەتتا، قىزىرىشىپمۇ قالغان بولدى. بۇ چاغدا ئەركىننىڭ قاپاقلىرى

تۇرۇلۇپ، ئاچچىقىمۇ راسا كەلگەن ئىدى.
ئەركىن ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، تا ھازىرغىچە ئۇخلىيالمايۋاتاتتى «تېزرەك تاڭ ئاتسا، مەكتەپكە بېرىپ، سائەتنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرسەم، ئاندىن ئىنگىسكە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مۇئەللىم ئۆزى بىر ئامال قىلىدۇ» دېگەن ئۈمىدلىك شېرىن ئويلار بىلەن قاچاندا قانداق قىلىپ، تاتلىق ئۇيقۇ قۇچىقىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
ئەركىن چۆچۈپ ئويغانغاندا، تاڭ قۇچاق ئاچقان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدى. يۈزىنى چالا - پۇلا يۇيۇپ بىرپارچە ناننى ئالدى - دە، ئالدىراش سىرتقا قاراپ ماڭدى.
لېكىن، ئۇ ئىككى قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ئۇنى ئانىسى ئايىمخان توساتتىن توختىتىۋېلىپ:
— مانا ماۋۇ چېيىڭنى ئىچىپ ماڭساڭمۇ كېچىكمەيسەن! — دەپ نان چىلاقلىق چوڭ چىنىنى شىرە ئۈستىگە قويدى.
ئايىمخان ئۆز ئوغلىنىڭ قائىدە - يۇسۇنلۇق بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ زوقلىناتتى. بەزى چاغلاردا ئوغلىنىڭ غەمدىن خالىي چىرايىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغان خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىدە ئىچ - ئىچىدىن كۆڭلى يايراپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ مەسلىكى كېلەتتى. ئۇ ئاخشام ئوغلىنىڭ تېپىۋالغان سائەتنى قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئوبدان ئويلاپسەن ئوغلۇم، تېپىۋالغان نەرسىنى چوقۇم ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. بۇ سەندە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت! » دېگەن ئىدى. ئۇ ھازىر چېيىنى ئىچىپ بولغان ئوغلىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۈستىۋېشى ۋە گاللىستۇكىنى تۈزەشتۈردى - دە، ئاندىن:
— ئەمدى ماڭساڭمۇ بولىدۇ. سائەتنى مۇئەللىمىڭگە



www.uyghurkitap.com

تېزرەك تاپشۇرۇپ بەر. ئاندىن مۇئەللىمىڭمۇ سائەتنى ئۆز ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ! — دېدى. ئەركىن:

— ماقۇل، — دېگىنىچە يۈگۈرگەن پېتى ھاۋارەڭ سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىدىن كىرىپ، گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توختىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ سەل - پەل ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلدى. لېكىن، مۇنداقلا ئۇسۇپ كىرسەم «ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن!...» دەپ ئىشىك ئالدىدا بىرئاز ساقلاپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشىكنى «تاك - تاك!» چېكىپ «مۇئەللىم» دەپ چاقىرماقچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلالماي ئارسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا، بەختىگە يارىشا ئۆيدىن ئوقۇتقۇچىسى چىقىپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ئەركىننىڭ مەكتەپكە شۇنچىۋالا ئەتىگەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «نېمە ئىش بولدى؟» دېگەن مەنىدە قارىدى. بۇ چاغدا ئەركىننىڭمۇ يوغان ئېچىلغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلگەن ئىدى.

— نىزامىدىن مۇئەللىم، ماۋۇ سائەتنى ئاخشام يولدىن تېپىۋالدىم. ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز! — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ.

— يارايسەن! — دېدى ئوقۇتقۇچى. ئاندىن ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئەركىننىڭ سول دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى. بۇنىڭدىن ئەركىننىڭ كۆڭلى تازا يايراپ كەتتى.

نىزامىدىن مۇئەللىم ئوقۇتقۇچىلار ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇش بىلەنلا سائەتنى مەكتەپ مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ساقچىخانىدىن يىتتۇرگەن سائىتىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىنژېنېر ئەخمىدى ساقچىخانا باشلىقىنىڭ:

— ئەمدى سىز ئاۋارە بولماڭ، بىز سىزگە ۋەكالىتەن ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ قويدۇق، — دېگىنىگە ئۇنىماي، رەھمىتىمنى ئۆزۈم بېرىپ دېمىسەم كۆڭلۈم ئىمىن تاپمايدۇ، دەپ مەكتەپكە ئۆزى كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىزنىڭ ئادرېسى

× × ×

ئەركىن پاكىز، رەتلىك ۋە ئازادە مەكتەپ مۇدىرىيەت ئىشخانىسىغە كىرىپ كەلگىنىدە بۇ يەردە ئىشىككە قاراپ دىۋاندا ئولتۇرغان، چېكە چاچلىرىغا ئاق سانجىغان ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ پېشانىلىك، يۈزى سەل سوزۇنچاقراق كەلگەن بىر كىشى ئۇنى كۆرۈپلا:

— بۇ سەنمىدىڭ ئەركىن؟ — دېدى ـ دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئەركىننىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنى باغرىغا بېسىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— ئەخمىدى ئاكا، سىز. . ؟ — ئەركىنمۇ ھاياجاندا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

بۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى كىشىنى جەلپ قىلارلىق بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللانغان ھالدا:

— ھە، سىلەر تونۇشكەنسىلەرغۇ؟ — دېدى ئەخمىدى بىلەن ئەركىنگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — مەن سىلەرگە شۇنىلا دەي: بىرىڭلار سائەت يىتتۇرگۇچى، بىرىڭلار سائەت تېپىۋالغۇچى بولىسىلەر، ئەمدى قالغان گەپنى ئۆزۈڭلار سۆزلىشىۋېلىڭلار! — دېدى ۋە ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بۇ چاغدا ئەخمىدى بىلەن ئەركىننىڭ قاراشلىرىدىن ھەم ھەيران قېلىش ھەم خۇشاللىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھالدا ئۇچرىشىپ قېلىشلىرىنى خىياللىرىغە زادى كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

× × ×

«سۆز[illegible] چە[illegible]رسەڭ يات ئادىمىڭ يوق!» دېگەندەك ئەخمىدى

بىلەن ئەركىن ئادەتتىكى تونۇشلاردىنلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ قالغان ناھايىتى يېقىن تونۇشلاردىن ئىدى.

ئەركىننىڭ غەم ـ قايغۇنى بىلمەيدىغان يەتتە ـ سەككىز ياشلىق چاغلىرى بولسا كېرەك، چىرايلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لايدىن ھەرخىل نەرسىلەرنى ياساپ ئويناشقا ئامراق ئەركىن تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئۇستەڭ بويىغا بېرىپ، لايدىن ئادەم، ئات ۋە تانكا قاتارلىق ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينىدى. پەقەتلا، قورساقلىرى راسا ئېچىپ، ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىنلا ئۆيلىرىگە قايتىشنى ئاندىن يادىغا كەلتۈرۈشتى. بولمىسا بۇ يەردىن قاچانغىچە كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— يۈرۈڭلار، ئەمدى قايتىپ كېتىمىز! — ئەركىن لاي قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئاندىن سۇدا يۇيۇۋېتەي دەپ، ئۆستەڭ لېۋىگە بىرىنچى بولۇپ بارغانىدى. ئۇ يەر بەك تېيىلغاق بولغاچقا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇ تېيىلىپ كېتىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. دەھشەتلىك ئېقىن ئۇنى ئۆزىگە يۇتۇۋېلىپ، نەلەرگىدۇر ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كەتكەن ئۇنىڭ دوستلىرى:

— ئادەم بارمۇ؟، قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپ توۋلاپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ، جېنىنىڭ بارىچە توۋلاشتى. بۇ ئاۋاز جىمجىتلىققا چۆمگەن ئۆستەڭ بويىنى تىترىتىۋەتتى.

دەل شۇچاغ بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ئۆستەڭنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدا ۋېلسىپىتلىك كېتىۋاتقان بىر كىشى بۇ ۋەھىمىلىك سادانى ئاڭلاپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئۇ سۇدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان بالىنى كۆرۈشى بىلەنلا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۆزىنى شىددەتلىك ئېقىۋاتقان دولقۇنغا ئاتتى. ئۇ بەھۇاش ۋە يۇگەنسىز دولقۇنلار بىلەن خېلىغىچە قاتتىق

ئېلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئەركىننى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

ئەركىن ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، ئاغزى – بۇرنىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك چىقىۋاتاتتى. يۈزلىرى تاتىرىپ قورسىقى كۆپتەك كۆپۈپ كەتكەن ئىدى. ھېلىقى كىشى ئەركىننىڭ ئىككى پۇتىنى ئەپچىللىك بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېدى، ئەركىننىڭ ئېغىز – بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ يانغىلى تۇردى. ئاندىن بۇ كىشى ئەركىننى تېزلا دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانىمۇ يۈرەك – باغرى ئېزىلىپ، ئەس – ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن ھالدا دوختۇرخانىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئۇ ئىككى كۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا تىكىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن بالىسىنىڭ بېشىنى سىلايتتى. دوختۇرلاردىن ئوغلىنى تېزرەك خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئانىنىڭ چىرايىدىن بىرخىل تەشۋىش ۋە خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. لېكىن دوختۇرلارنىڭ كۆيۈنۈپ، ئەجىر سىڭدۈرۈشىدىن كېيىن، بالا ئاستا – ئاستا ھوشىغا كېلىۋاتقاندەك قىلىپ، قىمىرلاشقا باشلىدى. كۆز چانىقى ياش بىلەن لىق تولۇپ، ھەسرەت – نادامەت ئىچىدە قالغان ئانا ئىچى سىېرىلگەن ۋە بەدىنى تىترەك باسقان ھالدا ئوغلىغا قاراپ:

— جىنىم قوزام. . . كۆزۈڭنى ئېچىپ، ماڭا بىر قارىغىنا؟ . . . — دېگەننى ھېلىدىن – ھېلىغا تەكرارلايتتى.

بىرچاغدا ئەركىن گويا ئانىسىنىڭ ئانىلىق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى:

— ئانا. . . ئانا! — دەپ ئانىنىڭ پەرىشان ۋە غەمكىن چىرايىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن دادىسىمىكىن دېسە دادىسى ئەمەس، باشقا بىر كىشىنىڭ

ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن، ئۇ بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى، بۇ يەردە نېمىشقا ئۆزىگە مۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى زادى بىلمەيتتى. لېكىن، قارىغاندا بىلگىسى باردەكمۇ قىلاتتى. شۇ تاپتا ئانا خۇددى كۆز قارىچۇقى بولغان ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك:

— بالام، بۇ كىشى سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان تاغاڭ بولىدۇ! — دېدى.

ئەركىننىڭ مەسۇم چىرايىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتىنى كۆرۈندى.

ئارىدىن بەش ـ ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەركىننىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى ۋە ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولدى.

× × ×

— يارايسەن ئوغلۇم! — دېدى ئەخمىدى بىرخىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا، — مەكتەپ، ئۇستازلىرىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، مەن سېنى بۇ ئۇتۇقلىرىڭ بىلەن تەبرىكلەيمەن!

— ئەخمىدىكا، ئەگەر سىز شۇ چاغدا ھاياتىمنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسىڭىز، — ئەركىن چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئاللىقاچان بۇ ئالەمدە بولمىغان بولاتتىم. نۆۋادا مەكتەپ، ئۇستازلىرىم ۋە ئاتا ـ ئانام مېنى ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك قىلىپ، تەربىيىلىمىگەن بولسا مۇنداق ياخشى ئىشلارنىمۇ ھەرگىز قىلالمايتتىم!..

ئەركىن شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئەخمىدى يېنىدىن گاڭپى قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، ئەركىننىڭ «ياق،

ئۇنداق قىلماڭ. . . ئالمايمەن! . » دېگەنلىرىگە ئۇنىماي قەتئىيلىك بىلەن: «ئالمىساڭ سەندىن كۆڭلۈم رەنجىپ قالىدۇ!» دەپ، قەلەمنى زورمۇ - زور ئۇنىڭ مەكتەپ كىيىمىنىڭ يانچۇقىغا قىستۇرۇپ، قويۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

1974 - يىلى ئىيۇل.

# قولغا كويزا سېلىنغان ئادەم

توساتتىن ئىشىكنىڭ جالاقلىدە قىلىپ ئېچىلىشىدىن خۇددى بىرنېمىدىن قاتتىق چۆچىگەندەك بولدۇم. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئاندىن كۆزلىرىمنى يوغان ئاچقان هالدا هەيرانلىق بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېتىپلا قالدىم.

ئۆيۈمگە «ساقچى» كىيىمىنى كىيگەن ئىككى ئادەم هەيۋە بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىدى. بىرى ئېگىز، قاۋۇل كەلگەن، يەنە بىرى پاكار، سېمىزرەك كەلگەن ئادەم ئىدى. بىر قاراشتىنلا ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسىنىڭ قارام ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەستى. ئۇلارنىڭ هەيۋە بىلەن تەلۋىلەرچە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن ئوڭىسىلىمنى بىلمەي بىرهازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدىم.

— سەن ئىبراهىم مۇهەممىدىمۇ؟ — ئېگىز بويلۇق «ساقچى» كۆرەڭلىگەن هالدا مەندىن سورىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىغىنى ئالدىنئالا سەزگەندەك بولدۇم. لېكىن، شۇنداقتىمۇ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا:

— هەئە، مەن! — دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ هېچ گەپتىن - هېچ گەپ يوقلا:

— سەن قولغا ئېلىندىڭ! — دىدى.

— نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنىدىكەمەن؟ — مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇپ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سورىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ۋە گۇناھسىز ئىكەنلىكىمگە قىلچە گۇمان قىلمايتتىم. لېكىن مېنىڭ بۇ ئورۇنلۇق گېپىم ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ بىردىنلا چىچاڭشىپ كەتتى:

— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، بىلىپ قوي، سەن دېگەن قاتىل!

— مەن قانداقسىگە قاتىلكەنمەن؟

— چۈنكى سەن زەھەرلىك دورا بېرىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىسەن!

— مەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسام قىلدىمكى، ھەرگىز يامانلىق قىلمىدىم. تېخى گۈلدەك ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن بىمارلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلدىم. ئۆزۈمگىمۇ قوياشتەك ئايانكى، بىرەر كىشىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىدىم.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما، سەن بىر ئايالنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىڭدىن ئەمدى تېنىۋالالمايسەن!

ئۇ شۇ گەپنى دېگەچ يېنىدىكى «ساقچى»غا باش ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئۇ ھويلىدىن بىر ياش بالىنى ئۆيگە چاقىرتىپ كىردى.

— بۇنىڭغۇ تونۇيدىغانسەن؟ — ئېگىز بوي «ساقچى» شۇ تاپتا چوڭ بىر پاكىتقا ئېرىشكەن كىشىدەك كۆرەڭلىگەن ھالدا مەندىن سورىدى.

— تونۇيمەن! — مەن ئۆز بېشىمغا ھەربالا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈمنى مەردلىككە ئېلىپ، كەسكىن جاۋاب بەردىم.

— ئۇنداقتا، سەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىڭنىغۇ بويىنىڭغا ئالارسەن؟

مەن ئوي ـ خىيال ۋە ئەندىشە ئىچىدە بىر دەقىقە ئۈن ـ

تىنىسىز تۇرۇپ قالدىم.

— ھېچ گەپ قىلمايسەنغۇ؟، دېمەك قىلغان ئىشىڭ ئۆزۈڭگە ئايان! — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ قولۇمغا كويزا سالدى.

بۇ چاغدا مېڭەمگە: «بۇ ياش بالا دورىنى جىق بېرىۋېتىپ ئۇ ئايال بىرنېمە بولدىمۇ يا؟» دېگەن ئەندىشە غايىبتىن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقتەك نۇرلۇق كۆزلىرىم تورلىشىشقا باشلاپ، تېنىمگە تىترەك ئولاشقىلى تۇردى. ئاندىن مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە سورىدىم:

— ئۇ ئايال ئۆلدىمۇ؟.

— ياق، تېخى ئۆلمىدى. لېكىن ھاياتى ئىنتايىن خەتەرلىك!

«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» — مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، ئاندىن «ساقچى»غا تىكىلىپ:

— مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي! — دېدىم.

بۇ مېنىڭ رەت قىلغىلى بولمايدىغان ھەققانىي تەلىپىم ئىدى. ئۇلار ئاخىرى مېنىڭ بۇ تەلىپىمگە ماقۇل بولۇشتى. ئاندىن مېنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى. بىز يولنى پىيادە بېسىۋاتاتتۇق باشقىسىغۇ بىرنېمە، مەن يولدا بارغۇچە بىرەر تونۇش ـ بىلىشلەرگە ئۇچراپ قالماي دەپ، بەكمۇ دەككە ـ دۈككىدە بولدۇم.

بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىز چوڭ بىر دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدۇق. قارىسام ئۇ يەردە ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلاردىن بىرلىشىپ دېئاگنوز قويۇپ داۋالاشقا كەلگەن دوختۇرلار بىمار يېنىدا باش قاتۇرۇپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. كىرىشىمگىلا تۇشمۇ ـ تۇشتىن غەزەپلىك كۆزلەر ماڭا مىختەك تىكىلىپ، لەنەتلىك تىللار بېشىمغا بوراندەك ياغقىلى تۇردى.

— مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟.

— سەن بەك قاراملىق قىپسەن جۇمۇ؟.

— نەرىڭ بىر دوختۇرغا ئوخشايدۇ سىنىڭ!.

— بۇ نازۇك كەسىپنى شۇنداق ئاسان چاغلامسەن يا؟

— پۇلنى دەپ شۇنداق قىلىمامدۇ؟.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم تولىمۇ ئازار يەپ، تېنىم شۇركۇنۇپ كەتتى. بېشىم گاڭگىراپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. دەل شۇ چاغدا بەختىمگە يارىشا:

— «ياخشىمۇ سىز ئىبراھىم دوختۇر!...» دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز يېنىمدا قوڭغۇراقتەك جاراڭلىدى.

مەن شۇئان ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ئىشىكتىن ئەمدىلا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلگەن بەستىلىك، كەڭ پېشانىلىك، قارا كۆز لى دوختۇرنى كۆردۈم. مەن لى دوختۇرنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيتتىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ گىمروي كېسىلىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بويىچە ئاددى ئۇسۇل بىلەنلا داۋالاپ، سەللىمازا ساقايتىپ قويغان ئىدىم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ مېنى نەدە كۆرسىلا چوڭقۇر ئىززەت بىلەن دوختۇر، دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. لى دوختۇر ئۆزىمۇ داڭلىق بىر دوختۇر بولۇپ، مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەچكىمۇ، ئۇ مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكىلەر ھەيران قېلىشىپ، ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۆينى بېشىغا كىيگەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ئەمەس، ئۆز ئارا ئاستا پىچىرلاشقاندەك قىلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى: «ھوي، ئۇنى دوختۇر دەپ ئاتاۋاتىدىغۇ؟» دېسە، بەزىلىرى: «نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى «ئۇ راستىنلا دوختۇرمىكىنا؟» دېگەن گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. بۇ گەپلەرنى لى

دوختۇرمۇ ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئاندىن تونۇشتۇرمىسام بولمىغۇدەك دېگەن يەرگە كېلىپ:

— ئىبراھىم دوختۇر خېلى ـ خېلى كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان كاتتا دوختۇر! — دەپ، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

مەن بېشىمنى نېمىشقىدۇ تۆۋەن سېلىۋالدىم. لى دوختۇر «ساقچى» غا قاراپ:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — دوختۇرنىڭ قولىدىكى كويزىنى دەرھال ئېلىۋېتىڭ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

سۆرۈن تەلەت «ساقچى» ئامالسىز قېلىپ، قولۇمدىكى كويزىنى ئېلىۋەتتى. مەن ئازابتىن بوشىغان قوللىرىمنى ئاستا ئۇۋۇلىغاچ كېسەل كارۋىتى يېنىغا باردىم. ھوشسىز ياتقان بىمارنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تۇنجى قېتىم مېنى ئىزدەپ كەلگەن چاغدىكى ئەھۋالى كۆز ئالدىمدىن غىل ـ پال ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا بۇ ئوغۇل:

— ئىبراھىم دوختۇر، ئاڭلىسام سىز بەك ئۇستا دوختۇركەنسىز، داڭقىڭىزنى كۆپ ئاڭلاپ يېنىڭىزغا كەلدىم. مېنىڭ بىچارە ئانام ئاغرىپ قالغان ئىدى. ئاپارمىغان يەر قالمىدى. ھېچبىر دوختۇرخانا ئانامنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالمىدى. ئەمدى سىز بولسىڭىزمۇ بىر ئامال قىلىپ، داۋالاپ ساقايتىپ قويسىڭىز. . . . — دەپ، قاتتىق يىغلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ ۋاقتىم يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىڭىزنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە ئۆيىڭىزگە بارالمايمەن.

بۇ دېگەنلىرىم ئۇنىڭغا پەقەتلا كار قىلمىدى. ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر مېنىڭ ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى. ئۆزۈممۇ بىرەر ئىشقا ئاسان تەسىرلىنىدىغان ئادەم ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرگەندىن كېيىن بەرگەن

دورىلىرىمنى قانداق ئىشلىتىشنى خۇددى مېڭىشىگە قوغلاشقۇن بىلەن قۇيۇپ قويغاندەك دەپ بەردىم. لېكىن كېيىن ئۆتمەس بەرگەن دورىلارنى ئىشلىتىپ، ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ باشقا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، ئانام تېخىمۇ تېز ساقايسۇن، دېگەن گۇدەكلەرچە ئوي بىلەن دورىنى نورمىدىن ئارتۇق بېرىۋېتىپ، مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ.

مەن تېخى بىمارنى تەكشۈرۈشكە كىرە ـ كىرىشمەيلا ئوتتۇرا بوي، يىگىنىدەك ئورۇق كەلگەن، كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر دوختۇر يېنىمغا كېلىپ:

— بۇ ئايال ئەتىدىن قالمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ شۇ قاتارلىق قىلىۋەتكەن بارمۇ؟ — دەپ ماڭا يەنە نەشتىرىنى سانجىغىلى تۇردى.

لېكىن، مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدىم. بىمارنىڭ نۇرسىز، رەڭگى ئۆچكەن چىرايىغا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىدىم ـ دە، ئاندىن پېشانىسىنى تۇتۇپ هارارىتىنى تەكشۈردۈم. كۆز جىيەكلىرىنى بارمىقىم بىلەن تۇرۇپ، خۇنسىز كۆزلىرىگە ئىنچىكىلەپ قارىدىم. ئاخىرىدا بىمارنىڭ تومۇرىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاقىچە تۇتتۇم. نەتىجىدە قان تومۇرىنىڭ سوقۇشى ئاستىلاپ، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. دەرۋەقە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەتىدىن قالمايتتى.

مەن دىققىتىمنى بىماردىن ئېلىپ، لىلى دوختۇرغا ئاغدۇردۇم. ئۇ مېنىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىغىمنى سېزىپ مەندىن سورىدى:

— ئىبراهىم دوختۇر، ئامالىڭىز بارمۇ؟.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ، مەن تېخى بىرنېمە دېمەي تۇرۇپلا تەرەپ ـ تەرەپتىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى:

— نېمە دەيدىغانسىز لى دوختۇر؟ تىببىي مەكتەپنىڭ

قارىسىنى كۆرمىگەن مۇنداق بىر ئاددىي كىشىنىڭ قولىدىن بۇ ئېغىر كېسەلنى داۋالاش كېلەمتى؟ — دېدى بايىقى يىگىندەك ئورۇق دوختۇر ئاۋۋال سۆز باشلاپ.

— بىزدىمۇ يوق، ماۋۇ تىببىي كىتاپتىمۇ يوق ئامال بۇنىڭدا نېمىش قىلىدۇ؟ — دېدى سېمىز دوختۇر ماڭا ھومۇيۇپ قارىغاچ، باياتىندىن بېرى ۋاراقلاپ كۆرۈۋاتقان كىتابىنى قاتتىق چېكىپ قويۇپ.

— بۇ ئادەملا بولۇدىكەن، بۇ بىمارنىڭ ساقىيىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈشى تېزلىشىدۇ خالاس، — دېدى يەنە بىر كۆزئەينەكلىك دوختۇر كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ.

بۇ خىل تاپا - تەنە ، ھاقارەتلىك تىل - دەشنەملەرنى ئاڭلاۋېرىپ چىشلىرىم غۇچۇرلىشىپ، قۇلىقىمنى ئېتىۋالغىم كېلىپ كەتتى.

— ئامالىم بار! ، مەن بۇ بىمارنى خەتەردىن چوقۇم قۇتقۇزالايمەن، — دېدىمەن.

مەن يەنە ئاۋازىمنى ئۈنلۈكرەك قىلىپ مۇنداق دېدىم:

— بىزدە «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بىزنىڭ تارىختا پارلاق نۇر چاچقان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىمىز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. تېخى ئۇنىڭ قېزىپ تۈگەتكۈسىز مول خەزىنە - بايلىقلىرى بار. شۇڭا بىز غەربچە داۋالاش ۋە باشقا تىبابەتچىلىككە قارىغاندا، بەزى كېسەللەرنى ناھايىتى ئاددىي، بەكمۇ ئاسان يوللار بىلەن داۋالاپ ساقايتىپ قويالايمىز. بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بولغان ئىكەن: ئۆپكە كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىر ئادەم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە داۋالانغىلى بېرىپتۇ. ئۇ كۆرۈنمەكچى بولغان ئۇ يەردىكى كاتتا بىر دوختۇر: «سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بىمار: «غەربىي يۇرتتىن كەلدىم!» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دوختۇر: «سىز قايتىپ كېتىڭ،

سىزنىڭ داۋايىڭىز سىز كەلگەن يەردە!» دەپ، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. دېمەك بىز ئۆپكە كېسىلىنى چامغۇرھەم [illegible] يېگوزۇشتەك تولىمۇ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن داۋالاپ قويالايمىز. ئاق كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن ھازىر بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ ھەتتا شەرقىي شىمالنىڭ يىراق يەرلىرىدىن كېلىپ، داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ شۇ قەدەر كۆپلىكىنى سەمەڭلارغا سېلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە.

— سىز ئامالىنى قىلىڭ!، سىز مېنى بەزى ئاماللار بىلەن ئوبدانلا ساقايتىپ قويغان ئەمەسمىدىڭىز! — دېدى لى دوختۇر.

بۇ گەپلەر ماڭا قالتىس ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. بەزىلەر بولسا لى دوختۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن دەرگۇمان بولۇشۇپ بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشماقتا ئىدى.

— سىزلا ئامالىنى قىلىمەن دېسىڭىز، مەن سىزگە بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن يار - يۆلەكتە بولىمەن! — دېدى لى دوختۇر ماڭا ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ.

ئاخىرى مەن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ بىمارنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان بولدۇم. ناۋادا ئىش ئوڭدىن كەلمەي قېلىپ — ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بولمىسىمۇ، — ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان دەپ، بېكىتىسىمۇ رازى بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، تىلىمدىن ھۆججەت بەرگەندىن كېيىنلا «ساقچى» ماڭا ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشكە ئاران ئۇنىدى. مەن تېخى مۇنداق پۇرسەتكىمۇ لى دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئېرىشىۋاتاتتىم.

تەقەززالىق ئالدىرىتىۋاتاتتى. ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. مەن ئۆيۈمدىن دورا - دەرمانلىرىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، كوچىلاردا بىر توختاپ، بىر داۋاملىشىۋاتقان قوراللىق ئەلەم كۆرۈشىنىڭ خېيىم - خەتىرىدىن، غايىب

ئوقنىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىنمۇ قورقماي، قوپۇندەك چاپتىم. ئۆيۈمگە باردىم ـ دە، بار دورىلارنى ئالدىم، يوقلىرىنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە تەييارلىدىم. شۇنداق قىلىپ كېچىلەپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدىم. مەن كەلگۈچە لى دوختۇر بىمار ياتقان كارۋاتنى خالىي بىر ئۆيگە ئاچىقتۇرۇپ، بەزىبىر تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ مېنى ساقلاپلا تۇرغان ئىكەن. مەن تاملىرى سۇتتەك ئاپئاق، ئازادە بۇ ئۆيدە دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. بىمارغا دورىلارنى ئۆزۈم ئىچكۈزدۈم. يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەي، ھالىدىن ئۆزۈم ئوبدان خەۋەر ئالدىم. كىرپىك قاقماي كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شۇنداق جاپالىق ئىشلىگىنىمگە يارىشا ئەتىسى بىمار ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئادەمنى غۇۋا تونۇغىدەك بولدى. ئۆگۈنى ئاستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ، باشقىلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇچاغدا مەنمۇ خۇددى يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان تۈگمەن تېشى ئېلىپ تاشلانغاندەك بولۇپ خۇددى قۇشتەك يېنىكلەپ كەتتىم. ئۆزۈمنى غەمدىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلدىم.

مۆھلەت ۋاقتى توشۇپ، ھېلىقى دوختۇرلار يەنە چاقىرتىلدى. ئۇلارنىڭ ماڭا ھېلىھەم گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقى كۆرۈنۈشىدىنلا مەلۇم بولۇۋاتاتتى. ئۇلار بىمارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەكشۈرۈپ چىقتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆزى گۇمان قىلىۋاتقاندەك قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈشتىنمۇ يانمىدى.

ئاخىر ئۇلار ھېچبىر گۇمان قىلغۇدەك يەر تاپالمىغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ھەيران قېلىشقان ھالدا بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— خەتەردىن قۇتۇلۇپتىغۇ؟ — دېدى لى دوختۇر تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ ...، — بۇ يەكۈنگە باشقىلارمۇ قىلالماي قالدى. چۈنكى بىمار راستىنلا خەتەردىن قۇتۇلغان

ئىدى.

لى دوختۇر ئەتراپىدىكى دوختۇرلارغا «قانداق؟ ئەمدى نېمە دەيسىلەر؟» دېگەن مەنىدە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا بىر قىزىرىش، بىر تاتىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قايىل بولدۇق! سىزگە بەكمۇ قايىل بولدۇق! (ئۇلار ئەمدى مېنى بۇرۇنقىدەك «سەن» دېمەيۋاتاتتى) سىزدىن ئۆگىنىمىز! — دوختۇرلار قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇۋېلىشتى.

— تىلخېتىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدىممەن «ساقچى» غا تەرىمنى تۇرۇپ.

يىلى چىققان توپتەك لاسسىدە بوشاپ كەتكەن «ساقچى» زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قارا سومكىسىدىن ئۆتكەندە مەن يېزىپ بەرگەن تىلخەتنى ئېلىۋاتقاندا لى دوختۇر ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىكى تارتۇقىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالدى. ئاڭغىچە لى دوختۇر بىمار بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىگە دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ: «ھوي، ئەلەم كۆرۈشنىڭ باتۇرى ھېلىقى كىشىمۇ؟» دەپ بولغۇچە، ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ كىشى بۇ يەردىن غىپپىدە تىكىۋەتتى.

ئەسلىدە ئۇ كۆمۈر كانىدىكى جاپالىق ئەمگەكتىن قېچىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئىدارىلەرنىڭ بىرەرسىگە يۆتكىلىۋېلىش ئۈچۈن، ھېلىقى ياش بالا ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان تاغىسىدىن ئوبدانلا نەپ ئېلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى بىزگە مەلۇم بولغان ئويۇننى ئويناپ چىققان ئىكەن.

1979 ـ يىلى دېكابىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى بوتۇلكا ھاراق

مەن چۈش ۋاقتى بىلەن بىر تويدىن قايتىپ، ئاسفالىتلىق يولدا ۋېلسىپىتلىك كېلىۋاتاتتىم. بىرچاغدا ئىگىـــز بوي، ئورۇقچىنە كەلگەن مامۇتنى يىراقتىـن كۆرۈپ قالدىم. بۇ، قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلىدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئورنۇمدىن ئاللىبۇرۇن باشقا ئورۇنغا يۆتكۈلۈپ كەتكەن ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن كۆرۈشەلمىگەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە: ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئازراق ۋاقتىمنى بېرىپ بولسىمۇ، ئۇنىـڭ بىـــلەن ئوبدان بىـــر مۇڭدىشىۋالمامدىمەن؟ — دەپ ئويلىدىم. ئۇ، ئالدىم تەرەپكە قوللىرىنى ئويىنىتىپ بەخىرامان بىر كۆرۈنۈشتە كېلىۋاتاتتى. مەن مامۇتنىڭ يېنىغاراق كەلگەندە دەرھال ۋېلسىپىتـىمدىن چۈشتۇم. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ قەستەن مېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى كۆرۈپ تۇرغان ئورنۇمدا بىر ھازاغىـچە قېتىـپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ راستىـنلا مېنىـى كۆرمىگەنمىـدۇ؟ . . .

مەن شارتتىدە قىلىپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى چاقىردىم. بىراق ئۇ تېخى ئۆزىنى يەنىلا ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئۆز يولىغا كېتىۋاتامدۇ! مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يا ئۇ ماڭا: «باشقا ھەركىم چاقىرسىمۇ ئاڭلايمەن، لېكىن مۇشۇ تاپتا پەقەتلا سېنىڭ تاۋۇشىڭنىلا ئاڭلىمايمەن!» دېمەكچىمۇ؟ . . .

بۇ ھال ئىچىمنى بەكمۇ پۇشۇرۇۋەتتى. «ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈشنى ئويلىماي، ئۆز يولۇمغا ئۇدۇل كېتىۋەرسەم بوپتىكەندۇق! . . .» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن كەچۈردۈم، پۇشايمانمۇ قىلدىم. لېكىن ئەمدى كېچىككەن ئىدىم. بايا، بىكاردىن بىكار كۆرۈشۈپ ئۆتىمەن، دەپتىكەنمەن. ئۇنداق قىلمايدىغان ئىشكەندۇق! . . . ئەمدى بۇ ھالغا يەتكەندە مەن بىلەن كۆرۈشكىنىم - كۆرۈشكەن، چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال، دېدىم - دە، ۋېلسىپىتىمنى لىككىدە قىلىپ، كەينىگە بۇرۇلدۇم. شۇ ئەسنادا يېنىمدىكى بىرقىزنى سوقۇۋېتكىلى تاسلا قاپتىمەن، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ!

مەن ۋېلسىپىتىمنى تازا چاپتۇردۇم ۋە ئۇنۇمنىڭ بارچە ئۇنىسى كەينىمدىن توۋلىدىم. ھەتتا بۇ قېتىم «ئاڭلىيالماپتىمەن!» ، دېيەلمەيدىغان دەرىجىدە يەتكۈزۈپ توۋلىدىم. ئاۋازىممۇ ئىنتايىن قوپال چىقىپ كەتتى. بۇنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن يەردە ئەمەسمەن.

ئۇ بىرچاغدىن كېيىن ئوقى سۇنغان كۆتەك ھارۋىدەك لاسسىدە توختىدى. كۈن نۇرىدىن كۆزىنى توسۇپ مەن تەرەپكە قارىدى. لېكىن ئىككى چامدام بولسىمۇ، كەينىگە يېنىپ قېشىمغا كېلىدىغاندەك قىلمىدى.

«بۇ ئاداش مەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق رەنجىپ قالدىمۇ - نېمە؟ لېكىن مەن ئۇنى خۇشال قىلسام قىلدىمكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ رەنجىتىپ قويمىغان ئىدىمغۇ؟: ياكى باشقا بىرەرسىدىن رەنجىپ قالغان بولسا ئاچچىقىنى مەندىن ئېلىۋاتامدۇ - نېمە؟ ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ . . . تىكەنىمۇ كىرگەن يېرىدىن ئالىمىز ئەمەسمۇ؟ . . .» دېگەندەك گادىرماش خىياللار ئاران تۇرغان مېڭەمنى ئوچۇق قىلىۋەتتى!

مەن «بۇياقىا كەل» دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا قول

ئىشارەتنى قىلدىم. ئۇ خۇددى «بارايمۇ ـ بارمايمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، جايىدا بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن خۇددى ئېرىنچەك، كېلەڭسىز خوتۇنلاردەك ئاران دېگەندە بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئالدىمغا كەلدى. بۇ چاغدا مەن: «ئاڭلىماي قاپتىمەن! ، مېنى كەچۈرگىن!» دەپ مەندىن ئەپۇ سورايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ئۇ ئۇنداقمۇ قىلمىدى.

— ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ قۇلىقىڭ ئېغىرلىشىپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ — دېدىممەن.

ئۇ دەماللىققا ھېچنېمە دېمەي، كۆزىنى پارقىرىتىپ ماڭا بىر قىسما قاراپ قويدى.

— شۇنچە توۋلىساممۇ، ھە، دېمەيسىنا؟ — ئۇنىڭدىن ھېلىھەم زۇۋان چىقماپتى، مەن قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ خۇددى پاڭغا گەپ قىلغاندەك ئۈنلۈك توۋلىدىم. ئاندىن ئۇ بىردىنلا:

— قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالمىدى! — دەپ ۋارقىرىغاندەك دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ توڭ ھەم قوپال چىقتى.

ئەمدى مەن سىلىقلىق بىلەن سورىدىم:

— ئەمىسە ساڭا نېمە بولدى؟

ئۇ ماڭا ئېچىنغاندەك بىر قىياپەتتە قارىۋەتتى، ئاندىن سوئالىمغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا مەندىن:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇپ:

— ساۋۇت ئوغلىنىڭ تويىغا چاقىرىپتىكەن، شۇيەردىن كېلىۋاتىمەن! — دەپ تەنتەنە بىلەن جاۋاب بەردىم.

بۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ، شۇئان ماشىنىنىڭ تەرى تۇرۇلدى. چىرايىنى بىردىنلا تۇمان قاپلاپ كەتكەندەك بولدى، يوپيۇمىلاق كۆزلىرى خۇددى مېنى يەۋېتىدىغان سۈرلەك تۈس ئالدى.

مەن: «بۇ نېمە ئىش؟..» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم.

— مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغان ئىدىم. ئېمەك پەرىشانلىم خاتا چىقماپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەمدى مەيۈسلىنىش، ئاغرىنىش ئالامەتلىرى سېزىلىۋاتاتتى.

— شۇڭا ماڭا قارىماي، مېڭىپتىكەنسەندە!.

ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بىر ئىشىدىن ساۋۇتقا ئاچچىقى بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئىشتا تېخى مېنىڭمۇ ساۋۇتتىن كۆڭلۈم قالغان يېرىم ئىدى. لېكىن ماڭا بۇرۇندىلا: «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات! » دەيدىغان بىر ئادەت سىڭىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ ئىشنى مەن ئاللىبۇرۇن كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدىم. لېكىن بۇ ئىش مامۇتنىڭ كۆڭلىدە تېخىچە ئاداۋەت يۈزىسىدە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ ـ دە! ، دېگەن ئوي بىلەن مەن ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم زەن سېلىپ قارىدىم.

— سىز يەنە شۇنى ئاغىنەم، دەپ يۈرەمسىز؟ — ئۇنىڭ بۇ سوئالى خۇددى بېشىمغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئاندىن مەن سەل سەگەكلىشىپ قالغاندەك بولدۇم.

خىيال كەپتىرىم شۇئان قەپەستىن يىراقتا ئۇچۇپ خاتىرەمگە مۇنداق بىر ئىش كەلدى:

بىر كۈنى مامۇت مېنى ئىزدەپ ئىشخانامغا كىرىپ:

— دۈيجاڭ ئەھۋالىمىزنى بىلگەندىكىن، ماڭا يەنە بىرئاز ياردەم قىلىڭ! — دېدى.

مەن ئۇ چاغدا بىر ماشىنا كالونىنىڭ دۈيجاڭى ئىدىم. مامۇت مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغان بىر ئىشچى ئىدى.

— نېمە ئىش؟ ، نېمىگە ياردەم قىلىمەن؟ — سورىدىمەن.

— سىز ساۋۇت بىلەن خېلى ئوبدانلا ئاغىنە، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قىزىمنى بىزنىڭ گۇڭسىنىڭ ئۆزىگە

ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەرسىڭىز!.

مەن بېشىمنى كۆتىرىپ، ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ئەمدى ئىش ھەل بولغاندا قىزىڭغا ئورۇن تاللاپ نېمە قىلىسەن؟ ئاۋۋال قەيەرگە بولمىسۇن، بىرىيەرگە ئورۇنلاشسىلا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، قىزبالا ئەمەسمۇ؟. يىراققا كېتىپ قالمىسۇن! — دەپ تورۇۋالدى ئۇ.

مەن ئىچىمدە: «مەن ساڭا ئاز ياردەم قىلدىممۇ؟.. مەن نۇرغۇن يول يۈرۈپ، قىزىڭغا يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن خەتنى ئېلىپ بەردىم. يەنە ئەمگەك تارماقلىرىگە تولا قاتناپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىپ بەردىم. مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىكقۇ؟، مېنى يەنە ئاۋارە قىلىپ، نېمە قىلىسەن؟...» دەپ ئويلىدىم ۋە بۇ ئىشتىن باش تارتماقچى بولدۇم.

لېكىن مامۇت كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ:

— ئۇنداق قىلماي، ئاخىرقى بىر قېتىم ياردەم قىلىپ قويۇڭ! — دەپ چىڭ تورۇۋالدى.

ئاخىرى بولالماي مەن: «بوپتۇ، ياردەم قىلغاندىكىن، ئاخىرغىچە ياردەم قىلاي!» دەپ، مەن ئۆزۈمگە خېلى ئىشەنچ قىلغان ھالدا مامۇتنى ئېلىپ، كەچتە ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە باردىم.

ساۋۇتقا كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئېنىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. بىراق ساۋۇت «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ!.» دېگەندەك ئىش قىلدى. تېخى مامۇتنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە:

— ئەمىسە، قىزىنى گوڭشىغا باشلىق قىلىپ قويساق بولامتى؟ — دەپ تەلىپىمىزنى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز ساۋۇتنىڭ يېنىدىن ئەنە شۇنداق چاسىسىز سوغا چىلىشىپ يېنىپ چىقتۇق؟.

ئەجەب ئىش. مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي مامۇتنىڭ قىزىنىڭ گوڭسىمىزدا مۇھىم بىر ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنگىم كەلمەي، ئەقلىم ھەيرانۇ ـ ھەستە قالدى. لېكىن ئۇنىڭ قانداق قىلىپ، بۇ ئورۇنغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادى بىلەلمىگەن ئىدىم. تېخى ساددە، تۈز كۆڭلۈم بىلەن: «شۇ كۈنى بىز كەتكەندىن كېيىن، ساۋۇت بىزنىڭ پىكرىمىزنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بوپتۇ، قولۇمدىن كەلگەندىكىن، دەپ شۇنداق قىلغان ئوخشىمامدۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتكەن ئىكەنمەن تېخى، ئەسلىدە ئىش باشقىچىكەن ئەمەسمۇ؟...

— سىز دېگەن ئىككى يۈز ئادەمنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەمسىز، سىزنى بىز بىر رەھبىرى كادىر، دەپ تونۇيمىز. ئۇ بىر ئاددىغىنە ئىش بىجىرگۈچى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يۇقىرى بىر ئورۇندا ئىشلەپ قالغىنى ئۇچۇنلا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىنى شۇنداق چوڭ تۇتسا بولامدۇ؟ سىز ئۇنى ئاغىنەم ـ ئاغىنەم، دەيسىز، ئۇ كۈنى ئۇ سىزنى ئۆز ئاغىنىسىدەكمۇ كۆرمىدى. مېنى ۋە قىزىمنى بولسا تەنە گەپلەر بىلەن يەرگە ئۇردى. ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىندى. ئىچىمدە: «خەپ! توختاپتۇر!.» دەۋەتتىم.

— ئۇ كۈنى مەن خىجىل بولدۇم، سەن رەنجىدىڭ، شۇنداقمۇ؟.. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ھېچ ۋەقەسى يوق! — مەن مامۇتنىڭ گېپىنى مۇشۇ سۆزۈم بىلەن خۇلاسىلىۋەتمەكچى بولدۇم.

— نېمىشقا ھېچۋەقەسى يوقكەن؟ — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۇس ئالدى.

ئۇ بىر نېمە دەيدىغاندەكلا قىلاتتى. مەن بىرتەرەپتىن خىيال سۈرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى يەنە نېمىلەرنى دەركىن؟. . . دەپ كۈتۈپ تۇردۇم.

— مەن! — دەپ مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى مامۇت! — ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىي، دەپ ئەتىسى ئۆيىگە يەنە باردىم.

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدىممەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي. ئىچىمدە: «ساۋۇت ئەمدى مېنى كۆرسە، ھېلىقى مامۇت دېگەننى ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىغا بىر دەسسىتىپ قويۇپتىڭ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ماڭا زادى ئارام بەرمىدى، دەپ مېنى ئەيىبلەيدىغان بولىدى!» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئاندىن: — ئۇ كۆنى يېگەن دەككىلىرىڭنى ئاز كۆرۈپ، يەنە باردىڭمۇ؟ — دەۋەتتىم.

— سىزمۇ قىزىقكەنسىز، مەن گېپىمنى دەۋالغۇچە، بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرمامسىز؟ — دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ خۇددى ھېكايە سۆزلىگەندەك خىلى بىر نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى پەملەپ: «ھە دېگىنە؟، قۇلىقىم سەندە!» دېگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— ئەتىسى مەن يانچۇقىمغا ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى سېلىپ سىزگە ئوخشاش ئاغىنىسى لىتىپنى ئېلىپ باردىم.

ئىچىمدە: «تېز ـ تېز دېسىكەن.» دەپ ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ قالدىم. مامۇت تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى.

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئاستا يانچۇقىمدىن ئېلىپ، پەم بىلەن شىرە ئۈستىگە قويدۇم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟، دەمسىز؟ ئالدىرىماي تۇرۇڭ، مەن سىزگە تولۇق سۆزلەپ بېرىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى، ھاراق، دېسە جېنىنى بېرىدىغانلىقىنى ئوبدانلا بىلەتتىم. سىز بىزنىڭ بۇ قاتناش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورداكى ئادرېسى

سېستىبىمىمىزغا يېڭى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ مەھەللە ئانچە بىلىپ كەتمەيسىز. . . شۇنداقمۇ؟ . . .

«ھەق ــ راست» دېدىمەن ئېڭىكىمنى قېقىپ. چۈنكى مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق بۇرۇن خېلى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم.

— ئىككى بوتۇلكا هاراقنى كۆرۈپ ساۋۇتنىڭ كۆزى قىزاردى. چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. جېنى يايراپ كەتتى.

— قېنى سۆزلەڭ! — دېدىمەن يەنە، ئاخىردا نېمە كارامەت چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ. ئىچىمدە بولسا: «توۋا، توۋا!» دەيتتىم.

— سىز بىلەن مەن بارغاندا، ئاغىنەم كەپتۇ، دەپ بىر پىيالە چاي قۇيايمۇ، دېمىدى. شۇنداققۇ؟ . . . — ئۇ گەپ ئارىسىدا مېنى خىجىل قىلغاندەك قىلىپ، شۇنداق سورىدى.

مەن شۇ ئىشنى ئەسلىگەندەك قىلىپ، قوشۇمامنى تۈرۈپ، بىر ئاز تۈرۈپ قالدىم. ئاندىن:

— شۇنداق بولدى! — دەپ ئوڭايسىزلىق ئىچىدە جاۋاب بەردىم.

— سىز بارغاندا ئاغىنىسىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان ساۋۇت ئەمدى ئىككى بوتۇلكا هاراقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، داستىخان دېگەنگە نازۇنېمەت، قەنت ـ گېزەك دېگەننى تىزىۋەتتى جۇمۇ. چاينىمۇ تېخى ئۆزى دەملەپ كېلىپ قۇيدى.

ماموتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەنلىرىم غۇژۇلداپ بېشىم ئىختىيارسىز ساڭگىلاپ كەتتى. مەن ماموتنىڭ ئالدىدا راستىنلا خىجىل بولۇۋاتاتتىم. لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ سورىدىم:

— يەنىچۇ؟ .

— مەن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇ ئادەم ئەمەس نېمىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرارمەن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن كۈتۈلمىگەندە، ئۇ شۇيەرنىڭ ئۆزىدىلا تەلىپىمنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ماڭا ۋەدە بەردى. شۇنداق

قىلىپ مېنىڭ قىزىم گۇگىسىنىڭ ئۆزىدە، سىز كۆرگەن يەردە ئىشلەپ قالدى ئەمەسمۇ؟..

مەن خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام مەن ماموتنىڭ قىزىنى گۇگىسىدا ئىشلەۋاتقان ئورنىدا ئۇ كۈنى كۆرۈپ قالمىغان بولسام، ماموتنىڭ بۇ گەپلىرىگە زادىلا ئىشەنمىگەن بولاتتىم. شۇ تاپتا ساۋۇتنىڭ پەسلىكىگە راسا ئاچچىقىم كېلىۋاتاتتى.

مەن ئىچىمدە: ئاغىنىسىنى ئىككى بوتۇلكا هاراقچىلىك كۆرمىگەن ئادەمنى نېمە دېيىش كېرەك؟. يەنە ئۇنى ئاغىنەم دەپ يۈرەرمەنمۇ؟... دېگەنلەرنى خىيال ئىكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. ماموتنىڭ مۇنۇ گەپلىرى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى.

— سىز يەنە ئاغىنەم، دەپ شۇنىڭ تويىغا باردىڭىزما؟ سىز كىم؟. ئۇ كىم؟. ئادەم دېگەننىڭ قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئۇنىڭ نەدە ئىشلەۋاتقانلىقى بىلەن ئەمەس، ۋىجدانى ۋە جەمئىيەتكە قوشۇۋاتقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدىغۇ؟. ئۇ ئۇيەردە ئىشلەۋاتقان بولسا، سىز مانا ئەمدى دەرۋازىسىدىن تۆت پوستىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىسە كىرەلمەيدىغان مۇھىم ئورۇندا ئىشلەۋاتىسىزغۇ؟.. ئۆزىڭىزنى خەقنىڭ ئالدىدا ئۇنداق پەس كۆرۈپ، نېمە قىلىسىز؟. قاچانغىچە مۇشۇنداق ساددا كۆڭۈل بولۇپ ئۆتەرسىز؟ سىزغۇ، تويىغىغا ئۆزىڭىز بېرىپسىز، مەن بولسام، ئالدىمغا ماشىنا ئەكەلسىمۇ بارمايتتىم.

مەن ئۆزۈمنى چوڭقۇر ئەلەم ئىچىدە ئاران تۇتۇۋېلىپ:

— ئاغىنە ئەمەسمۇ؟. بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىكىنى تۇپەيلىدىن، تاشلىۋەتسەك بولماس،— دەپ زورىغا كۈلۈپ قويدۇم.

1982 ـ يىلى ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تال ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# كوچىدىكى پاراڭلار

تومۇز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. چەكسىز كەتكەن كۆك ئاسماندا ئەتىگەندىن بىرى لەيلەپ يۈرگەن دۈپدۈگىلەك ئوت چەمبىرىكىنىڭ مەغرىب تەرەپكە قىيسايغىنىغا ئەمدىگىنە ھېچ ۋاقىت بولمىغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ كىشى بەدىنىنى كۆيدۈرۈدىغان تونۇردەك قىزىق تەپتى تېخى يانمىغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا تار لېكىن ئۇزۇنىسىغا كەتكەن ئارقا كوچىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال يانمۇيان مېڭىشىپ، گويا ئاياغلىرى چۇشۇپ قالسىمۇ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي پايپاسلاپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار نېمىگە شۇنداق ئالدىرايدىكىنا؟......

مۇنداقلا بىر قارىغان كىشى ئۇلارنىڭ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالاتتى. ھاۋانىڭ قىزىق تەپتىدىن. تەرلەپ - پىشىپ كەتكەچكىمۇ ياكى بولمىسا مۇنداق ئۇزۇن يولنى مۇشۇ پەدىدە پىيادە بېسىپ، ھېرىپ - چارچاپ كېتىشتىمۇ، ئەيناۋۇر قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان، قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرىغا ئاندا - مۇندا ئاق سانجىغان، بويى پاكارراق، ئۆزى سېمىزرەك كەلگەن بۇ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ يادىڭغۇ چىراي، يۈزى ئۇزۇنچاقراق كەلگەن ئايالىنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ زادى ماڭغۇچىلىكى قالمىغان ئىدى. ماڭغانسېرى يولى خۇددى ئاۋۇمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مۇنداق ئازابقا ئېرى بىرنېمە دېمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقىنى بىلەن، ئايالى ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، خۇددى ۋالاقتەككۈردەك

ئاغزى بىسىلماي قىلىۋاتاتتى.

— سىز نەدىكى بىر قاملاشمىغان يولغا باشلىمىغان بولسىڭىز، بىز بۇ چاغقىچە بارىدىغان يېرىمىزگىمۇ ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ بېرىپ بولاتتۇق، — ئۇ سۆزلىگەنسىرى كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ، چىرايىمۇ خۇددى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— تولا قايناۋەرمىگىنە خوتۇن، يەنە ئازراقلا ماڭساق چوڭ يولغا چىقىمىز. ئاپتوبوسقا شۇ چاغدا چۈشسەكمۇ تېخى ئانچە كېچىككەن بولمايمىز، — ئېرى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن خوتۇننى بەزلەپ، ئۇنى يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەپ كېلىۋاتاتتى.

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن شۇ تاپتا پۇت - قولۇمدا زادى جان قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ توپلىيىم!.......

— توپلىيىڭىزدا چاتاق يوق خوتۇن....... پۇت - قولۇڭ ئاغرىپ، مېڭىشقا مادارىڭ يەتمىگەن بولسا ساڭا بەلكىم قىرلىق يەتكەندۇ؟ ئادەمگە قىرلىق يەتكەندە ئاشۇنداق پۇت - قولىدا جان قالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ، ئېرى قەستەن خوتۇنىنىڭ چىشىغا تەگكىلى تۇردى.

— ھۇي، ماڭا بىر قارىڭا، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ «ئۇيناشساڭمۇ ئويلاپ گەپ قىل» دېگەن گەپ بار. ئېيتىڭا، كىمگە قىرلىق يېتىپتۇ، ماڭىمۇ ياكى سىزگىمۇ؟.. مېنىڭچۇ، ئۇن گۈلۈمنىڭ ئەمدى تېخى بىر گۈلى ئېچىلدى جۇمۇ؟ — شۇ تاپتا ئايالىنىڭ چىرايىدا تولىمۇ غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.

— ئاشۇ ئون گۈلۈڭدىن ئاران بىرسى قالغاندۇ خوتۇن؟ — ئېرى ئايالىنىڭ زىتىغا تېگىپ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— مېڭىڭە نېرى! — جېلى بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېلىۋاتقان خوتۇنى زەردە بىلەن ئېرىنى جەينەكلىۋەتتى.

خوتۇنىنىڭ مۇنداق قوپال تېگىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئېرى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دېيىشىپ مېڭىپ، كاتتا بىر ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا ئېرى بىرەر تونۇشىنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن، شۇنداقلا بۇ ۋاتىلداق خوتۇنىنىڭ بۇ يولدا پىيادە مېڭىپ قالغانلىقى تۈپەيلى، زارلىنىپ ئېيتقان پەلپەتىش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى بۇ ۋاقىت دەل قورۇدىكىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ يەردىن ھەش - پەش دېگۈچە تېپىنچ ئۆتۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئىش زادى ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولارمۇ؟ . . . تۇۋۋا، قېرىشقاندەك بۇ خوتۇنىنىڭ بۇ يەرگە يېقىنلاشقانسېرى ساراڭلاردەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان!. . . . .

— بولدى قىل خوتۇن؟ — بۇ يەردىن تىنچراق ئۆتۈۋالايلى. بىرەرسى ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ! — دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

— ئاڭلىسا ئاڭلاۋەرمەمدۇ!. . . بۇ يەردە بىزنى كىم تونۇيتتى؟ — دېدى خوتۇنى پەرۋا قىلمىغاندەك.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خوتۇن، ماۋۇ قورۇدا مېنىڭ بىرمۇنچە ئاغىنە ۋە ساۋاقداشلىرىم بار دېگىنە؟ ئۇلار ئۇچراپ قالسا بىكار. . . . .

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ۋاتىلداق خوتۇنىنىڭ

ئاغزى تېخىمۇ ئېچىلدى:
— ماۋۇ ئاداشنى قارا، ئاپتوبۇسقا بەش پۇڭلۇق بىلەت ئېلىشتىن قورقۇپ، خوتۇننى مۇشۇ پېژغىرىم ئىسسىقتا پىيادە ماڭدۇرۇپتۇ، دەپ مېنى ئەيىبلىمىسۇن دەۋاتامسىز؟ دەڭە، شۇنداقمۇ؟ . . .
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە خوتۇن، ئىشقىلىپ بۇ يەردىن مەن دېگەندەك ئىنچراق ئۆتۈپ كەتكىنىمىز تۈزۈك. . .
— ئۇنداق دەيدىغان ئادەم، نېمىشقا بۇرۇنراق شۇ ئەقىلگە كەلمىگەن؟ — دېدى خوتۇنى، — ئۇ چاغدا بىز چوڭ كوچىدا ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ماڭماسمىدۇق؟
— تولا چېچىلىۋەرمىگىنە خوتۇن، قانچە قىلغان بىلەن ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ.
ئۇلار شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ئالدىغا تۆت قەدەم مېڭىۋىدى، باياتىندىن بېرى ئەنسىرىگەن ئىش مانامەن دەپ ئاخىر يۈز بەردى. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، ناھايىتى تونۇش بىر ئادەم توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇرسۇن ئاداش، بارمۇ سەن؟.
تۇرسۇن چۆچۈگەندەك يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇ يوغان كۆز، قوشمىقاش، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي: «ماۋۇ ئاداشنىڭ تازا يامان ۋاقىتتا ئۇچراپ قالغىنىنى قارىمامدىغان!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا ھېلىقى ئاغىنىسى:
— يائاللا تۇرسۇن، باشقا يەردىمۇ بىزنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەت. ئۇنىڭغىمۇ بىر ھېسابتا بوپتۇ دەيلى. بىراق ئىشىكىمىز ئالدىغا كەلگىنىڭدىمۇ يەنە شۇنداق قىلامسەن؟ —

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

دېدى.

بۇ گەپتىن تۇرسۇننىڭ دۈپدۈگىلەك يۈزى ئانارىدەك قىزىرىپ كەتتى. خىجالەتچىلىكتە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— ياق ئاداش، ئۇنداق بولامدۇ؟ — دېگەننى ئاغزىدىن ئاران چىقىرالىدى.

— قېنى ئېيتقىنا، سېنىسى بۇ تەرەپكە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — ئاغىنىسى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن يەنە سورىدى.

— مۇھىم بىرئىش بىلەن بىر يەرگە بارماقچى ئىدۇق، بۇ يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى، — تۇرسۇن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى. ئاغىنىسى بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنغا تەكشى بىر قارىۋېتىپ:

— بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، مەھەللىمىزگە بىرئوبدانلا كېلىپ قاپسىلەر، يۈرۈڭلار، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار! — دېدى ئاغىنىسى تەكەللۇپ بىلەن ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇ شۇ گەپنى دېگەچ كەينىگە ئىككى قەدەم ماڭدى.

تۇرسۇن ئىتتىك خوتۇنغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن: «قانداق، بايا دېمىدىممۇ، مېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئاغىنە - ساۋاقداشلىرىم بارمىكەن؟» دەۋاتقانلىقىنى ياكى «قانداق قىلىمىز، ئۆيىگە كىرەمدۇق؟» دەپ، مەسلىھەت سوراۋاتقانلىقىنى بىر قاراشتىنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. خوتۇنىنىڭ چىش يېرىپ گەپمۇ قىلماي ياكى بۇ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى گەپقۇ، دەپ سۆزگىمۇ ئارىلاشماي تۇرۇۋېلىشىدىن، بۇ تەكلىپكە كۆڭلىدە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيۋاتقانلىقى ئايان ئىدى.

بىرپەستىن كېيىن تۇرسۇن ئاغىنىسىگە قاراپ، مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— باشقا ۋاقىتتا كېلەيلى! — دېدى.

ئۇلار ئاشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، يولىغا مېڭىشقا تەمشەلگەن ئىدى، بىراق كۆتۈلمىگەندە ئاغىنىسى تېخىمۇ بەكرەك تۇتقىلى تۇردى.

— ئۇنداق دېمەي ئۆيگە كىرىڭلار، ھېچ بولمىغاندا مۇزدەك تاۋۇزلىرىم بار، پىچىپ بېرەي، بىر ئاز بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقىڭلارنى قاندۇرۇۋېلىپ ئاندىن مېڭىڭلار! . .

« ۋاي ئىسىت، بولسىغۇ شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى تۇرسۇن كۆڭلىدە، چۈنكى تونۇر تەپتىدەك مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا كىمنىڭمۇ مۇزدەك ئىككى تىلىم تاۋۇز يېۋېلىپ، راھەتلىنىۋالغۇسى كەلمەيدۇ، دەيسىز؟ لېكىن، بۇ چاغدا يەنە ئۇنىڭ كاللىسىغا: بۇ ئاغىنەم توي قىلغاندىن كېيىن، بىز تېخى توينى مۇبارەكلەپ ئۆيىگە كېلىپمۇ باقمىغان تۇرساق، ئەمدى پەقەت بىرنەچچە تىلىم تاۋۇزنى دەپلا ئۆيىگە كىرسەك ئانچە ئەپلەشمەس، دېگەن ئويلار كېلىۋالدى. ئاندىن ئۇ ھوزۇرخالىق ئېيتىپ قويۇپلا كېتىۋالماقچى بولۇپ:

— رەھمەت، ئادىل ئاداش، بىز كېيىن كېلىمىز! — دېدى ـ دە، ئادىلنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئۇدۇل ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

ئۇلار ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە خۇددى ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشكەندەكلا بۇ يەردە بىر ياش چوكان پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن نېمىشقىدۇر، بۇ ياش چوكانغا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كېتىشمىدى. ئەسلىدە بۇ ياش چوكاننىڭ بۇگۇن دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرىنى ئىشقا ئۇزۇتۇپ قويغاچ، كەچلىك تاماققا ئوتياش ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققان ئىدى. ئۇ بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئېرىسىدا ئېرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ ئېرى بىلەن خېلى يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكىنى

پەملىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ـ تۆت قەدەم كەينىدىن مېڭىۋاتقاندا، بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۆز ئارا دېيىشىۋاتقان گەپلىرى نىمىشقىدۇر بۇ ياش چوكاننىڭ دىققىتىنى بىردىنلا ئۆزىگە تارتىۋالدى.

— بايىقى كىشى كىم بولىدۇ؟ — ئايالى تۇرسۇندىن سورىدى.

— مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، ساۋاقدىشىم بولىدۇ!.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالى تۇرسۇنغا ھەيران قالغان ھالدا تىكىلىپ:

— راستىنىلا شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، ئەلۋەتتە شۇنداق ـ دە!

— ئۇنداقتا ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالى يەنە، تۇرسۇن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر بىر قىياپەتتە:

— بۇ چاغقىچە بىلمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى بىلىپ قويۇڭ خەلىچىخان، مېنىڭ تېخى سىز بىلمەيدىغان نى ـ نى ئاغىنىلىرىم، نى ئېسىل ساۋاقداشلىرىم بار، بۇ ساۋاقدىشىممۇ ئاشۇلار ئىچىدىكى نوچىلىرىدىن بىرى، — دەپ، خۇددى يوق بۇرۇتىنى تولغىغاندەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ جاۋاب بەردى.

— شۇنداقمۇ تېخى؟

— شۇنداق بولمايچۇ!

شۇ گەپتىن كېيىن، ئۇلار ئانچە ئۇزاق يول ماڭمايلا، دوقمۇشتىن ئەگىلىپ، سول تەرەپكە بۇرۇلۇشتى. ئۇلارغا بىرخىلدا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان زىلۋا، چىرايلىق چوكانمۇ، خۇددى ئۇلاردىن بىرەر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان كىشىدەك، ئاۋۋالقىدەكلا مەلۇم دەرىجىدە ئارىلىق قويۇپ، چاندۇرماي كەينىدىن گەپ تىڭشاپ مېڭىۋەردى.

— بۇ سىزنىڭ قايسى چاغلاردىكى ساۋاقدىشىڭىز؟ —

سورىدى خەلىچىخان تۇرسۇنغا كۆز قىرىدا مەنىلىك بىر قارىۋېتىپ، تەمكىن ھالدا.

— بۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم! — جاۋاب بەردى تۇرسۇن، — ئادەمنىڭ مۇنداق چاغلاردىكى ساۋاقداشلىرى خۇددى تاشقا مور باسقاندەك كۆڭۈلگە بەكمۇ چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كېتىدىكەن. ئاسان ئۇنتۇلۇپ قېلىنمايدىكەن دېگىنە؟

— توغرا دېدىڭىز، راستىنلا سىز دېگەندەك بولىدۇ. بىراق مەن بۇ ساۋاقدىشىڭىزنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلۋاتىمەن.

— سىز كۆرگەن، كۆرمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ بەلكى ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ!

شۇ گەپتىن كېيىن خەلىچىخان خېلى ئويلىنىپ باقتى. بىراق ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ قاچاندا كۆرگەنلىكىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئېنىقلىۋالغۇسى كېلىپ قالدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا:

— قاچان، قەيەردە كۆردۇممەن؟. . . — دەپ سورىدى.

— بۇلتۇر، دەل بىزنىڭ ئۆيدە كۆردۇڭ! — جاۋاب بەردى تۇرسۇن خەلىچىخانغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — خەلىچىخاننىڭ كۆزلىرى گۇمانسىراش ئىچىدە چەكچىيىپ بىرقىسما بولۇپ كەتتى.

— چوقۇم شۇنداق، بۇنىڭدا مەسىلە يوق. بۇ خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ! — دېدى تۇرسۇن ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا.

— ئۇنداقتا بۇ ساۋاقدىشىڭىز، مەن ئۆيدە يوق چاغدا بارغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق خوتۇن، سەن ئۆيدە بار ئىدىڭ!

خەلىچىخان ھەر قانچە قىلىپمۇ، بۇ ئىشنى زادىلا

ئەسلىيەلمىدى. لېكىن ئۇ يولدا گەپلىشىپ ماڭسا، ئاراق بولسىمۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جاپاسى بىلىنمەيدۇ. دېمەك ئويلىدىمۇ ياكى بۇ چاغقا كەلگۈچە زادى تونۇشلۇقى يوق بۇ كىشى توغرىسىدا بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلغۇسى كەلدىمۇ ئەيتەۋۇر مەقسەتلىك سورىغاندەك قىلىپ:

— ئەمىسە ئۇ ساۋاقدىشىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە نېمە ئىش بىلەن بېرىپتىكەن؟ — دېدى.

تۇرسۇن سەل تۇرۇۋېلىپ:

— بۇ ئىشنى دەپ كەلسەك گەپ جىق خوتۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشتىن سۆزلەپ چۈشەندۇرمىسەم بولمايدۇ. ھە، دەڭە؟ دېدىڭما؟ ئەمىسە ئاڭلىغۇڭ كەلگەن بولسا ئۆزۈمنىڭ بىلدىغانلىرىمنى ئېرىنمەي سۆزلەپ بەرسەممۇ بولىدۇ. بىراق بۇ گەپلەرنىڭ قۇلىقىڭغا يېقىشىمۇ ناتايىن دېگىنە، يەنە كېلىپ توغرا يەكۈن چىقارمىساق تېخى بولمايدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ، ئەرۋاھىي قىرىق گەز ئۆرلىگەن خەلىچىخان:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ، تەئەججۈپ ئىچىدە زەردە بىلەن سورىدى تۇرسۇندىن.

— چۈنكى، سىلى ئائىللار ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولغان مەسىلىلەر ئۇستىدە بىر گەپ چىقىسىلا ھەق - ناھەقنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا «ئائىلىنىڭ قاياشى ئايال» دېگەندەك قىلىپ، ھە دېگەندىلا ئايال تەرەپكە يان بېسىپ كېتىسىلەر، ھازىر سىزنى ئۇنداق قىلمايدۇ. دېيىش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

ئەر - خوتۇنلۇققا ئائىت بىرەر قىزىق گەپ - سۆزنىڭ چىقىشىنى كۆڭلىدە جەزىملەشتۈرگەن خەلىچىخان ئالدىراپ - تېنەپلا:

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، بەش قول ئوخشىمايدۇ! — دەپ تۇرسۇننىڭ گېپىنى پۈتلىۋەتتى.

تۇرسۇن كۈلۈپ قويۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ خەلىچىخاننىڭ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداقتە! — دېدى خەلىچىخان ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — قارىغاندا بۇ مەسىلىدە ئاغىنىڭىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

تۇرسۇن جىددىي تۇستە دەرھال گەپكە كىرىشىپ:

— مانا دېمىدىممۇ خوتۇن، سەن تېخى نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا ئەيىبنى ئاغىنەمگە قويۇۋاتىسەن! — دېدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى سەل تۈرۈلگەن ئىدى.

— ئەمىسە؟

— سەن گەپنى ئاۋۋال ئاڭلاپ بېقىپ، ئاندىن بىرنېمە دېمەمسەن؟ گېپىڭ بولسا شۇ چاغدا دېسەڭمۇ، بەربىر كېچىكمەيسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ.

خەلىچىخان شۇ ھامان بىر قىزىرىپ، بىر تاتاردى ـ دە:

— ماقۇل ئەمىسە، قۇلىقىم سىزدە، گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ! — دېدى.

تۇرسۇن ئۇلۇق كىچىك تىنىپ قويۇپ، سۆزىنى ئاستا باشلىدى:

— مېنىڭ بۇ ساۋاقدىشىم ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، قاۋۇل، كۆڭلى تۈز، مەرد يىگىت (قىزلار ئادەتتە مۇشۇنداق يىگىتلەرنى ياقتۇرىدۇ، شۇنداققۇ؟) بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ دەسلەپكى خوتۇنىدىن زادى تەلىيى كەلمىدى.

— بۇ گەپچە ساۋاقدىشىڭىز ئاۋۋالقى خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەندە؟ — مۇنداق مەسىلىلەردە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدىغان خەلىچىخان ئىچى تىتىلداپ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا

تۇرسۇننىڭ گېپىگە قوشۇق سالدى.

— شۇنداق، توغرا دېدىڭ!

— ئۇ خوتۇن ئەسكىمىكەندۇق؟ — خەلىچخان كۆزلىرىنى شۇ تاپتا پىيالىدەك قىلىپ، ئىنچىكىلەپ سورىغىلى تۇردى.

— ھەئە، بۇنىڭدا گەپنى سەل ئۇزاقراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ خوتۇن، شۇنداق بولسىمۇ، ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاپ باق! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تۇرسۇن، — بۇ ئاغىنەمنىڭ سەل كېسەلچان بىر ئانىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۆيچۆرىسىدە ئالتە مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ياكى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان شۇنچە كۆپ گۈزەل قىزلار تۇرسىمۇ، ئۇلارغا قىلچە نەزىرىنى سالماي، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا، ئانامغا ياخشى مۇئامىلىدە بولارمىكىن؟، دېگەن ئۈمىد بىلەن يىراقتىن ئۆيلەندى. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىنلا يېزا قىزلىرىنى تۈز، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى، شۇنداقلىرىمۇ بار ئەلۋەتتە. بىراق ئاغىنەمنىڭ تۇغقىنىمنىڭ قىزىكەن، دەپ ئېلىپ قالغان خوتۇنى ھەرگىز ئۇنداقلاردىن بولۇپ چىقمىدى. خۇددى ئۆگەي ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي بالىلىرىغا ئاشنىڭ سۇيۇقىنى، ناننىڭ كۆيۈكىنى بەرگەندىنمۇ بەكرەك قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى زادىلا تارتمىدى. ھەتتا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى، دېسەكمۇ ھەرقاچان قىلچە مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز. بىر كۈنى ئاغىنەمنىڭ بىر ئايال قوشنىسى بىر ئىش بىلەن ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ، ئۇ خوتۇننىڭ ئۆزى قوغۇننى كاسسا قىلىپ يەۋاتقانلىقىنى، قېينانىسىنىڭ بولسا، ئۇ ئارانلا بەرگەن ئىككى تىلىم قوغۇنغا ئۇسسۇزلۇقى قانماي، ئىدىشتىن سوغۇق سۇ ئېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ھاڭ-تاڭلىقتا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قىلىپ:

— ساجىدە، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟، قېينانىڭىزغا

قوغۇننى كاسسا قىلىپ بەرمەي، مۇنداق قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ . . . ، — دەپتۇ.

لېكىن، ئۇ خوتۇن قىلچىمۇ تەپتارتماپتۇ، خىجىلمۇ بولماپتۇ. ھەتتا قوللىرىنى بېشەملىك بىلەن سىلكىپ تۇرۇپ، قېينانىسىنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە:

— بۇ خوتۇنغا ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھېلىغۇ ئىككى تىلىم قوغۇن بېرىپتىمەن، بەرمىسەم قانداق قىلالايتتى؟ ئۇ سوغۇق سۇ ئىچسە بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز تۇرسۇن؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ خوتۇن قېينانا دېگەنگە ئۇنچىلىكمۇ قىلىپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى خەلىچىخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گويا ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ئىشەنگىنىڭ كەلمەيۋاتىدۇ ھە خوتۇن؟ لېكىن ئەمدى ئاڭلاپ تۇرساڭ بۇ نائىنساپ خوتۇننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يامان قىلغان يەرلىرى تېخى ئاخىرىدا چىقىدۇ، — دېدى تۇرسۇن ۋىجدانى ئۆرلىگەن ھالدا.

— قېنى دەڭە ئەمىسە؟

— ئاڭلىساڭ ئاندىن دەيمەن. مۇبادا قۇلىقىڭغا ياقمىسا، دېمەڭ دېسەڭ ئۇ چاغدا دېمىسەممۇ بولىدۇ.

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ؟

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاپ تۇر خوتۇن، بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇ خوتۇننىڭ يۇرتىدىن چىقىپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇۋاتقان بىر قىز تۇغقىنى كەلگەن ئىكەن. ئۇلار ئىككىلىسى بىرلىكتە ھەدەپ قازانغا گۆش نان سېلىپ يەپتۇ، لېكىن بىچارە ئانا خۇددى بوۋاق بالا ئانا ئەمچىكىگە تەلمۈرگەندەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا گۆش ناندىن بىر پارچە بىرەيمۇ دېمەپتۇ. ھەتتا مۇنداق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماپتۇ. ئۇ خوتۇن ئەنە شۇنداق كۆڭلى قارا،

ئائىنساپ بىرنېمىكەن دېگىنە؟! . . .

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى خەلچىخان تۇرسۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادىلىپ.

تۇرسۇن ئىچىدە راسا بىر كۇلۇۋېتىپ، ئاندىن خوتۇنىغا بىرقىسما قاراپ قويۇپ دېدى:

— مانا دېمىدىممۇ؟ سىلەر خوتۇن خەقلەر مۇشۇنداق كېلىنسىلەر، ھە دېسىلا ئايال كىشىگە يان باسىسىلەر ئەمەسمۇ؟، سەن مۇشۇ تۇرقىڭدا ئۆزۈڭ زادىلا دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئاشۇنداق ئۇسال بىر خوتۇنغا يان بېسىۋاتىسەن!

— نەدە يان بېسىپتىمەن، يان باسمىدىمغۇ؟ . . . سىزمۇزە قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز! — دېدى خەلچىخان تۇرسۇنغا باتىنغاندەك قىلىپ.

— ئەمىسە نېمە دېگەنلىرىڭ بۇ؟ ئاشۇرۇۋەتتىڭ دەيسىنا؟ بايا دېگىنىمدەك، سەن ئاۋۋال مەن سۆزلەپ بولغۇچە قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ باقمامسەن؟ گېپىڭ بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن دېسەڭمۇ كېچىكىپ قالمايسەن!

— بولىدۇ، بولىدۇ! — ئېرىنىڭ گېپىنى توختىتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن خەلچىخاننىڭ ئاۋازى بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر بوغۇلۇپ — بوغۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ سەل خىجىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك.

— ئۇ خوتۇننىڭ ھېلىقىدەك نائىنساپلىق قىلغان تەرىپىنى ھازىرچە سالاۋاتقىمۇ چىقىرىۋېتىپ تۇرايلى، چۈنكى بىر ئادەم بىرەر تىلىم قوغۇن ياكى بىرەر پارچە گۆش نان يېمىگەنگە ھېچنېمىمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ! . ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ يا، مەن خاتا دېدىممۇ؟

— ياق خاتا دېمىدىڭىز! تېخى ئۇ خوتۇننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يامان يېرى بارمىكەن؟.

تۇرسۇن ئايالىغا ئالدىرماي تۇر، مەن هازىرلا ساڭا دەپ بېرىمەن، دېگەن مەنىدە قاراپ قويىدى. ئاندىن:

— لېكىن! — دېدى تۇرسۇن خۇددى ئاغزىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك گېپىنى داماللىققا دېيەلمەي.

— نېمە؟ . . . كېيىن بىر ئىش بوپتىما؟ . . . دەھشەتلىك بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟ . . .

تۇرسۇن خۇددى چەكسىز بىر دەرد - ئەلەم ئىچىدە قالغان كىشىدەك ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ، ئاندىن دېدى:

— ئەڭ يامان يېرى شۇكى، بۇنى تولىمۇ دەھشەتلىك ئەھۋال دېسىمۇ بولىدۇ. بىر كۈنى ئانا هاجەتخانىدىن چىقىپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن ئېتىۋېلىنغىنىنى كۆرۈپتۇ. هاۋا سوغۇق بولۇپ، تالادا يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتقان ئىكەن.

— قىزىم، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ! — دەپتۇ ئانا.

ئۆي ئىچىدىن زۇۋان چىقماپتۇ. تالادا بولسا يامغۇر ئارىلاش قار تېخىمۇ ياغقىلى تۇرۇپتۇ.

— قىزىم، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ، تالا بەك سوغۇقكەن، توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، مەن ئۆيگە كىرىۋالاي! — ئانا يېلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۆي ئىچىدىن خۇددى ئادەم يوقتەك جىمجىتلىق ... 

ئۆي ئىچىدىن خۇددى ئادەم يوقتىكىدەك يەنىلا ئاۋاز چىقماپتۇ.

— قىزىم ئۇنداق قىلماي، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ. . . مەن زادىلا بولالمايۋاتىمەن! — بۇ قېتىم ئىنتىرەك ئۇلاشقان ئانىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ بوش، تولىمۇ ئاجىز چىقىپتۇ!

بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن خۇددى ياۋا كالا

ھۆركىرىگەندەك ناھايىتى قوپال، ناھايىتى سەت بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھوي، ئۆلمىگەن قېرى! تېخى مېنى قىزىم دەۋاتىسەنا؟ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل، مەن سېنىڭ ھەرگىزمۇ قىزىڭ ئەمەس. ئەمدى مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئۆيگە كىرگۈزمەيمەن. شۇڭا سەن ئەمدى نەگە بارساڭ بار، بۇ يەردىن تېز يوقال! يوقال دەيمەن! — دەپ ھېلىقى دەيۈز خوتۇن قىلچە ئەيمەنمەستىن ئىت يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ئانا كۆكسىنى ئەنە شۇنداق ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىلغاپتۇ!..

بۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا تۇرسۇننىڭ ئاشۇ تولىمۇ بىچارە، مىسكىن ئانىغا ئىچى ئاغرىپ، چەكسىز ھېسداشلىقى قوزغۇلۇپ كەتتى بولغاي، يۈرىكى گويا ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، قوشۇملىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كېتىپ، بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، تۇرسۇن سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، مەن ئەمدى سىزدىن ئوڭۇمدىمۇ - چۈشۈمدىمۇ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟... مەن بۇ گەپلەرنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم! كېلىن دېگەنمۇ قېينانىغا شۇنداق زەھەرلىك قىلغان بارمۇ؟ ئەگەر بۇ گەپلەر راستىنلا سىز دېگەندەك بولسا، ئۇ بەكمۇ ئەسكى، ھازازۇل، ئۆتۈپ كەتكەن نائىنساپ خوتۇن ئىكەن جۇمۇ؟ — شۇ گەپلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە خەلىچخاننىڭ جېنى خۇددى تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك پۇت - قولىنىڭ جان - پېنى قالمىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا كېلىپ قېلىپ «ھېرىپ كەتتىم» دەپ ئېرىگە بىر قارىۋېتىپلا كوچا ياقىسىدىكى گۈللۈك يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

باياتىندىن بېرى شۇنچە ئالدىرىغان، ھەتتا «ئاپتوبۇسقا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈشكەن بولساق بۇ چاغقىچە بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولماستۇق؟» دەپ بىر ھازاغىچە ئېرىنى ئەيىبلىگەن خوتۇننىڭ ئەمدى تۇرۇپلا بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس ئۆزگىرىپ، خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېچ ئىشى يوق كىشىدەك بەخىرامان ئولتۇرۇۋاتقىنى نېمىسى؟ . .

بۇنى ھېچ چۈشىنەلمىگەن تۇرسۇن خوتۇنىغا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ:

— ھوي خوتۇن، ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئوھوش، ئەجەب گەپ قىلىدىكەنسىز؟ بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئالدىراپ نېمە قىلىمىز؟ سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بايىلا بېرىپ بولىدىغان يەرگە ھازىرغىچە بېرىپ بولالمىدۇق، كېچىكتۇق، ئاز كېچىكسەكمۇ كېچىكتۇق، كۆپ كېچىكسەكمۇ كېچىكتۇق. بۇنىڭغا ئەمدى نېمە ئامال بار؟ شۇڭا ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىپ، سىزمۇ بىر ئاز ئولتۇرۇۋېلىڭ! بولمىسا ھېكايىڭىزنىڭ ئايىغىنى مۇشۇ يەردە تۈگىتىۋېتەرمىز. چۈنكى بىز توختىماي سوكۇلداپ مېڭىۋېرىدىغانغا بەربىر ماشىنا ئادەم ئەمەسقۇ؟ — دېدى خەلىچىخان غەم يېمىگەن كىشىدەك ئۇدۇلىغا — كوچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ بەخىرامان ھالدا ئولتۇرۇپ.

تۇرسۇننىڭ ئۇنىڭ بۇ قىلىۋاتقىنىغا گەرچە ئىچى پۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «سەن مۇنداق قىلىۋاتقان يەردە، مەن ئەمدى ئالدىراپ نەگە باراتتىم؟ . . » دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىگە ھاي بېرىپ، خەلىچىخاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، دەسلەپتە بىر ئاز ئۆرە تۇردى، كېيىن مېڭىش زادى خۇشياقمىغان كىشىدەك يېنىدا ئولتۇرۇۋالماقچى بولدى. بۇ چاغدا خەلىچىخان سەل تەگىگەندەك قىلىپ دېدى:

— ھوي غوجام، گەپ قىلمىسا، ھېچ ئۆزىڭىزنى بىلەي

دېمەيسىزغۇ؟ مېنىڭ، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، ئىككى ئال بىنگور ئېلىپ كېلىڭ!

— چاتاق يوق خوتۇن!

ئۇ خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇلارغا باياتىندىن بېرى ئەگىشىپ گەپ تىڭشاپ كېلىۋاتقان ياش چوكانمۇ مانا ئەمدى ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك ياكى بولمىسا «خېلىدىن بېرى ئاڭلىدىم، ئەمدى بىر يولى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ قوياي!» دېگەندەك قىلىپ، بىنگور يېگەچ نېرىسىغىراق بېرىپ ئولتۇردى.

— قېنى سۆزلىمەيسىزغۇ؟ — خەلىچىخان يەۋاتقان بىنگورنى ئاغزىدىن ئېلىپ، ئەمدى ئېرىنى داۋاملىق سۆزلەشكە ئالدىراتقىلى تۇردى.

ئىچى پۇشۇپ خىيالى چېچىلىپ كېتىۋاتقان تۇرسۇنىنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان يېرىنى بىر ئامال قىلىپ تېپىۋالغۇچە ئالاھەزەل خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تاقەتسىزلىنىپ ئىچى تاقىلداپ كەتكەن خەلىچىخان:

— ھە، دەڭە، ئانىسىنى ئۆيگە كىرگۈزمىگەنىنىڭ ئۇستىگە ئاغىنىڭىز توساتتىنلا ئۇستىگە كېلىپ قالماپتىمۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەستە، چۈنكى ئاغىنەم بىر يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئىكەن.

— مۇنداق دەڭ، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قاراڭ؟ ئاغىنىڭىز خېلى يىراق يەردىكەن ئەمەسمۇ؟ — خەلىچىخان ئۇھ، دەپ بىرئاز تىنىۋالدى. ئاندىن يەنە سورىدى: — كېيىن ئاغىنىڭىزنىڭ ئانىسى قانداق قىپتۇ!

تۇرسۇن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئۆيگە كىرىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان مىسكىن ئانا نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى، قايسى ئۆيتا

كۆيۈپ، قايسى سۇدا ئېقىشىنى بىلەلمەي، ئاخىردا ئاشۇ بىچارە بالامنىڭ يېنىغا كېتەي، نېمە بولسام يېنىدا بولاي، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئاغىنەم كەتكەن تەرەپنى نىشانلاپ مېڭىپتۇ. «مېڭىپتۇ. . . مېڭىپتۇ. . . قىردىن ئاشالماپتۇ» دېگەندەك، قىرىپ هالىدىن كېتەي، دېگەن چېغىدا كىچىك بالىدەك تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاشۇ شىۋىرغانلىق سوغۇق كۈنلەردە ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تالا ـ تۈزدە، ئۈچۈقچىلىقتا قېلىپ، ئاچلىق ۋە سوغۇق ئازابىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاشۇ نائىنساپ، قارا يۈز خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ئاخىر بولالماي، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشىپتۇ. . .

— ۋاي بىچارە، ۋاي رەھمەتلىكىم، — خەلىچىخان قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان كۈچلۈك غەزىپىنى بېسىۋالالماي ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى قاتتىق تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتاتتى.

— ئەڭ ياخشىسى ئادىل ئۇ نائىنساپ خوتۇنىدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا، بەك ياخشى بولاتتى دېگىنە، — دېدى تۇرسۇن سەل ـ پەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— ئەمىسە نېمىشقا شۇنداق قىلماپتۇ؟ — ئۇ زامانلاردىكى ئىشنى ئۇقمايدىغاندەك خەلىچىخان بەئەينى كىچىك بالىدەك سورىدى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن خوتۇن، — دېدى تۇرسۇن دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — خوتۇن ئاجراشمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىكىن ئامال يوقتە، ئۇ چاغ دېگەندە سوتمۇ پەقەت ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ تولۇق قوشۇلغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاجراشتۇراتتى. بىرى ئاجرىشىمەن دەپ، يەنە بىرى ئاجراشمايمەن، دېسە باشنى تامغا ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن بىلەنمۇ ئاجراشتۇرمايتتى دېگىنە؟.

— قانۇندا ئىككى تەرەپ قوشۇلۇشى كېرەك، دېگەن

بەلگىلىمە بارمىتى؟

— بۇرۇنقى قاملاشمىغان نىكاھ قانۇنىدا ئاشۇنداق بەلگىلىمە بار ئىدى. ھازىرقى يېڭى نىكاھ قانۇنىدا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوغۇپ قويىدىغان ئۇنداق بەلگىلىمە يوق. پەقەت مۇھەببەت بۇزۇلغانلا بولسا، بىرى قوشۇلۇپ، بىرى قوشۇلمىسىمۇ ئاجراشتۇرۇشقا بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەخمەق خوتۇن بۇ قېتىم ئۆيلىمىغان يەردىن چىقىپ، ئاجرىشىش شەرتىنى ئۆزى ھازىرلاپ بەرگەندەك ئىش قىپتۇ دېگىنە!

— نېمە؟ ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەمدى ئاجراشقۇسى كېلىپ قاپتىكەنما؟ — خەلىچىخان تىترىقاش ئىچىدە خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالغان كىشىدەك سورىدى.

— سەن دېگەندەك بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ خوتۇن بۇ قېتىممۇ تېخى ئاجراشمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. بۇ بەزى ئەرلەر خوتۇنلىرىنى خارلايدىيۇ ـ خىتىنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. بەزى خوتۇنلار ئېرىنى بوزەك قىلىدىيۇ ـ ئاجراشقىلى ئۇنىمايدۇ، دېگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خوتۇنمۇ مۇنداق بەلەن ئەرنى ھېچ قانداق يەردىن تاپالمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا ئاجراشمايمەن دەيدۇ ـ دە!

— ئەمىسە قانداقىسىگە ئاجرىشىش شەرتىنى ئۆزى ھازىرلاپ بەرگەن دەيسىز؟ — خەلىچىخان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— مەن ھازىرلا شۇنى دېمەكچىمەن.

— ھە، قېنى دەڭە؟

— بىر كۈنى ئۇلار ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشۇشقىمۇ بۇرۇنقىدەكلا يەنە ئاشۇ جېدەلخور خوتۇن سەۋەبچى بوپتۇ.

— قانداقسىگە؟ . . .

— ئادىلنىڭ ئىدارىسىدىن قۇربان ھېيتلىق ئۈچۈن، ھازىرقىدەك بىر ئائىلىگە بىردىن ئەمەس، ئىككى ئائىلىگە بىردىن قوي سېتىپ بەرگەن ئىكەن. . . كېيىن بۇ قوي ئادىلنىڭ ئۆيىدە سويۇلۇپتۇ. ئادىل بۇ گۆشنىڭ تەڭ يېرىمىنى خىزمەتدىشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش مەقسىتىدە قوينى سويۇپ بەرگۈچى ئىشچى قوشنىسىغا:

— ئۇستام بۇ قوينىڭ يېرىمى مېنىڭ، يېرىمى باشقا بىر كىشىنىڭ، شۇڭا سىز قوينى پارچىلىغاندا ئوتتۇرىدىن ئوپئوخشاش قىلىپ، ئىككىگە ئايرىپ بىرەرسىز! — دەپتۇ.

— ماقۇل.

بىراق ئۇستامنىڭ قىلغۇاتقان كەسپى قاسساپ بولماي شوپۇر بولغاچقىمۇ، گۆش تەپمۇتەڭ بولماي، سەل پەرقلىق بولۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن نائىنساپ خوتۇن گۆشنىڭ چوڭراقىنى ئېلىپ قالماقچى بوپتۇ، لېكىن مېنىڭ ئاغىنەم ئىسىمىمۇ، جىسمىمۇ ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن:

— بىزنىڭ ھەققىمىز باشقىلارغا كەتسە كەتسۇنكى، لېكىن باشقىلارنىڭ ھەققى بىزدە قالمىسۇن، — دەپتۇ - دە، گۆشنىڭ چىقراقىنى خىزمەتدىشىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. جېدەل مانا شۇنىڭدىن باشلىنىپتۇ.

— ئاغىنىڭىز توغرا قىپتىغۇ؟ — دېدى خەلچىخان ۋىجدانى ئۆرلىگەن ھالدا سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنى دېگىنە، لېكىن ئۇ خوتۇن ھەرگىزمۇ توغرا قىلدى، دېمەيدۇ - دە، چۈنكى ئۇ ئۆزۈمنىڭمۇ مېنىڭ، خەقنىڭمۇ مېنىڭ دەيدىغان خوتۇنكەن! — دېدى تۇرسۇن ئايالىنىڭ ھازىرقى گېپىنىڭ توغرىلىقىدىن، پوزىتسىيىسىنىڭ كەسكىنلىكىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ.

— ئاندىن ئۇ ئاغىنىڭىز خوتۇنىنى ئۇرۇپتىمۇ؟ —

خەلچىخان بىر قىسىم ئەرلەر ئۇرۇشۇپ قالسىلا خوتۇنىنى ئۇرىدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، مەقسەتلىك ھالدا سورىدى.

تۇرسۇن بۇ سوئالغا تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئاغىنەم ئۇ خوتۇننىڭ قىلىۋاتقان بىشەملىكىگە، ئاغزىدىن پىلىموت ئوقىدەك ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان قەبىھ تىل - ئاھانەتلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئاخىر ئۇنى قولى بىلەن بىر - ئىككىنى ئۇرۇپمۇ سالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئاغىنەم ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستى دېگىنە. لېكىن ئۇ خوتۇنچۇ؟ . ئۇ خوتۇنمۇ تەپتارتماستىن شۇ زامات قول ياندۇرۇپتۇ! . . .

خەلچىخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مېڭىگە نېرى! خوتۇن كىشى دېگەنمۇ ئەرگە قول كۆتۈرەمدۇ؟ نەدە مۇنداق ئىش بار؟ — دېدى.

— راستىنلا شۇنداق قىپتۇ!

ئىشىنەي دېسە تېخى، ئىشەنمەي دېسە تېخى، خەلچىخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئەسلىدىغۇ جېدەل ئاشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالسا بولاتتى. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپ ئەلەم كۆرىشى قىلىپ، بىر - بىرىگە قول كۆتەردى. ئەمەسمۇ؟ . . . ئادەتتىكىغۇ مۇنداق ئەھۋالدا گەرچە ئايال بولدى قىلىپ توختاپ قالسىمۇ، لېكىن ئەر: «سەن ئايال تۇرۇپ، ماڭا قول كۆتەردىڭمۇ؟» دەپ ئايالنى بىر نەچچىنى ئارتۇق ئۇرۇۋالمىغۇچە توختاپ قالمايتتى. چۈنكى ئايالنىڭ ئەرنى ئۇرىمەن دەپ، قولنى كۆتۈرۈشى بۇرۇندىنلا يوقلا ئىش ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ئەر توختاپ قالسىمۇ، ئايال توختاپ قالمىغان، بەلكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئەسەبىيلىشىپ ئادىلنى يەنە ئۇرۇپتۇ. ئۇرغاندىمۇ قانداق ئەھۋالدا نېمە بىلەن ئۇرۇپتۇ دېمەمسىز؟ — ئاخىردىكى بۇ

سوئالنى خەلىچىخانغا ۋەكالىتەن تۇرسۇن ئۆزى جىددىي قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھە، قېنى دەڭە، مەنمۇ شۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويماقچىتىم، — دېدى خەلىچىخان ھاپىلا - شاپىلا گەپ قىلىپ.

— بۇ ئىش مۇنداق بولغان، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى تۇرسۇن، — بۇلارنىڭ بىر ئايال قوشنىسى جېدەل ئۈستىگە كىرىپ قاپتۇ. جېدەل بېسىققۇچە، دەپ ئۆزى ئايال بولغىنى ئۈچۈن ئۇ نائىنساپ ئايالنى ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھەمدە: «ئۇرۇشماڭلار، ئۇرۇشساڭلار سەت بولىدۇ ئەمەسمۇ؟..» دەپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەربىيە - نەسىھەتلەرنى قىپتۇ، ئاڭغۇچە ئادىل تاياق يېگەن تۇرۇقلۇق، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بىر دەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىرچاغدىن كېيىن ھېلىقى نائىنساپ خوتۇن ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادىلنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى تۆمۈردەك قاتتىق نوغۇچ ئاغىنەمنىڭ باش قىسمىغا تېگىپ كەتمەپتۇ. بولمىسا ئاغىنەم شۇ يەردىلا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ كېتەركەندۇق!...

تۇرسۇننىڭ ھېكايىسىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان خەلىچىخان: «خوتۇنى، ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ دەسلەپىدە ئىشەنگەندەك قىلمىدى. كېيىن ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن تەئەججۇپ ئىچىدە تۇرسۇندىن:

— ئۇ خوتۇن ساراڭمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنى ساراڭ، دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى تۇرسۇن، — لېكىن ئۇ راستىنلا بېشىنى قاغا چوقۇلاپ كەتكەن ھازازۇل بىرنېمە ئوخشايدۇ. بولمىسا ئويلاپ باقمامسەن، ئۇخلاۋاتقان ئەرنىمۇ نوغۇچ بىلەن

ئۈرغان بارمۇ؟ ئۇخلاۋاتقان ئادەم بىر ھېسابتا ئۆلۈك بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق چاغدا تاياق تەگسە جېنى چىقىپ كەتمىگەن ھالەتتىمۇ، روھىي چىقىپ كېتىدۇ. دېيىشىدۇ كونىلار. بۇ ئادەم ئۆلۈپ قالسا، تۆت بالىنى قانداق باقارمەن، دېگەننى نېمىشقا ئويلىمايدۇ؟ . .

خەلىچىخان ئېرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى:

— كېيىن قانداق بوپتۇ؟ دېسەم ـ دېمىسەم ئاغىنىڭىز ھەقاچان «ئۇردى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ» دەپ خوتۇنىنى راسا ئۇرۇپ، ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتكەندۇ؟ .

— ياق، ئۇرماپتۇ! — دېدى تۇرسۇن تەمكىنلىك بىلەن.

— نېمە دېدىڭىز؟ مۇنداق چاغدا ئۇرمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ .

— راستىنلا ئۇرماپتۇ.

— خوتۇنىدىن بەك قورقامدۇ ـ يا؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، ئاغىنىڭىز «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ!» دەپ ئۇ ساراڭ، بىشەم بىرنېمىنى راسا ئۇرسىچۇ؟ . . ئاغىنىڭىزنىڭ ئورنىدا مەن بولسام چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم! — خەلىچىخان ئاچچىقىدا بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتەتلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇ ئىچىدە: «بىشەملىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاياللارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئۇ بىزەڭ، ئەخمەق بىرنېمىگە كىمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلمىسۇن؟ . . » دەپ ئويلايتتى ھەمدە مەن بولسامۇ چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم! — دېدى.

تۇرسۇن خوتۇنىنىڭ بۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قىلىۋاتقاندەك ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىشى تېخى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق گەپلەرنى

قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتى. تېخى ئۇ بەزىدە خەلىچېخاننى ھەق ــ ناھەقنى ئايرىمايلا، ھە دېسىلا قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوخشاش جىنسلىقىغا — خوتۇن خەقلەرگە يان باسىدۇ، دەپ تونۇيتتى ھەم شۇنداق ئويلايتتى.

تۇرسۇن شۇ تاپتا ئىچىدە: «بۇ ھېكايىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىشۋاتقانلىقىممۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بوپتۇ جۇمۇ؟ . . . قارىغاندا ھەق ــ ناھەق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇنداق گەپلەرنى كۆپرەك ئاڭلاپ تۇرسا بولىدىكەن. . . » دېگەنلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن:

— مېنىڭ بۇ ئاغىنەم، — دېدى تۇرسۇن خۇددى ئاشۇنداق بىر ئاغىنىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغەندەك بىر خىل تۈيغۇغا كېلىپ، — ئۆزى ئاڭلىق ئادەم بولغاچقىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتىۋېلىپ: «ئۇرۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئاجرىشىپلا كەتسەم بولمىدىمۇ؟ . . . » دېگەن يەرگە كېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا كۆدە ــ كۆرپىسىنى ئېلىپ، ئىشخانىسىغە كېتىۋاپتۇ ھەم شۇ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا زادىلا دەسسىمەپتۇ.

— مۇنداق دەڭ. ئاغىنىڭىزنىڭ شۇنداق قىلغىنىمۇ بىر ھېسابتا تازا جايىدا بوپتۇ. ئاجرىشىمەن دېگەن يەرگە كەلگەندىكىن، قەتئىي ھالدا شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ — خەلىچېخاننىڭ چىرايىدا قايىل بولۇش ئىپادىسى جىلۋىلەندى.

بىر دەقىقىدىن كېيىن تۇرسۇن:

— شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئاغىنەم ئادىل ئۇ خوتۇنىدىن ئاخىر ئاجرىشىپ قۇتۇلدى! — دېدى.

— ئوبدان قىپتۇ!

— شۇنى دېگىنە!

— بالىلىرى بار بولغىيتتى؟ — خەلىچېخان توساتتىنلا بۇنى سوراپ قالدى.

— ھەي خوتۇن باياتىندىن بېرى خېلى ئۇبدان گەپلەرنى قىلىپ كېتىۋاتاتتىڭ، ئەمدى يەنە غەلىتە بىر گەپلەرنى قىلغىلى تۇردۇڭغۇ؟. ئەجەب گەپ قىلىسەن جومۇ؟. يا ئۇلار ئۇنىڭغا ياكى ئۇلۇشكۇن توي قىلغان نېمىلەر بولمىسا، بالىلىرى بولمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟

بالىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، خەلىچىخان سەل ئارىسالدى بولۇپ قالغاندەك قىلىپ، تۇرسۇننىڭ تەئەججۇپلەنگەن چىرايىغا قارىدى:

— ئۇنداق بولغاندىكىن، بالىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ئاجراشمىسا بوپتىكەن ھە؟

تۇرسۇننىڭ شۇئان قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلىشىپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟. سېنىڭچە بۇ ئاغىنەم شۇ نىجىس خوتۇننىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلسا ئاندىن بولامتى؟ ماۋۇ گەپنى ئاڭلاپ قوي خوتۇن: مېنىڭ بۇ ئاغىنەمچۇ؟ بۇرۇن ئۆلۈم خەۋپى ئانام رەمەتلىكنىڭ بېشىغا كەلگەندە گودەكلىك قىلىپ ئۇقمىغان ئىكەنمەن. شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەمدى ماڭا مەڭگۈلۈك يېتەر! ئەمدى خەۋپ ئۆز بېشىمغا كېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەنە بۇرۇنقىدەك بىخوتلۇق قىلىپ يۈرۈۋەرسەم ئەمدى بولماس؟ دېگەن يەرگە كېلىپ، قەتئىي نىيەتكە كەلگىنىم كەلگەن، دەپ ئاجراشتى جومۇ؟ بۇنى بىلىپ قوي!

بۇ گەپ بىلەن تەڭ خەلىچىخان نېمىشقىدۇ، خېلى بەك شۈكلەپ كەتتى.

— ئۇ خوتۇننىڭ ئەڭ يامان يېرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاخشىمى ئۆيدە ئولتۇرمايدىكەن. ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ بەرمىسە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈدىكەن. ئاخشام ئىشىكنى ئىچىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا بۈگۈن ئاخشام بولسىمۇ، ئۆيۈمدە ئولتۇراي، دېمەيدىغان

خوتۇنىكەن...

— تۇۋا جاھاندا شۇنداقمۇ يامان خوتۇنلار بولىدىكەن ھە؟ — خەلىچىخان ئۆرلەپ تۇرغان غەزىپىنى بېسىۋالغاندەك قىلىپ، دەرھال ياقىسىنى تۇتۇۋالدى.

— ئەمدى دەپ باقە؟ — دېدى تۇرسۇن ئاچچىق بىلەن، — ئاشۇنداق ئەسكى خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە داۋاملىق بىللە ئۆتۈۋېرىشكە بولامدۇ؟ مەن ساڭا تېخى دەپ بەرمىگەن. بۇ خوتۇننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەسكى قىلىق، يامان ئادەتلىرى بار...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلىچىخان نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئىتتىك يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئاجراشقىنىمۇ بوپتۇ، بايا سىز بۇ گەپلەرنى دېمەستە، بالىلىرىڭگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئاجراشمىسىمۇ بوپتىكەن، دېگەن گەپنى دەپ سالىتىمەن. مانا ھازىر ئۇ گەپنى دەپ سالغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

تۇرسۇن: ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭ ئەمدى جايىدا بولدى، دېگەن مەنىنى بېرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بىر دەقىقىدىن كېيىن خەلىچىخان قىزىقىپ يەنە سورىدى:

— كېيىن بۇ ئاغىنىڭىز ئۆيلەندىمۇ؟.

— ئۆيلەندى، ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ ئۆيگىمۇ مۇشۇ ھەقتە پاراڭلاشقىلى بارغان ئىدى. مەن چاقىرتقان ئىدىم.

— ھە مۇنداق دەڭ، پەمىچە سىز ئاغىنىڭىزغا بىرسىنى تونۇشتۇرماقچى بوپسىز كەندە، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، كىمنى تونۇشتۇرماقچىتىڭىز؟

— بولدى، ئۇ ئىش ئۆتۈپ كەتتى. يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن.

— دەڭە، بىر ئاڭلاپ باقاي! — دېدى خەلىچىخان بوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كەلمەي. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ دېگۈزمەي قويمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئاخىر تۇرسۇن ئاغزىنى خەلچىخاننىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپىرىپ، بىر نېمىلەرنى دېدى. خەلچىخان بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— خۇدايا توۋا دەڭ، سىز ئاغىنىڭىزنى قارا باستۇرغىلى تاسلا قاپسىز - دە، ئۇ ئايالمۇ شۇنداق ئەسكى ئەمەسمۇ؟.

— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى ئۇ ئايالنى يۇرۇش - تۇرۇشىغا قاراپ، خېلى ياخشى ئايالمىكىن، دەپتىكەنمەن، — دېدى تۇرسۇن ھەيران بولۇپ.

— شۇڭا كونىلار: «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى خەلچىخان قاشلىرىنى ئۈينىتىپ.

خەلچىخاننىڭ بۇ گەپلىرى تولىمۇ جايىغا چۈشكەچكە، شۇئان كۆلكە پەيدا قىلدى. بۇ كۆلكە سەل نېرىراقتا ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتقان ياش چوكاننىمۇ سىرتتا قالدۇرمىدى.

ئارىغا بىر ئاز جىمجىتلىق چۈشتى، بۇ جىمجىتلىقنى خەلچىخان بۇزۇپ:

— ئاغىنىڭىز ھازىرقى ئايالى بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خۇددى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ياخشى ئۆتۈشىدۇ، دېيىشىدىغۇ! — دېدى تۇرسۇن خەلچىخانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— ئاغىنىڭىزنىڭ باللىرىنى ئۆگەيلەمدىكەن؟ — سورىدى خەلچىخانمۇ خۇددى باشقا ئاياللاردەك بۇ بىر ئىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە تولىمۇ قىزىقىپ، ئاندىن تۇرسۇننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ، — ئۆگەي بولغاندىكىن، ھەقاچان ئۆگەيلىمەيمۇ قالمايدىغاندۇ ھە؟ مىڭ

قىلغان بىلەمسىز ئۆگەي ئەمەسمۇ؟ . . — دېگەننى ئالايتەن قوشۇپ قويدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى گەپ ئۆزى ئۇستىدە كېتىۋاتقاندەك تۇرسۇننىڭ سەپراسى قايتا بەش گەز ئۆرلىدى:

— نېمە دەۋاتىسەن خوتۇن؟ يەنە ئاق - قارىنى ئوبدان پەرق ئەتمەيلا، ھەممە ئۆگەي ئانىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى تۇردۇڭغۇ؟ بۇ ئايالچۇ! بالىلارنى پەقەتلا ئۆگەيلىمەيدىكەن. بۇلا ئەمەس. ئۇ تېخى قانداق قىلسام بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالالايمەن؟ ، دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىدىكەن. تېخى بەزىدە ئۇ بالىلارغا ئۆز ئاتىسى بولغان ئاغىنەمدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىكەن.

— راست شۇنداقمىكەن؟ — خەلىچخان ھەيران قېلىپ تەئەججۇپ ئىچىدە سورىدى.

— راست بولمايچۇ؟ مەن ساڭا يالغان سۆزلەۋاتقىنىم يوقتۇ! ئىشەنمىسەڭ كېلىپ تەكشۈرۈپ باق! — دېدى تۇرسۇن خوتۇنىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

خەلىچخان تېخى مۇنداق دەڭ، دېگەن مەنىدە چىرايىغا كۈلكە يۈگرۈتۈپ، تۇرسۇنغا يېقىملىققىنە قارىغىنىنىچە بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن خۇددى بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

— ئاغىنىڭىزنىڭ مېھمانلىرى كەلسە قانداق قىلىدىكەن، خېلى ئوبدان كۈتەمدىكەن؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى.

— ئوبدان كۈتىدىكەن! .

خەلىچخاننىڭ چىرايى بىردەمدىلا خۇددى يامغۇردىن كېيىن چىققان ئاپتاپتەك ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ خوشال ۋە كۈلۈمسىرىگەن پېتى:

— ئۇنداق بولسا بىزمۇ بىر كۈنى كېلىپ، ئاياللىنى كۆرگەچ مېھمان بولۇپ كېتەيلىچۇ؟ بايا ئاغىنىڭىز ئۆزىمۇ بىزنى ناھايىتى قىزغىن تەكلىپ قىلىپ كەتتىغۇ؟ ئالدىمىزدا قۇربان

ھېيىت كېلىۋاتىدۇ. ھېيىت پەتىسى قىلىپ كەلمەمدۇق؟ بۇ بىر ئوبدان پۇرسەت! — دېدى.

تۇرسۇنمۇ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— شۇنداق قىلايلى، چوقۇم شۇنداق قىلايلى، بىز كەلسەك ئۇلار چوقۇم خۇرسەن بولۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى چىرايىدىن كۈلكە ياغقان ھالدا.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە گەپنىڭ ئاخىرىنى ئەنە شۇنداق چۈشۈرۈشۈپ ئەمدى ماڭساق بولارمىكىن دېگەن يەرگە كېلىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا خۇددى تۇساتتىن ئاسماندا چاقماق چاقناندەك:

— چاتاق يوق، كەلسەڭلار بولىدۇ! — دېگەن كۈچلۈك، لېكىن قوڭغۇراقنىڭكىدەك زىل بىر نىدا يېقىنلا يەردە جاراڭلىدى.

تۇرسۇن بىلەن خەلچىخان ھەيرانلىق ۋە تەمتىرەش ئىچىدە ئىتتىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. ياش چوكان ئۇلارغا گەپ قىلغاچ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. چېھرىدە خۇش پېچىم، مېھماندوستلۇق ئىپادىلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

باياتىندىن بېرى يېنىدا خۇددى كىچىك بالىدەك ئەگىشىپ يۈرسىمۇ، ئۆزلىرى ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بۇ ياش چوكاننىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل چىرايىغا ھېلىدىن ـ ھېلىغا زەن قويۇپ قاراشتى. ئاندىن ئىككىسى تەڭلا:

— سىز قوشنىسى بولامسىز؟ — دەپ سوراشتى.

ياش چوكان مىيىقىدا چىرايلىققىنە كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— مەن ئادىلنىڭ ئايالى بولىمەن!.

1984 ـ يىلى ئىيۇل.

www.uyghurkitap.com

# مەسخىرىگە قىلىش

چىرايلىق كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بوستان كەنتىدە بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئۆيىدە توي قىزىۋاتاتتى. بۇ تويغا كەلگەنلەرنى ئاز دەپ كەتكىلى بولمايتتى. تويغا كېلىۋاتقانلارنىڭ تېخى ئايغىمۇ ئۈزۈلمىگەن ئىدى. شۇ ئەسنادا شەھەردىن تويغا ئېيتىلغانلار قاتارىدا پوزۇر كىيىنگەن ئىككى ئايالمۇ تويغا چىقتى. ئەسلىدە كۆپچىلىك: ئۇلارنىڭ تويغا كېلىپ قاتنىشىپ بېرىشى توي ھۆسنىگە ھۆسن قوشقاندەك بىر ئىش بولۇدىغان بولدى دېيىشكەن ئىدى. بىراق..

ئۇلارنىڭ بىرى سەل ئورۇقراق كەلگەن، سۇمبۇل چاچلىق ئايال بولۇپ، يۈزىدىكى قورۇقلار ئۇنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىگە ئانچە ماس كەلمەي تۇراتتى. يەنە بىرى سېمىزرەك كەلگەن ئايال بولۇپ، ئەسلىدىكى بىلەكتەك توم چېچىنى خۇددى چېچى ئاز ياكى ئۇنىڭدىن زېرىككەن ئايالدەك بېشىغا سەللە قىلىپ ئۆرۈۋالغانىدى.

ئىشقىلىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ باش - كۆزلىرىدىن ئۇپا - ئەڭلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى..

بايا دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، تويىنى دەپ شەھەردىن چىققانلىقىغا توي ئىگىسى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى ھەرھالدا خۇشال بولۇشقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئۇلارغا ھەش - پەش دېگۈچە ئالاھىدە بىر ئۆي راسلانغانىدى. تېخى ھېچكىمنىڭ ئالدىغا تىزىلمىغان، تىزىلسىمۇ مول تىزىلمىغان ئاشۇنداق ئېسىل نازۇنېمەتلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا

ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كەلتۈرۈلدى.

— داستىخىنىمىز سەل غورىگۈل بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، قىنى ئاش كىرگىچە، نازۇنېمەتلەردىن تارتىنماي ئېلىپ چاي ئوتلىغاچ تۇرۇڭلار! — دېدى توي ئىگىسى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن.

توي ئىگىسى ئايال شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئەمدى كەينىگە ئۆرۈلۈشىگە سۇمبۇل چاچلىق مېھمان:

— بىزنى كۈتۈدىغانغا ئالاھىدە كۈتكۈچى قويۇلسۇن! — دېدى.

مېماننىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماي بولامدۇ؟ شۇڭا توي ئىگىسى بىر ياش چوكاننى باشلاپ ئەكىرىپ، ئۇلارنى كۈتۈشكە بەلگىلەپ قويۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

كۈتكۈچى چوكان بىر ئازدىن كېيىن، ئىككى مېھمانغا تەكشى بىر قاراپ قويۇپ:

— ئەمدى ئاش ئەكىرەيمۇ؟ — دېدى.

— ياق، بىز ئاش يېمەيمىز! — دېدى سۇمبۇل چاچلىق ئايال ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتقان ھالدا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان كۈتكۈچى چوكان: «بۇلار ئاش يېمىسە، نېمە يەيدىغاندۇ؟ . . .» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سوئال نەزىرى بىلەن سۇمبۇل چاچلىق ئايالغا مەنىلىك قارىدى. بۇ چاغدا:

— ماڭا قاراڭ! — دېدى سۇمبۇل چاچ ئايال، — پولوغا ئىشتىيىمىز يوق. بىزگە گۆش سېلىپ بەرسۇن!

ئاندىن ئۇ گېپىنى تېخىمۇ ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە، يېنىدىكى تۇرگۇن چاچلىق ئايالغا قەستەن ھۇمايغاندەك بىر قارىۋېتىپ:

— سەن ھېچ بىر گەپ قىلمايسەنغۇ؟ يا سېنىڭ گۆشكە ئىشتىيىڭ يوقمۇ؟ . . . ، — دېدى.

دەل شۇ پەيتتە نېمىندۇ ئويلاپ ئولتۇرغان ھەمراھى — تۇرگۇن چاچلىق ئايالمۇ خۇددى ئۇيقىدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەكلا:

— ئەلۋەتتە ئىشتىيىم بار! قىزىــق گەپ قىلىسەن جومۇ. مۇشۇ كەمــلەردە گۆشكــىمۇ ئىشتىــيــى بولمــايدىغان ئادەم بولامــدۇ؟ . . . ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز شەھەردىن ئالايىتەن مۇشۇ تويىنى، دەپ چىقتۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەمراھىــدىن كۆزىنى كۇتكۇچى چوكانغا ئاغدۇرۇپ، تېخى ئۇ «بىز شەھەردىن چىقتۇق» دېگەن سۆزنى ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ، ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلىپمۇ ئۇلگۇردى.

— بولىدۇ، مەن چىقىپ دەپ باقاي! — دېدى كۇتكۇچى چوكان تولىمۇ كەمتەرلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن. چۈنكى بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئانچە باياشات ئەمەسلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى تولىمۇ ئارتۇقچە تەلەپ دەپ بىــلگەچكە كۆڭلىــدە ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىگەن ئىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ساھىبــخان دېگەن مېھــماننى چوقۇم رازى قىلىشــى كېرەك، بولمــسا بۇنى توي دېگىلــى بولامــدۇ؟ . . . ۋايىيەي دەۋاتقان گېپىنى؟ . . .، — سۇمبۇل چاچلىق ئايال چىرايىنى بىر قىسما پۈرۈشتۇرۇپ بۇ گەپنى قىلدى.

— مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ؟ . . . بولىدۇ، مەن چىقىپ دەي، سىلەرنى چوقۇم رازى قىلىدۇ! — كۇتكۇچى چوكان شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، چەينەكنى قويۇپ، ئەمدى چىقاي دېيىشىگە، سۇمبۇل چاچلىق ئايال:

— شۇنداق بولسۇن ھە؟ — دەپ يەنە بايىقى گېپىنى يورغىلاتتى.

— بولىدۇ! — كۇتكۇچى ئايال چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختىڭا سىڭلىم، ماڭا بىر قارىڭا! — دېدى تۆرگۈن چاچلىق ئايال ئۇنى توختىتىۋېلىپ.

«يەنە نېمە دەيدىغاندۇ بۇ خوتۇن؟. بۇلارنىڭ گېپى ئەجەب تۈگىمەي كەتتى!» كۆتكۆچى چوكان شۇ ئوي بىلەن مېھمانغا قارىدى.

— گۆش دېگەن ئاسان پىشمايدۇ. ئاڭغىچە بىزگە گۆشلۈك قىلىپ، ئىككى تەخسە قورۇما قورۇپ بەرسۇن! يېگەچ - ئىچكەچ يېيىلىپ ئولتۇرايلى، قانداق دېدىم؟ بولمىسا بىز زېرىكىپ قالىدىكەنمىز...

شۇئان كۆتكۆچى چوكاننىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا بىر گەپ كەلگەن ئىدى، لېكىن ئۇ گەپنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكى، ئۇ دېمىگەندىكىن، بىزگە نامەلۇم پېتى قېلىۋەرسۇن. ئىشقىلىپ، ئۇ دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئاندىن:

— بولىدۇ، بولىدۇ، بولمامدىغان! — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

«ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ كۆتكۆچى چوكان بۇ ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» نىڭ تەلىپىنى ساھىبخانىغا ھايال قالمايلا يەتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە بۇيەردە بۇ ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» نىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشنىڭ ئىمكانىيىتى ھازىرچە ناھايىتى كەم بولسىمۇ، لېكىن مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈنلا بىر ئىلاجى قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپى ئاخىرى — نەتىجىدە بىجا كەلتۈرۈلدى.

— سوغۇق سۈيىڭلار يوقمىدى؟ — دېدى تۆرگۈن چاچلىق ئايال قورۇمىدىن ئىككى چوكا يەپ بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناتقان ھالدا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار! سۇ دېگەن جىق گەپقۇ، قۇدۇقتىمۇ بار. ئۆستەڭدىمۇ لۆمشۈپ - لۆمشۈپ ئېقىۋاتامدۇ؟... ھە راست، سىلەردىن سورۇۋالاي: سوغۇق سۇنى قانداق

قىلالتتىڭلار، — دېدى كۆتكۆچى چوكان ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، ھەيران قالغان ھالدا.

تۇرگۇن چاچلىق مېھمان كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ، لېكىن ئۈنىنى چىقارماي تۇرۇپ: «بەغەرەز سەھرالىقلار شۇ گەپنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ.» دەپ ئىچىدە قاتتىق غۇدۇردى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى كۆتكۆچى ياش چوكان چۈشەنمەيتتى. باشقىلارنىمۇ چۈشەنمەيدۇ دېيىشكىمۇ بولاتتى. لېكىن جەمئىيەت ئەمەسمۇ؟ جەمئىيەت دېگەندە ئەسلىدىلا ئۇنداق ياكى مۇنداق كىشىلەرمۇ بولمايدۇ ئەمەس، بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرخىل ئادەملەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا ئۆتۈپ، «ئالاھىدە مېھمان» نىڭ بەختىگە يارىشا ئارىدىن چۈشىنىدىغانلارمۇ چىقىپ قالدى. لېكىن ساھىبخان بۇ مۇسۇلمانچىلىقتا ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ھاراق ئەكېلىشكە پۇل چىقارغىلى ئۇنىماي قويدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ... لېكىن كۆپچىلىك بار يەردە شۇنداق «مەرد» ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ چىقىپ قالىدىكى، ئۇلار: «خۇددى كىنو كۆرگەندەك، بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرىمىز» دەپ ئۆز يانلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل چىقىرىشىپ، تۇردى مەستنى ماگىزىنغا ھاراق ئەكېلىشكە ئەۋەتىشتى. ھاراق كەلگەندىن كېيىنلا، كۆتكۆچى چوكان: «مەن بۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىغىدەكمەن!» دەپ ھەقلىق ھالدا ئۆزىنى بىر ئەپلىك چەتكە تارتتى. چۈنكى ئۇ بۇ چاغدا «سوغۇق سۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ «ئېسىل» مەنىسىنى چۈشىنىپ قالغان، تەكتىگە يېتىپ ئۇلگۇرگەن ئىدى.

ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» «سوغۇق سۇ» غا تۇمشۇقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەگكۈزۈشۈپ، رومكا ئورنىدىكى پىيالە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، سىرتتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئاۋازلىرى سومبۇل چاچلىق مېھماننى جايىدا زادىلا

ئولتۇرالماس قىلىپ قويدى. ئۇ: «قۇيساڭ تۇرۇك قۇربىتتا ئاداش!» دەپ يەنە بىر قېتىم ئىچىۋەتكەندىن كېيىن «قالغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ئىچەيلى!» دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ هويلىغا چىقتى. بۇ چاغدا «نازىركوم» دەك بىر ئۇسسۇلنى ئويناۋاتقان، شوخراق كەلگەن بىرئەر، بىللە ئويناش مەقسىتىدە سۇمبۇل چاچلىق مېھماننى شوخلۇق بىلەن ئۇسسۇلغا تارتتى. تاپىنى قىزىپ قالغان سۇمبۇل چاچلىق ئايالمۇ ئانچە تۇزۇت قىلىپ تۇرمايلا ئادەم بىلەن لىق تولغان بۇ مەيدانغا مەردلەرچە چۈشتى. ئۇ ھېلىقى ئەر بىلەن راسا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، «قىزىقچىلىق قىلىمەن، نوچىلىقىمنى بۇ سەھرالىقلارغا بىر كۆرسىتىپ قوياي!...» دەپ قولىدىكى نەدىندۇ ئېلىۋالغان باش ياغلىقنى يوملاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ چاتىرىقى ئارقىلىق ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەرگە قارىتىپ بىر ئېتىپتى، ياغلىق بېرىپ ئۇ ئەرنىڭ بۇرنىغا تەگدى. ئەر قاتتىق نومۇستا قېلىپ، مەيداندىن شۇئان چىقىپ كەتتى. چاۋاك بىلەن چۇقان مەيداننى كۆتۈرۈۋەتتى.

بىرئازدىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى «ئالاھىدە مېھمان»: «ئەمدى بىرئاز دەم ئېلىۋالايلى!..» دەپ ئۆيگە قايتىپ كىرىشكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رومكا ئايلاندۇرۇش يەنە داۋاملاشتى، يەنە قىزىدى. چۈنكى بۇ چاغدا تۇردى مەست ئۇلارغا ھەم كۈتكۈچى ھەم ھەمراھ بولغان ئىدى. بىرئەر كىشىنىڭ مۇشۇنداق ھەمراھ بولۇپ، تەڭ ئىچىشىپ بەرگەنلىكى بۇ ئىككى سەتەڭنى ئاجايىپ يېقىملىق بىرخىل تۇيغۇغا چۈمدۈرۈۋەتكەن ئىدىكى، نەتىجىدە ئۇلار راسا ئىچىلدى. بەكمۇ بەلەن كۈلدى. كۆڭلىنى ئوبدانلا خوش ئېتىۋالدى. بىر چاغدا ئۇلار بۇيرۇدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ چىققۇسى كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇردى مەست سىرتقا تاماكا ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى. ئۆي بۇ ئىككىيلەنگە بىرمەھەل ئۆگچى قالدى. مۇنداق پۇرسەتنى تازىمۇ غەنىمەت

بىلگەن سۇمبۇل چاچلىق مېھمان ئىتتىــك پەگاغا چۈشۈپ، ئىشكاپنى ئېچىپ، بايا ئۆزى ئەكەلگەن، لېكىن ئانچە ئىبىسىل بولۇپمۇ كەتمىگەن رەختكە چىدىمىغان ھالدا قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن بۇئىش ئۇستىگە تۇردى مەست كىرىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سۇمبۇل چاچلىــق ئايال خۇددى چاندۇرمــىغاندەك قىلىپ:

— خۇددى يەر تەۋرىگەندەك، ئۆزىچىلا ئېچىلىپ كېتىدىغان ئىشكاپكەن بۇ! — دېدى.

بۇ ئىككى «ئالاھىدە مېھمان» لىــگەندە ئەكىــرىلگەن مېزىلىك گۆشنى خۇددى ھېچنېمىنى كۆرمىــگەن ئاچ كۆز بۆرىدەك يەپ بولۇپلا: «ئۆيىمىز يىراق، ئىشىمىز ئالدىراش، قايتمىساق بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. چۈنكىــى ئۇلار: «ئەمدى بىزنى بۇنىــڭدىن ئارتۇق كۈتۈۋالالمايدۇ! .» دەپ ئويلاشقان ئىدى. ساھىبخان ۋە تويغا قارىشىپ بېرىشىۋاتقان قولۇم - قوشنىلىرىمۇ «ئەتە كېتىڭلار» دەپ قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن شۇنچە تۇتسىمۇ، «بىز كېتەيلى» دەپ بۇ تەكلىپكە ئۇناشمىدى.

خېلى كۆپ ئادەم ۋە بالىلار ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئاپتوبۇس بېكىتىمۇ بۇيەردىن ئانچە يىراق يەردە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يولنى پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى.

لېكىن ماۋۇ ئىشنى، ماۋۇ سەتچىلىكنى قارىمامدىغان! ئۇلار ئون - يىگىرمە قەدەم ماڭغا - ماڭمايلا ئىېھتىياتسىزلىقتىن بولسا كېرەك، بىر پارچە رەخت سۇمبۇل چاچلىق ئايالنىڭ قولتۇقىدىن پەسكە ساڭگىلاپ قالدى. خېلى تەڭشىــلىپ قالغانلىقتىنمىكىن، بۇنى ئۇلار تېخــى ئۆزلىــرىمۇ سېزىپ بولالمىغان ئىدى.

لېكىن يىراقتىن قارىشىپ تۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ قېلىشىپ، ھەدەپ مازاق قىلىپ بولۇشچە كۈلۈشكىلى تۇردى.

— ئوھوي . . . ئوھوي . . . ! — ئۇششاق باللار چۇقان سېلىشتى.

1985 ـ يىلى سېنتەبىر.

www.uyghurkitap.com

# دادىسىنىڭ خۇيىنى ئالغان بالا

توۋا، بۇ تولىمۇ قىزىق ھەم غەلىتە بىر ئىشقۇ؟... بالا دېگەن دادىسىنىڭ خۇيىنى مۇنداقمۇ ئەينەن ئالغان بارمۇ؟... مۇنداق بولۇشىدا بۇيەردە ئەڭ مۇھىمى ئىرسىيەت ئامىلى مۇھىم رول ئوينىغانمىكىن دەيمەن؟. نېمىشقا دەمسىز؟. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ بالىنىڭ دادىسىمۇ، بىرسى ئۇنىڭدىن «بۇ شۇنداقمۇ؟...» دەپ سورىسا، «شۇنداق!...» دەپ جاۋاب بېرىدىغان، «بۇ ئىشنى سەن قىلغانمۇ؟...» دېسە، «ھەئە مەن قىلغان!...» دەيدىغان ئەنە شۇنداق غەلىتە خۇيلۇق ئادەم ئىدى. ناۋادا ئۇنىڭدىن بىرسى تاسادىپىي: «بۇ ئادەمنى سەن ئۆلتۈرگەنمۇ؟...» دەپ سوراپ قالسا، ئۇ بەرگەن بۇ جاۋابنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق خەتەرلىك بولۇدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماي، «ھەئە، مەن ئۆلتۈردۇم» دېيىشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلاتتى. ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن، نېمىشقا ئۇنداق جاۋاب بەردىڭ؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ: «شۇنداق سورىغاندىكىن، مەنمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق جاۋاب بېرىمەن – دە» دەپلا ئولتۇرىدۇ خالاس.

مانا ئەمدى كۆتمىگەن يەردىن بالىسىنىڭمۇ شۇنداق مىجەز – خۇيلۇق بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان!...

قانداق دەمسىز؟. ئەگەر ئاڭلىغىڭىز كەلسە، مەن سىزگە بۇ ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي، بولامدۇ؟

بۇ ئىش ئۇ بالىنىڭ يەسلىدىكى چاغلىرىدا يۈز بەرگەن: بىر كۈنى يەسلىدە بىر بالىنىڭ باش كىيىمى يوتۇپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كەچتە بالا تەربىيىلىگۈچى:

— سىز بۈگۈن مۇشۇنداق كەتكەچ تۇرۇڭ، مەن ئەتە بالىلاردىن سورۇشتە قىلىپ، بالىڭىزنىڭ باش كىيىمىنى تېپىپ بېرەي! — دەپ باش كىيىمى يوتكەن بالىنىڭ دادىسىنى ئاشۇنداق يولغا ساپتۇ.

ئەتىسى يەسلىدە يوتكەن باش كىيىمنى سورۇشتە قىلىش باشلىنىپ كېتىپتۇ. باشقا بالىلاردىن سورىسا، ئۇلار: «ياق، بىز كۆرمىدۇق، بىز ئالمىدۇق!.» دەپتۇ. لېكىن سورۇشتۇرە ـ سورۇشتۇرە بۇ ئىش دادىسىنىڭ خۇيىنىلى ئۆگىنىپ قالغان بالىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تەربىيىچى ئۇ بالىدىن:

— باش كىيىمنىلى سەن كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن. ئۇ بالا:

— كۆردۈم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن ئۇنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ بالا:

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەتە ئېلىپ كېلەمسەن!

— ئېلىپ كېلىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن تەربىيىچى تېخى بۇ ئەھۋالنى باش كىيىمى يوتكەن بالىنىڭ دادىسىغا شۇ كۈنى خۇش خەۋەر تەرىقىسىدە يەتكۈزۈپتۇ.

لېكىن ئەتىسى دادىسىنىڭ خۇيىنى ئالغان بالا ھېلىقى باش كىيىمنى يەسلىگە ئاپارماپتۇ. گەپنىڭ توغرىسىنى قىلغاندا، ئالمىغان نەرسىنىڭ نېمىسىنى ئاپىرىدۇ؟. لېكىن بالىنىڭ باشتىلا «ھەئە!» دېيىشى بىلەنلا بولغۇلۇق ئىش بولۇپ، نەتىجىدە بالا بىر باش كىيىمگە «قەرزدار» بولۇپ قالغان ئىدى.

كەچتە باش كىيىمى يوتكەن بالىنىڭ دادىسى ھېلىقى

بالىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا:

— سىلەرنىڭ بالاڭلار، مېنىڭ بالامنىڭ باش كىيىمىنى ئالغان ئىكەن، قايتۇرۇپ بېرىڭلار! — دەپتۇ.

بۇ ئائىلىدىكىلەر بۇ ئىشقا ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— بىز باش كىيىمنى كۆرمىدۇق، بالىمىزمۇ ئۇنداق نەرسىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلمىدى، — دەپتۇ.

بۇ جاۋاب باش كىيىمى يوقالغان بالىنىڭ دادىسىنى قانائەتلەندۇرەلمەپتۇ. شۇڭا ئەتىسى ئۇ يەنە ئۆيگە كىرىپ:

— سىلەر كۆرمىدۇق، دېگەن بىلەن بالاڭلار مەن ئالدىم دەپتىكەنغۇ؟ — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

— بالىمىزدا شۇنداق بىر يامان ئادەت بار بوپقالدى، — دەپتۇ بالىنىڭ ئاپىسى بۇنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ: «سەن ماۋۇ ئىشنى قىلدىڭمۇ؟» دېسە، ئۇ قىلمىسىمۇ «قىلدىم!» دەيدۇ. «سەن مۇنداق نەرسىنى ئالدىڭمۇ؟» دېسە، ئۇ گەرچە ئالمىسىمۇ، «ئالدىم!» دەيدۇ. تەربىيىچىمۇ چوقۇم شۇنداق سورىغان بولسا، بالىمىزمۇ شۇنداق جاۋاب بەرگەن تايىنلىق، دېمەك مەسىلە تەربىيىچىدە. ئۇ، ئۇنداق سورىمىغان بولسا، بالىمىزمۇ ئۇنداق جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇ چاغدا سىزگىمۇ، بىزگىمۇ مۇنداق ئاۋارىچىلىق بولمايتتى!

لېكىن مۇنداق دېگەنگە باش كىيىمى يوقالغان بالىنىڭ دادىسى ئۇنامدىغان؟ ئۇ قايتىپ كەتمەي تۇرۇۋېلىپ يەنىلا:

— ئۇنداق قىلماي، بالىنىڭ باش كىيىمىنى بېرىۋېتىڭلار، — دەپ تەرسالىق قىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خوي ئۆگىنىۋالغان بالىنىڭ دادىسىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەپتۇ:

— قانداق ئادەمسىز؟، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز، ئۇ نېمىڭىزنى بىز قانداق قىلاتتۇق؟، ژىك باسمايدىغان مۇنداق

گەپلىرىڭىزنى نەگە بېرىپ دەپ بەرگىنىز كەلسە، شۇ يەرگە بېرىپ دەپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بالىنىڭ باش كىيىمى يەسلىدە توساتتىنلا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ باش كىيىمنى باشقا بىر بالا ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈتكەن باش كىيىمى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ.

— مەن سىلەرنى رەنجىتىپ قويدۇم، خاپا بولماڭلار! — دەپتۇ باش كىيىمى يۈتكەن بالىنىڭ دادىسى. خۇي ئۆگىنىۋالغان بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھويلىدا كۆرگىنىدە، — مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن!.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، تېپىلغان بولسا ئوبدان بوپتۇغۇ؟

— خاپا بولمايلا ھە؟

— بەزى كىشىلەرنىڭ ساپاسى ھازىر شۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان تۇرسا، بىز كىمدىن ئاغرىنىپ، كىمدىن خاپا بولاتتۇق؟

1987 - يىلى ئۆكتەبىر.

# ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر كۈن.

شۇنداق!، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغىنىدەك ئۇنىڭمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە خاس، يارىشىملىق تۇغۇلغان كۈنى بار. لېكىن ئۇ ھازىرغىچىلىك، باشقىلاردەك ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ باقمىدى. تەنتەنە قىلىپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن زادى خۇشى يوق. شۇڭا ئۇ تۇغۇلغان كۈنى توغرۇلۇق تولا ئويلاپ بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ.

تېخى قىزىق يېرى شۇكى، ئۇ تۇغۇلغان كۈنى كېلىشى بىلەن ئۆزىنى يېنىك تۇتۇپ، خۇشال - خۇرام يۈرۈش ئورنىغا، ئەكسىچە، تولىمۇ ئويچان، بەكمۇ جىمغۇر بولۇۋالىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىش ئەمەسمىكىن دەيمەن. تېخى ئۆيدىكىلىرى — بولۇپمۇ كۆيۈمچان ئايالى ۋە ئوماق كىچىك ئوغلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى توغرىسىدا كالپۇك يېرىپ ئېغىز ئېچىپ قالىدىغان بولسا ئۇ دەرھال:

— يەنە شۇ گەپمۇ؟ . . . قويۇڭلار ئۇ گېپىڭلارنى! — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۇلارنى گەپ قىلدۇرماي قويىدۇ. ئۇ، بۇرۇندىن مۇشۇنداق غەلىتە مىجەزلىك كىشى بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى يېزىقچىلىق بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈدىغان كىشىلەر مۇشۇنداق باشقىچە كېلەمدۇ؟ — بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ!

توۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ . بۈگۈن ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيەتلىك

تۇغۇلغان كۈنى بولۇشىغا قارىماي، ئۆزى ئەتىگەن ئورنىدىن شۇنداق غەمكىن تۇرۇپتۇ. تېخى بۈنى ئاز دەپ، خۇەدى ھەمىشە شۇنداق ئار، زەي، قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ، كۆڭلى تولىمۇ بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتكەن كىشىدەك، شۇتاپتا كۆڭلى ئېمىشقىدۇ ھېلىدىن ھېلىغا تالا ـ تۈزنى خالاپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇ، ئەمدى تالا ـ تۈزگە چىقمىسام بولمىدى، دەپ ئولتۇرغان جايىدىن دىققەت قىلماي، گويا سەكرىگەندەكلا شۇنداق تېز تۇرۇپ كېتىپتى، شۇئان بېشى پىررىدە قىلىپ پىرقىرىغاندەك بولدى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادىتى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا، ئويلىمىغان يەردىن، تۇرۇپلا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاجايىپ، غەلىتە بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئالدى بىلەن ئۆز ئۆيىدىكىلەر مۇبارەكلەپ قويسا قالتىس، تولىمۇ ياخشى ئىش بولاتتى دەڭە، لېكىن بۇ چاغدا ئۆيىدىكىلەر تېخى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئورنىدىن بەكمۇ سەھەر تۇرۇۋالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن قاچان تۇرۇشاركىن؟، دەپ كۈتۈپ تۇرالمايدۇ ـ دە، شۇڭا ئۇ ئەتىگەنلىك بەدەن چېنىقتۇرۇش ئادىتى بويىچە ئۆيىگە بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان يەردىكى كۆركەم، چىرايلىق بىر باغچىغا بىر بېرىپ، ئىككى بېرىپ باردى. بۇ چاغدا تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ قويۇشنى زارىقىپ كۈتۈدىغان ئاجايىپ نازۇك، غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى گويا ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىۋالغان

ئىدى. ئۇ شۇخىل تەمەننىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل چىرايلىرىگە، «تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ قويارمىكىن!»، دېگەن ئوي بىلەن ھېلىدىن - ھېلىغا تازا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك!» سۆزىنىڭ چىقىشىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتتى. لېكىن ئۇ شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ قويۇدىغاندەك ئەمەس، ھەتتا ئۇنداق قىلىشنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈپ قوياي، دېمەيۋاتىدۇ! بۇ ئىشتىن ئانچىكى بېشارەت بولسىچۇ كاشكى.. . ناۋادا شۇتاپتا بىرەرسى ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي بىلەن بېقىپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ: «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دەپلا قويسا، ئۇ خۇددى بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولماتتى؟ شۇتاپتا ئۇنىڭغا دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولماس ئىدى - دەڭە!

لېكىن ئۇنداق بولۇشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى قېرىشقاندەك ھەر كۈنى دېگۈدەك بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينىغاچ پاراڭلىشىدىغان ھېلىقى ئاغىنىلىرىنىڭ بۈگۈن خۇددى جىن ئېلىپ قاچقاندەك ھېچ يەردە تەڭلا كۆرۈنمەيۋاتقىنى نېمىسى؟.. . بۈگۈن قۇياشمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا چىقىۋاتقاندەك، ھاۋامۇ تولىمۇ ئوچۇق، تولىمۇ سۈزۈك ۋە تولىمۇ يېقىملىق بولۇۋاتىدىغۇ؟.. . ئۇلار مۇشۇنداق ياخشى چاغدا بۇيەرگە كەلمەي نەلەردە غېرىب - مۇساپىر بولۇپ يۈرۈشىدىكىن تاڭ؟.. ..

— قويۇڭە بۇ ئادەملەرنى! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. چۈنكى ئۇ شۇتاپتا ئۇلاردىن تولىمۇ بىزار بولۇۋاتاتتى. . .، — مەن ئۇلاردىن جاق تويدۇم. ئەمدى ئۇلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! . . .

بىر چاغدىن كېيىن ئۇ «خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مېنىڭ

ھالىمغا مۇشۇلار يەتسە، ماڭا ھېچكىم بىرەلمەيدۇ خۇشاللىقنى مۇشۇلار ئاتا قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس!» دەپ نەزىرىنى بىر ئانلا دەرەخ شاخلىرىگە ئېسىقلىق تۇرغان دۇپدۇگىلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ــ بىرىدىن چىرايلىق قەپەسلەردىكى خىلمۇخىل، رەڭدار چوڭ ــ كىچىك قۇشلارغا ئاغدۇردى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىر چىرايلىق سايراپ بېرىپ، تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەپ قويۇشنى تەشنالىق ئىچىدە تەلمۈرۈپ كۈتتى. مۇبادا بۇ نەغمە ــ ناۋاچى قۇشلار ئۇماق ئېغىزلىرىنى سەل ــ پەللا مىدىرلىتىپ، ئازراقلا سايراپ قويسا، ئۇ ئاندىن «مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى مۇبارەكلىدى!» دەپ قالغىنىنى ئۆزى بىلىۋالامتى؟. شۇنىڭ بىلەن مىسكىن كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلىپ، دىلى قەۋەتلا يايراپ كەتمەمتى؟. لېكىن ھازىر ئۇ جانىۋار قۇشلارنىڭ بىر چىرايلىق سايراپ بېرىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتە خۇددى بىر ــ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سايرىشىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ كېتىدىغان بۇ قۇشلار ئەمدى خۇددى ئاغزىغا زىماتاڭ سېلىۋالغاندەك ئۈندىمەي قىلمايۋاتاتتى. تېخى خۇددى تۈگىمەس غەمگە پېتىپ قېلىشقاندەك بويۇنلىرىنى قىسىشىپ، گويا جېنى يوقتەك شۈمشىيىپ تۇرۇشاتتى.

— تۈۋا! — دەيتتى ئۇ ئىچىدىمۇ، تېشىدىمۇ شۇنداق مەيۈسلىنىپ، — بۇ قۇشلارنىڭ بۇرۇنقى يېقىملىق سايراشلىرى ئەمدىلىكتە قەيەرگە كەتتىكىنا؟. . . ئۇلار نېمىشقا بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدە بۇرۇنقىدەك سايراشمايدىكىنە؟. . . شۇنداق زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ھاۋا، ئەتراپىنى خۇشپۇراقىقا پۇركىۋەتكەن تۈمەن ــ مىڭ خىل گۈللەر ئۇلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلھام بېرەلمەيۋاتىدىمۇ؟. . . ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەمىسە ئۇلارغا زادى نېمە بولغاندۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ — ئۇ بىلەلمىدى.

ئۇ ئەمدى نەزىرىنى قورۇقتىن ــ قورۇق، ئەتىجىسىز ھالدا

قوشلاردىن ئېلىپ، رەڭگارەڭ گۇللەرگە ئاغدۇردى. چۈنكى ئۇ ئەمدىلىكتە ئۈمىدىنى ئاشۇ گۇللەردىن كۈتكەن ئىدى. سەۋەبى ئۇ ئەزەلدىنلا گۈلخۇمار ئادەم ئىدى. گۇللەرنى بۇرۇندىنلا تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، تېخى ئۇ كۆڭلىدە: «مەن گۇللەرنى ياخشى كۆرگەندەك، گۇللەرمۇ مېنى ياخشى كۆرۈدىغۇ؟. » دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ قەيەرگە بارسا، پەقەت ئىمكانىيەت بولسىلا شۇيەرگە گۈل تېرىيتتى، تەشتەك ـ تەشتەكلەردە گۈل پەرۋىش قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي شۇ پەيتتە ئاشۇ چىرايلىق گۇللەردىن كۈتكەن ئاشۇ ئېسىل ئۈمىدلىرىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىق بولغان ئارىلىقتا خۇددى پۇچەككە ئايلىنىشىنى، نەتىجىدە تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ دېمىسىمۇ خۇددى ئۇنىڭدىن ئامەت قېچىپ، تەبىئەت دۇنياسى ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك، ئۇ ياخشى كۆرۈدىغان ئاشۇ گۇللەر شۇتاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى كەچكۈزنىڭ ئۇششۇكى تەگكەن ئاجىز مايسىلاردەك بىردىنلا دۇغدۇيۇشۇپ كېتىپ، ئۆز غېمىدە قېلىشىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئىچىدە: «بۇنى دېمەيسىز تېخى، گۇللەر مەندىن ئەمەس، مەن تېخى گۇللەردىن ئەھۋال سورىسام بولغۇدەك. ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، ھەر ئىشنىڭ يولى بار. بۈگۈن نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن! چۈنكى مەن ھازىرغىچە — مۇشۇ يېشىمغا يەتكۈچە، كۈندە دېگۈدەك گۇللەردىن ئەھۋال سوراپ، شاتلىقىغا ھەمدەم بولۇپ، مۇڭ ـ زارىغا قايغۇرۇپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟. . . شۇنىڭ ئۆزى يەتمەمدۇ؟. . . يەنە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟. . . لېكىن بۈگۈن ئەھۋال باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدۇ ـ دە! چۈنكى بۈگۈن مېنىڭ شەرەپ بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنۈم! مەن ئۇلاردەك يىلدا بىر قېتىم تۇغۇلمايمەن. ئۆمرۈمدە پەقەت بىر قېتىملا تۇغۇلىمەن. قانداق؟. ئوخشىمايدىغان يېرىم بارمىكىن؟. . . شۇنىڭ ئۈچۈن

ئادەم بالىسى پۈتۈن مەغلۇقات ۋە مەۋجۇدات ئىچىدە ھەممىسىدىن بەك، ھەم ئۇلۇغ ھەم قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟. . . » دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ يەنە «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دېگەندەك، «تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ قويارمىكىن» دېگەن ھېلىقى گۈزەل، شېرىن تەمە بىلەن خېلى بىر چاغقىچە ئۆيگە قايتماي، ئۆزى خېلىدىن بېرى قەدەم بېسىپمۇ باقمىغان خېلى يىراق يەرلەردىكى كوچىلارغىچە ئاتايىن باردى. چۈنكى بۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى بىزگە مەلۇم بولغان نازۇك ھېسسىياتى تېخى بېسىلاي دېمىگەن ئىدى. ئەكسىچە ئۆز كۈچىنى ھەدەپ كۆرسۈتۈۋاتاتتى. ئۇ بىرەر تونۇشۇم ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن قەستەن ئاشۇلار بار مەھەللىلەرنى ئارىلىدى. ئارىلىغاندىمۇ بەكمۇ ئالدىرىماي قەدەمنى راۋۇرۇس ئېلىپ تەمكىنلىك بىلەن ئارىلىدى دەڭە!. بۇنى ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان «كۆڭۈلۈمدىكىنى تاپ» دەيدىغان غەلىتە، لېكىن ئۆزى ھەرگىز يامان كۆرمەيدىغان بۇ بىرخىل مىجەزىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق قىلىۋاتاتتى. بىراق قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە ھېچكىمنى ئۇچراشتۇرمايۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان؟. . .

«توۋا، — دېدى ئۇ، — بۇ ئادەملەرگە بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟. مېنىڭ بۇ خاسىيەتلىك كۈنۈمدە نېمىشقا مۇنداق ئۆزلىرىنى قەستەن دالدىغا ئېلىشىدىغاندۇ؟. . يا سىرتقا چىقمىسۇن، دەپ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى سىرتىدىن بىرەرسى تاقاپ قويمىسا! ئەي خۇدا نېمە دېگۈلۈك بۇ ئىشلارغا! نېمىدېگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر بۇ. . .»

ئۇ، ئۇنداق قىلىپ يۈرۈپمۇ، مۇنداق قىلىپ يۈرۈپمۇ ئاخىر ئەتىگەنلىك بۇ «شانلىق» سەپىرىدە ئۆزىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان، خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى ھېچقانداق

روھىي ئۇزۇققا، بولاقتەك بولدۇقلاپ تۇرۇدىغان قايناملىق ئىلھامغا ئىگە بولالمىدى، كۆڭلىنى پەقەت ئىمىن تاپقۇزالمىدى. ئۆزى ئويلىغان، كۆڭۈلدىكىدەك تەسەللىگە قىلچىلىك بولسىمۇ ئېرىشەلىگەن بولسا كاشكى!.. شۇڭا ئۇ ناھايىتى مەيۈسلۈك ئىچىدە بېشىنى ئۆرە قىلالماي بويىنىنى قىسقان ھالدا ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. خۇددى تاش ئېسىپ قويغاندەك پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، ئۆزىگە خۇددى بىرقەدەم ئالغا ماڭسا، ئىككى قەدەم كەينىگە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئالدىدىكى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان كىچىككىنە دۆڭلۈكمۇ شۇتاپتا ئۇنىڭغا گويا ئېگىز بىر تاغدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ خۇشاللىق تاپالماي، مىڭ بىر جاپا بىلەن، ئاران تەسلىكتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋالدى.

ئەمدى ئۇنىڭ مىسكىن قەلبىدە پەقەتلا خۇددى پىرىلداپ تۇرغان جىن چىراغتەك پەقەت بىر ئۈمىد قالغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۈمىدى ئىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە پەقەت مۇشۇ كىچىككىنە ئۈمىدى توغرىسىدىلا ئويلايتتى، ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى. بىراق ئۇ يەنە: «ئەگەر مەن ئويلىغاندەك بولماي قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟..» دېگەننى خىيالىدىن كەچۈرۈۋىدى، پۈتۈن ئەزايى شۇئان تىكەنلىشىپ كەتتى.

ماۋۇ تەلەيسىزلىكنى قارىمامدىغان!..

باياتىندىن بېرى كۆڭلىدە ئەنسىرىگەن ئىش ئەمدى مانا مەن دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتتى: ئۇ قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيىگە روھىي چۈشۈپ، سولاشقان ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاشخانا ئۆيدە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان خوتۇنىغا تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ئۈمىد بىلەن

قارىدى. لېكىن خوتۇنى «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دېگەننى ئاغزىدىن چىقىرىپمۇ قويمىدى. ئەسلىدە خوتۇنىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى نەقەدەر چوڭ ئۈمىد، زور ئىشەنچ بىلەن كۈتكەن ئىدى ھە؟!. خوتۇنىدىن ئىدا چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇ نەزىرىنى ئەمدى ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىغا ئاغدۇردى. كۆڭلىدە ئۇنى شۇنداق دەرمىكىن!، دېسە ئۇمۇ: «دادا تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دەپمۇ قويمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇتاپتا تولىمۇ ئەتىۋارلىق ـ بىباھا سۆز بولمامتى؟ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېزىدىن ئەكېلىپ، ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ مىڭ بىر جاپا بىلەن مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ ئوقۇۋاتقان ئون يەتتە ياشلىق بىر قىز بالىمۇ بار ئىدى ـ دەڭە، ئۇ، قىزنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن سەپسېلىپ قارىدى. لېكىن نېمىشقىدۇ «ئاكا تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدىغاندەك قىلمىدى. ئەمدى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. تولىمۇ ھار كەلدى. «بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلىقىمۇ ئەمدى ھېچبىر ئەھمىيىتى قالماپتۇ. . . دوستلۇق، مۇھەببەت، مېھرى ـ شەپقەت، دېگەنلەر ئىنسانلار ئارىسىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ!» دېگەن ئويلار كاللىسىغا خۇددى قوغۇشۇن بىلەن قۇيۇپ قويغاندەك كىرىۋېلىپ، جېنىنى راسا قىيناپ، زىنھار ئارامىغا قويمىدى. شۇڭا ئۇ بىرتۇرۇپ قارىسىڭىز شۇ تاپتا خۇددى بىر ساراڭدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى خالاس.

بىر چاغدىن كېيىن: «بۇلاردىن ۋاپا كەلمىگەندىن كېيىن ئەمدى چايىنىمۇ ئۆزۈم دەملەپ ئىچەي، دېدىمۇ ياكى باشقا بىر ئىش بىلەنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئاشخانا ئۆي شۇ تاپتا بەك تېپىلغاق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

دىققەتسىزلىكتىن ئۇ، كۆتۈلمىگەندە تېيىلىپ كېتىپ يەرگە ئوڭدىسىغا يېقىلىپ چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، بېشى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى.

قىزىق ئىش: شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ، تۇغۇلغان كۈنى تۇغرۇلۇق زادى ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭمۇ تەبرىكلەپ قويۇشىنى بىھۇدە تەمە قىلىپ يۈرمەيدىغان بۇرۇنقى ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ قالدى.

1988 ـ يىلى نويابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئاھ، ئون بەش ياش چېغىم

ئاربدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ، بىز يەنە بەختىلىك ھالدا ئۇچراشتۇق. مەن ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى ماگنىت تارتقاندەك ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم. ئۇمۇ گويا بىلىق سۇغا شۇڭغۇغاندەكلا قوينۇمغا كىرىپ كەتتى. بۇ تېخى مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن باغرىمنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشۈشىم ئىدى. بۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم گويا سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئاشۇ ئون بەش ياشلىق تولىمۇ گۈزەل، بەكمۇ بەختىلىك چاغلارغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن شۇنداق بىرخىل نازۇك تۇيغۇ ئىچىدە تۇرغاچقىمۇ، ئۇ ماڭا شۇ پېتى تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ زىلۋا ئىدى. كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئويناپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئون بەش ياش چاغلىرىدىكى غۇنچە يۇراقلىرى دىمىقىمغا باشقىدىن ئۇرۇلغاندەك بولدى. دېمەك مەن ئون بەش ياش چېغىمغا قايتىپ قالغانلىقىمغا مانا ئەمدى ئىشەنگەندەك بولدۇم. بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تۇيغۇ ھە؟ ئادەم ھەمىشە مانا مۇشۇنداق ئېسىل تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ ياشىسا بەلكى مىڭ ياشقا كىرەر ھە؟ . . . ، — دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن ياخشى كۆرگەن بۇ قىز — رازىيە بىلەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئىللىق باھار قوينىدا تېخى يۇرتىمىزدا ئەمەس، گۈزەل پايتەخت، ئۇلۇغ بېيجىڭدا تونۇشقان ئىدىم. ئۇ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ياشلىق باھارى ئەمدىگىنە تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇشقا باشلىغان گۈزەل

چاغلار ئىدى. بىز ئۇ چاغدا بېيجىڭگە ئوقۇشقا بارغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىدۇق.

«1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتىپىمىزدىمۇ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى قىززىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كۈنلەردە رازىيە سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن، مەن بولسام تام گېزىتىگە شېئىر، كىچىك سەنئەت ئۆمىكىمىزگە ناخشا تېكستى يېزىپ بېرىش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدىم.

مەن بىر چاغدا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئاق قەغەزنى كۆك سىيا بىلەن بېزەپ شېئىر يېزىپ ئولتۇرغان ئىدىم.

— ئالىم، يۈرۈڭ، كىنوغا بېرىپ كېلەيلى! — دېگەن يېقىملىق بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى.

مەن ئاستاغىنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئالدىمدا زىلۋا بوي، قارا كۆز، بەكمۇ ئوماق بىر قىز ماڭا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرى كىشىگە تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان گۈل بەرگىنى ئەسلەتسە، ئۇنىڭ يوپيۇمىلاق قارا كۆزلىرى گويا سامادا چاقنىغان نۇرلۇق يۇلتۇزنى ئەسلىتەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ماڭا كۈلۈمسىرەپ، ئىللىق بېقىشلىرى تولىمۇ سېھىرلىك ۋە جەلپكار ئىدى.

مەن بىر دەقىقە ئويلىنىۋالدىم. رازىيە ئىسىملىك بۇ گۈزەل قىز شۇنچە ساۋاقداشلىرى ئىچىدىن پەقەتلا مېنى تاللىۋېلىپ، ئۆزى بىللە كىنوغا بېرىشىمنى تەكلىپ قىلىۋاتسا، مەن ئەمدى نېمە دېيەلەيمەن. ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىنى قانداقمۇ رەت قىلالايمەن؟ ئەگەر ياق دېسەم، ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالىلىقلىقىمنى يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ قەرىگە تاشلىۋەتكەن بولمامدىمەن؟!..

مەن شۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلىدىم ـ دە، ئاندىن

ئالدىمدىكى قەغەز ــ قەلەملەرنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ، رازىيە بىلەن كىنو كۆرگىلى كەتتىم.
رازىيە بىلەن ئىككىمىز كىنوخانىغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ سەل كېچىكىپ كەلگەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇق. كىنو تېخى باشلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئاللىبۇرۇن كىنوخانا ئىچىگە كىرىپ بولۇشقان ئىكەن. رازىيەنىڭ يېنىدا ئۆزىگە بىر بېلەت بارلىقىنى مەن شۇ چاغدىلا ئۇقتۇم. چۈنكى ئۇ ماڭا ئۆزىڭىزگە بىر بېلەت ئالسىڭىزلا بولىدۇ، دېگەن ئىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ قولىدا بىر بېلەت تۇراتتى. پەرىزىمچە ئۇ مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ باشتا بۇنى ماڭا ئوچۇق دېمىگەن ئوخشايدۇ. يېنىمدا بېلەت توگۇل، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن مەن ئالدىراپ قالدىم. ئاندىن گويا كەچ قالغان بازارچىدەك ئىتتىك بېلەت سېتىش ئورنىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بىراق بېلەت ئاللىبۇرۇن سېتىلىپ بولغان ئىكەن. مەن كىنوخانىغا كىرىش ئىشىكىدە مېنى ساقلاپ تۇرغان رازىيەمنىڭ ئالدىغا بېلەت ئالالمىغانلىقىمدىن بويىنىمنى قىسىپ ناھايىتى مەيۇس ھالدا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا ئىشىكتە بېلەت يىغقۇچىلار رازىيەنى ئۆزى يالغۇز كەلگەن. . . ، دەپ ئويلاپ قالغاچقىمۇ، ئۇنىڭغا «كىنو باشلىنىپ كېتىدۇ، چاپسان كىرىڭ!» دەۋاتقان ئىكەن. مەن رازىيەگە بېلەتنىڭ ئاللىبۇرۇن سېتىلىپ بولغانلىقىنى، ئەمدى ئامالنىڭ يوقلۇقىنى دېدىم. ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر تىلدا سۆزلۇشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزنى چەت ئەللىك ئىكەن دەپ پەرەز قىلىشتىمۇ ياكى بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالدىمۇ؟ ئىشقىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلار بەكمۇ ئالدىرىشىپ كېتىشتى. بىزگە بېلەت تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئەرەپ ــ تەرەپكە چېپىشتى. تېخى ئۇلار ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ناھايىتى

تەكەللۇپ بىلەن: «كەچۈرۈڭلار، بىز سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى بىلمەي قاپتۇق، خاپا بولماي، بىرئاز تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار! .» دېگەندەك ناھايىتى دوستانە گەپلەرنى قىلىپ، بەكمۇ سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار بىر چاغدىن كېيىن ئەدىنىدۇر بىر بىلەت تېپىپ كەلدى. مەن بېلەتنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئۇلارغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. ئاندىن رازىيە بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى مەھكەم تۇتقانچە مەمنۇنىيەت بىلەن كىنوخانىغا كىرىپ كەتتۇق، بىراق «كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ.» دېگەندەك كىنوخانىغا كىرىپ قارىساق، ئىككىمىزنىڭ بېلىتى قېرىشقاندەك بىر يەردىن چىقماي قالدى. تېخى بىرىمىزنىڭ بىرىنچى قەۋەتتە، يەنە بىرىمىزنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتە ئىكەن ئەمەسمۇ؟. «باشتا كەلمىگەن تەلەيدە، ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەندەك، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان!.

مەن رازىيەگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

رازىيەمۇ ماڭا ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، بوشاپ كەتكەندەك كۆرۈندى ۋە بوش ئاۋازدا:

— قانداق قىلىشىمىزنى ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن! — دېدى.

مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن:

— ئۇنداق بولسا سىز مۇشۇ يەردە كۆرۈڭ، مەن ئۈستىدىكى قەۋەتكە چىقىپ كۆرەي بولامدۇ؟ — دېدىم.

مەن شۇ گەپنى دېگەچ، رازىيەگە قارىدىم. رازىيەمۇ ئاندىن ماڭا ئويچان كۆزلىرىدە تىكىلىپ، ياق، دېگەندەك قىلىپ، خېلىغىچە ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قالدى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا

www.uyghurkitap.com

ئۇ قىزنىڭ مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئاندىن ھېلىقى گەپنى ئاۋايلىمايلا دەپ سالغىنىمغا ئىچىمدە مىڭ بىر پۇشايمان يېدىم. «ھەي. . . مېنىڭدىكى بۇ گۇدەكلىك قاچانمۇ تۈگەر؟ ھەي، ئالىم سەن قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن؟ . قىز دوستۇڭ سەن بىلەن بىر يەردە بىللە، يانمۇيان ئولتۇرۇپ، كىنو كۆرمەن دەۋاتسا، سېنىڭ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ . ئاغزىڭدىن مۇنداق گەپ چىقىرىشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟ . . .» دېدىمەن ئۆز ئۆزۈمگە.

لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىزگە تۆرۈپلا ئامەت كېلىپ قالدى. تەقدىر بىزنىڭ سۈتتەك ئاق، خوتەننىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، كىرسىز ـ پاك قەلبىمىزگە ئاسايىشلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. رازىيە بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇق. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قىز ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە كىنوغا بېرىشىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى قوشماقتەك بىللە ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشۈم ئىدى. شۇڭا مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئېيتىڭچۇ؟ قايسى يىگىت قىز ساۋاقدىشى بىلەن بىللە كىنوخانىدا تۇنجى قېتىم يانمۇيان ئولتۇرۇپ ۋە مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ پاراڭلىشىپ، كىنو كۆرگەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالالايدۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلەيدۇ؟ . . . شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ . . .

رازىيە بىلەن ئىككىمىز ئاشۇ بىر قېتىملىق كىنوغا بېرىش بىلەنلا توختاپ قالمىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىككىمىز يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى بولسىلا، كىنولارغا پات ـ پات بىللە بارىدىغان، گۈزەل بېيجىڭنىڭ ئېسىل رەستە كوچىلىرىدا بىللە تاماشا قىلىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغان باغچىلىرىدا شۇنداق ئەدەپلىك ھالدا بىللە سەيلە ـ تاماشا قىلىپ،

ياشلىق باھارىمىزنىڭ ناۋاتتەك تاتلىق پەيزىنى راسا سۈرىدىغان بولۇۋالدۇق. لېكىن بىز ئۇ چاغلاردا تولىمۇ كىچىك، تۈز ۋە ئاق كۆڭۈل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن خىيالىمىزغا پەقەت باشقا ئىشلارنى كەلتۈرمەيتتۇق! . . .

ئارىدىن ھايت - ھۆيت دېگۈچە ئۇتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئۇ چاغدا شەھەر مەركىزىدە ئىدى. بىز بىر كۈنى خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى بېكەتتە ترامۋايغا ئولتۇرۇپ، دۆڭدەندىكى كىنوخانىغا كىنو كۆرگىلى باردۇق. كىنو تولىمۇ قىزىق كىنو بولسا كېرەك. كۆلۈبىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىممۇ - لىق تولۇپ كېتىپتۇ. بىز ئورنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپلا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. كىنومۇ باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بېشىمىزنى بىر - بىرىمىزنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز توغرۇلۇق شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ، قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتۇق. بىر چاغدىن كېيىن كىنو تۈگەپ، كىشىلەر كۈلۈبتىن چىقىشقا باشلىغاندىلا، ئاندىن گېپىمىزنى توختاتتۇق. دېمەك، بىز كىنو كۆرمەي كىنو بىزنى كۆرگەندەك ئىش قىپتۇق. بىز كىنوخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەكتىپىمىزگە قايتىپ كەلدۇق. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشىپ، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ياتىقىمىزغا كىرىپ كېتىشتۇق.

ئەنە شۇنداق قوشماق دوستلارنىڭ ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، خۇددى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك قايتا ئۇچرىشىشى كىمنىمۇ ھاياجانغا سالمايدۇ دەيسىز؟ . شۇڭا مەن خۇشاللىقىمدا

قىن ـ قىنىمغا پاتماي كېتىۋاتاتتىم.

— رازىيە، ياخشىمۇ تۇرۇۋپسىز جۇمۇ؟ . كۆرۈمگە يەنە شۇ چاغلاردىكىدەك ياش، چىرايلىق ھەم يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتىسىز! — دېدىم.

ئۇ ماڭا ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— سىزمۇ ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋپسىز! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەن رازىيەگە قارىسام ـ قارىسام تويمايتتىم، قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىۋاتاتتى، قارىغانسىرى زوقۇم تېشىۋاتاتتى. مېنىڭ ئالتۇندەك گۈزەل غۇنچە چاغلىرىم ئەنە ئاشۇ قىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەمەسمىدى. ئۇ راستىنلا مېنىڭ ياشلىق باھارىمنىڭ شاھىدى ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتىۋالالماي قېلىۋاتاتتىم. مەن چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە:

— رازىيە، سىز مېنى بەزىدە ئويلاپمۇ قويامسىز؟ — دەپ بالىلارچە ئەركىلەپ سورىدىم.

نېمىشقىدۇر، مېنىڭ بۇ گېپىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى.

— نېمىشقا ئويلىمايدىكەنمەن؟ مەن سىزنى دائىم ئويلايمەن، — دېدى ئۇ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە.

«كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ.» دېگەن مانا شۇ. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قەلبىم سۆيۈنۈپلا كەتتى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر قېتىدا «ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ لىۋەن لەۋلىرىنى قانغۇچە سۆيۈۋالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ . . .» دەپ كەتتىم. ئاندىن:

— مەن سىزنى دائىم ئويلايمەن. مۇشۇ چاغقىچە سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەر قاچان كېلەر، دەپ يولىڭىزغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ كۆزلىرىم تېشىلىپ كېتەي دەپلا قالغان ئىدى. «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.» دەپ مانا بۈگۈن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

خۇدايىم بىزنى شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزۈپتۇ!.

ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— مەنمۇ كېلىپلا سىزنى سورىدىم.

بازار چاققانلىقىڭ دىگەندەك مەنمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدىم:

— كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ باردىم ئەمەسمۇ؟.

ئۇ ھوزۇرلانغاندەك كۈلۈپ كېتىپ:

— رەھمەت سىزگە! — دىدى.

ئۇنىڭ ماڭا رەھمەت ئېيتقان گېپىدىن خىجىل بولدۇم:

— ماڭا رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ. مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك.

— نېمىشقا؟.

— چۈنكى سىز ۋەتىنىڭىزنى ۋە بىزلەرنى دەپ نۇرغۇن ھەرەج بىلەن چەت ئەلدىن كەلدىڭىز ئەمەسمۇ؟.. سىزنى كۆرۈپ، مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئاشۇ ئون بەش ياشلىق چاغلىرىمغا قايتىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. بۇ بىر بەخت، بۇ بەختنى ماڭا شۇ تاپتا سىزلا ئاتا قىلدىڭىز ئەمەسمۇ؟...

سۆھبىتىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە قىزغىن داۋام ئەتتى. ئىككىمىزنىڭ ئايرىلغانلىقىڭ مابەينىدە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىمىز ئېيتساق - ئېيتساق تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى. بىز ھاياجانلىق بەخت ئىچىگە شۇ قەدەر چۆمۈلۈپ كېتىۋاتاتتۇقكى، ئەس - ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويايلا دەۋاتاتتۇق.

مەن رازىيەنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي دىدىم. لېكىن ئۇ:

— سىز بىلەن كۆرۈشكەندىكىن، ھازىرچە ئۆيىڭىزگە بارماي، بىز كۆرۈشمىگەن بىرنەچچە ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە بىللە بارايلى، — دىدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ پىكرىگىمۇ ماقۇل دىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز

www.uyghurkitap.com

بىللە بىر قانچە ساۋاقداشىمىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق. رازىيە مانا خېلى قىزنىڭچىلاردىن بولۇپ قالغانمۇ ئوخشايدۇ. ئاشۇنداق قىزنىڭچىلىق بولسۇن، دەپ ئۇ بىر قىز ساۋاقداشىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ مېنى ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى پەلەمپەيگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ساۋاقداشىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چاندۇرماي ئاستا چەكتى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆي ئىگىسى چىقتى.

— رىسالەت ئاپپاينىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — رازىيە تەمتىرىمەي تۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە، مۇشۇ، ئۆيگە كىرىڭ! — ساھىبخان تونىمىسىمۇ، قائىدە بويىچە كەلگەن مېھماننى تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ ھازىرقى قارىشىدىن ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشنى تونۇمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. يەنە بىر ھېسابتا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

رازىيە مەن بار تەرەپكە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، قەدىمىنى ئۆي تەرەپكە ئاستا يۆتكىدى. ئاڭغۇچە مەنمۇ ئىشىكتە پەيدا بولدۇم. رىسالەت مېنى كۆردى ـ دە، خۇددى شۇئان بىرسى: «ساۋاقداشىڭنى تونۇمايۋاتامسەن، نىمانداق دۆت نېمىسەن!» دەۋاتقاندەك بىردىنلا سەگەكلەشتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىۋاتقان مېھمانغا زەن قويۇپ قاراپ:

— ۋاي بۇ رازىيەغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

راستىنى ئېيتسام ئۆي ئىگىسىگە مەن رازىيەنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىمنى ئالدىن ئېيتىپ قويغان ئىدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ، ئاندىن دوستىنى تونۇۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا كۆرۈشمىگەن ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسىمۇ، زادى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ئىككى قىز ساۋاقداشىمنىڭ «ۋاي بارمۇسەن؟»،

«ئاسماندىن چۈشتىڭمۇ ياكى يەردىن ئۈندىڭمۇ؟.» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر هازاغىچە قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كېتىشلىرى يۈرىكىمنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئىچىمدە دەيمەن: «ساۋاقداشلىق ـ دوستلۇق مېھرى نېمىدېگەن ئىسسىق، ئۇنىڭ ھارارىتى نېمىدېگەن كۈچلۈك ـ ھە؟..» تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى.

رازىيە ئەته ئەتىگەندىلا جەنۇبقا نۇغقان يوقلاشقا بارىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىۋالسۇن، دەپ ئۇ كۈنى ئۇنى باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرالمىدىم. بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشىنىمۇ كېيىنكىگە قالدۇردى.

مەن رازىيەنىڭ جەنۇبتىن قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن تەققازالىق ئىچىدە كۈتتۈم. بىراق ئۇ قايتىپ كەلگەندە بولسا، بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا خەۋەر ئالالمىغانلىقىم قىزىق ھەم ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. ماڭا خەۋەر قىلىشقا مەسئۇل كىشى مېنى تاپالمىدىمۇ ياكى بۇ ئىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىمۇ؟. ئەيتاۋۇر مەن ۋاقتىدا خەۋەر ئالالمىدىم. كېچىكىپ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «ۋاي ئىسىت!....... ناۋادا كۆرۈشەلمەي قېلىپ، ئۇ كېتىپ قالغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەتتىم ـ ھە؟..» دېگەن دەھشەتلىك خىيال مېڭەمگە شۇنداق بىر كىرىۋېدى، ئۆزۈممۇ قورقۇنچىدا بەك تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭمۇ شۇ پەيتلەردە مېنى كۆرەلمەي، كۆڭلىنىڭ قانچە تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىشقا بولاتتى.

ئۇنىڭ جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپ، ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز، كىرمىگەن ئۆيىمىز قالمىدى. ھەتتا بىر يەردە بولمىسا، بىر يەردە ئۇچراپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن كوچا بىلەن ماگىزىنلارنى خېلى ئارىلىدۇق. قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي

ئىچىمىز تازا تىتىلداپ كېتىۋاتقان چېغىمىزدا، خىيالىي سالاپەتلىك بىر ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قېلىپ، رازىيەنىڭ بۈگۈن كەچتە ئۆيىدە مېھمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بىزنىمۇ كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەلبىمدە چەكسىز ئۈمىد تۇغۇلۇپ، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۇنى مۇنداق ئىزدەپ كېتىشىمدىكى مەقسەت: ھېچ بولمىغاندا ئۇنى ئۆيىمىزدە بىر كۈن بولسىمۇ تۇرغۇزۇۋېلىش، خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈۋېلىش ھەم ئۇنىڭغا ئاز - تولا سوۋغا قىلىپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

— رازىيەگە نېمە سوۋغا قىلساق بولار؟ — مەن سەمىمىي ھالدا ئايالىمدىن سورىدىم. ئۇ مېنى بەكمۇ ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈن:

— سىز دەڭە؟. سىز نېمە دېسىڭىز بىز شۇنى سوۋغا قىلايلى! — دەپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى.

مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۈزۈك تەقدىم قىلايلى. ئۈزۈك دېگەن ھەمىشە قولدىن چۈشمەيدىغان ئەڭ ياخشى خاتىرە بولىدۇ! — دېدىم.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، ئوبدان ئويلاپسىز، بىز سىز دېگەندەك رازىيەگە ئۈزۈك سوۋغا قىلايلى! — ئايالىم دەرھال ئىپادە بىلدۈردى.

بىز دۆڭكۆۋرۈك تۆرلۈك ماللار ماگىزىنىغا بېرىپ، ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ چىرايلىقىنى، قىممىتىنىنى تاللاپ سېتىۋالدۇق. مەن كەچقۇرۇن ئايالىمنى باشلاپ، ھېلىقى سالاپەتلىك ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە ئاپاردىم. بۇ چاغدا رازىيە تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمىگەن ئىكەن. بىز كېلىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن رازىيە ئۆيگە كۈلگەن پېتى كىرىپ كەلدى. مەن ئايالىمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇراي، دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ مېنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئايالىم بىلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك بەكمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. دېمەك، مەن كېچىككەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئەيىبىمنى تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن رازىيەگە:
— بۇ مېنىڭ ئايالىم! — دەپ تونۇشتۇردۇم.
لېكىن رازىيە مەن ئويلىمىغان يەردىن:
— بىلدىم! — دەپ بىردە ماڭا، بىردە ئايالىمغا قارىدى.
مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بىر دەقىقىدىن كېيىن، مەن كۆڭلۈمدە: «رازىيە ھەقاچان باشقىلاردىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەپسىلىيرەك سورىغان بولسا كېرەك. ئۇلار ساۋاقداشلىرىم ياش خوتۇن ئېلىۋالدى! — دەپ ئېيتىشىپ بەرگەن ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇ ھازىر قانداقسىگە يېشى مەندىن خېلى پەرقلىنىدىغان ئايالىمنى بىر قاراش بىلەنلا ساۋاقدىشىمنىڭ ئايالىكەن دەپ بىلىۋالالايدۇ؟... دېگەنلەرنىمۇ ئويلاشقا ئۈلگۈرۈپ بولدۇم.
قارىسام رازىيە ماڭا ئۆتكەن كۈندىكىدىن سەل ئورۇقلاپ قالغاندەك بىلىندى. مەن ئۇنى سەپىرىدە خېلى جاپا تارتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى، ھاۋا كىلىماتى تەسىر يەتكۈزدىمۇ، قانداق؟ بىلمىدىم. ئۇ ماڭا يۇنىڭدىن ئون بەش كۈن ئىلگىرىكىدىن يەنە سەل تارتىنچاقراق بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. چۈنكى بۇ يەر ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ئۇ يەردىكىدەك ئۇنچىۋالا ئەركىن ـ ئازادە ئەمەستە! لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا يېقىملىق ۋە ئوماق ئىدى. چىرايىدىن بولسا ماڭا تولىمۇ تونۇش، يۇرتىمنى ئويىنىتىدىغان گۈزەل نۇرلار ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
مەن زىياپەتتە ئايالىم بىلەن رازىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا راھەتلىنىپ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋالدىم. ساھىبخانىنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ مۇشۇنداق ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم.

بىرچاغدا ئايالىم قۇلىقىمغا ئاستاغىنە پىچىرلاپ
— ئۈزۈكنى ئەمدى قولىغا سېلىپ قويۇڭ! — دېدى.
لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمىغان ئىدىم. شۇڭا مەن
— بۇ يەردە سېلىپ قويسام قانداق بولىدۇ؟. ئۆيگە
بارغاندا... — دەپ خىجىل بولغىنىمدىن قىزارغان ھالدا
ئېتىراز بىلدۈردۈم.
— سىز بىلمەيدىكەنسىز!. مۇشۇنداق سورۇندا سېلىپ
قويسىڭىز، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ! — ئايالىم شۇنداق
دەپ ماڭا مەدەت بەرگىلى ۋە مېنى قىستىغىلى تۇردى. ئاۋازىمۇ
بارغانسېرى قەتئىي ۋە كەسكىن چىقاتتى.
ئۇ، ئۇنداق دەۋاتسا، مەن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم؟ بوپتۇ!
مەن تارتىنىش، خىجىللىق ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە ئايالىمنىڭ
چىرايىغا مۇنداق بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۈزۈك
قۇتىسىنى ئاستا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇردەك پارقىراپ
تۇرغان چىرايلىق ئالتۇن ئۈزۈكنى رازىيەنىڭ قولىغا ئاۋايلاپ
سېلىپ قويدۇم. مېنىڭ قولۇم رازىيەنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەنلا
ئىسسىق بىر ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىمغە سىڭىپ كىرىپ،
ۋۇجۇدۇمنى شاتلىققا، ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋەتكەندەك ئاجايىپ
بىر خىل زىل - زىلىلە پەيدا قىلدى دەڭە! بۇ دۇنيادا دىدار
كۆرۈشمەي يۈرگىنىڭىزدە دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغان ھەم كۆچلۈك
سېغىنىدىغان، ھالبۇكى دىدار كۆرۈشكەندە قىلغىلى قىلىق
تاپالماي قالىدىغان ئاشۇنداق ياخشى كۆرگەن كىشىڭىزنىڭ
قولىغا ئۈزۈك سېلىپ قويۇشتىن بەختلىك، كىشىگە ھۇزۇر
بېغىشلايدىغان ئىش بارمۇ؟... مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئاشۇ
ئون بەش ياشلىق چېغىمدىكى باھار قويىنىدا كۆرگەندەك،
ئۇنىڭغىمۇ ئۈزۈكنى شۇ باھار قويىنىدا سېلىپ قويغاندەك بىر خىل
تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.
تانسا باشلاندى. مەن ئايالىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ناھايىتى



www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسياتى ئىچىدە ئىگىلىپ تۇرۇپ، رازىيەنى تانسىغا تارتتىم. ئۇ تانسىنى بۇرۇنقىدەكلا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق نەپىس ئوينىدى. ئۇ تەرەپلەردە تانسىنى ھەمىشە سول تەرەپكە پىرقىراپ ئوينايدىكەن. ئۇ بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىلگىرى تانسىنى ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان ئاشۇ چاغلىرىدىمۇ شۇنداق ئوينايدىكەندۇق. لېكىن بېيجىڭدا شۇيەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئوڭ تەرەپكە پىرقىراپ ئويناشنى ئۆگەندۇق. ھازىرمۇ مەن رازىيەنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى شۇ چاغدىكىدەك ھېس قىلغۇانقاچقىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئوڭ تەرەپكە پىرقىراتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلىچە تەمترىمەي، چاندۇرماي بۇرۇنقىدەكلا ئويناۋەردى. بۇ چاغدا بىز ھەممە جەھەتتە، بولۇپمۇ ئىنسان ئۇچۇن ھەممىدىن نازۇك ۋە ئېسىل بولغان بىر خىل ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە بۇرۇنقىدەكلا ئويلاۋاتاتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكىنى، بولۇپمۇ ھازىرقىنىسى بارغانسېرى ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتۇق. مەن بۇنى ھەرگىزمۇ يامان ئەھۋال دېمەيتتىم. بەلكى كۆڭلۈمدىكى ياخشى ئەھۋال، دەپ ھېسابلايتتىم. لېكىن، پەقەتلا يېنىمدىكى بەش ياشلىق كىچىك ئوغلۇم پولات بىزگە ھازىرقى ئاچچىق - چۈچۈك رېئاللىقنى يات - يات ئەسلىتىپ تۇراتتى.

بىز رازىيەنى ئېلىپ، كەچنىڭ ساپ ھاۋاسىدا تاماشا قىلغاچ ئۆيىمىزگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئوغلۇم مەندىن:

— دادا، بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم! — دېدىم. ئاندىن چاقچاق قىلىپ قوشۇپ قويدۇم، — ھەم سېنىڭ ئاپاڭ!

— بۇ سېنىڭ ئاپاڭ بالام، تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئايالىمۇ چاقچاق ئارىلاش سۆز قىستۇرۇپ.

— مېنىڭ ئاپام؟ . . . . قەيەردىكى ئاپامكەن بۇ؟ — ئوغلۇم خۇددى چوڭ ئادەمدەك ئىنچىكىلەپ سورىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئايالىم بىلەن ئىككىمىز خۇددى

مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا جاۋاب بېرىپتۇق
— بۇ سىنىڭ تاشكەنتتىكى ئاپاڭ!
— ئوھـو، بۇ مېنىـڭ تاشـكەنتـتىكـى ئاپامكەن بۇ مېنىـڭ ئاپام! . . . ئەمـدى مېنـىڭ ئىككـى ئاپام بولـدى. ئـوھـو . . . ، — ئوغلۇم ئەسلىدە چاي ئىچمەن ، دەپ زىياپەت شىرەسىدىكى بىر رومكا قىزىل ھاراقنـى ئۇقماي ئىچىۋالغان ئىكەن. شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئىككى ئاپىلىق بولغىنى ئۈچۈن خۇشالـلىقىدىنـمۇ، ئەيتـاۋۇر ئۆيگە كەلگـچە ئاشۇنـداق ئالا ــ جۇقا سۆزلەپ كەلدى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئايالىم تاماق ئېتىپ بىرەي دېسە رازىيە پەقەت ئۇنىماي قويدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى خاپا قىلىۋاتقان ئىدى. ئارتۇقچە تاماق يېيەلمەيتتى. شۇڭا بىز نازۇنېمەتلەر بىـلەن چاي ئىـچكەچ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈنغىچە مۇڭداشتۇق. شۇنداق قىلىپ، ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قاپتۇق. كېيىن بىز رازىيەنى چارچاپ كەتتى. ئەمدى دەم ئالسۇن، دېدۇق. بولمىسا مېنىڭ ئۇخلىماي، كېچىچە مۇڭدىشىپ چىققىم بار ئىدى. ئامال قانچە دەيسىز؟ . . . . . .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايالىم ماگىزىنغا چىقىـپ، لىنتا سېتىۋېلىپ كىرىپ ئۆيىمىزدىكـى ئاپپاراتتا رازىيە بىـلەن ئىككىمىزنى رەسىمگە تارتىپ قويماقچى بولدى. ئاپپارات دىۋاندا ئولتۇرغان رازىيە بىلەن ئىككىمىزگە توغرىلاندى. بۇ چاغدا ئايالىم رازىيەگە ئىللىق قاراپ:
— ئالىمغا يېقىنراق ئولتۇرۇڭ! — دېدى.

مەن رازىيەنىڭ ماڭا يېقىنراق ئولتۇرۇشـنـى قانچە خالايتتىم ـ ھە؟. شۇڭا ئايالىمنىڭ دېگىنىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بىراق ماڭا رازىيە نېمە ئۈچۈندۇر قىلچىمۇ تەۋرەپ قويمىغاندەك سېزىلدى. پەقەت ئايالىم ھېلىقى گەپنـى

قايتا تەكرارلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئاندىن مەن تەرەپكە يەنە سەل - پەل قىمىرلاپ قويىدى بولغاي. . .

— كۈلۈمسىرەڭلار!

بىز شۇئان كۈلۈمسىرىدۇق، ئايالىم دەل شۇ چاغدا بىزنى چاقماق تېزلىكىدە رەسىمگە تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەن گويا ئۆزۈمنى يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇ - ئارمىنىمغا ئەمدى يەتكەندەك بولدۇم. چۈنكى تا هازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بىللە چۈشكەن قوش كىشىلىك رەسىمىمىز يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن رازىيەنى ئايالىم بىلەن رەسىمگە تارتتىم. هېلى ئايالىم تارتسا، هېلى مەن تارتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىز رەسىمگە چۈشمىگەن ئۆي ئىچى، هويلا - ئارام، هەتتا خەلق مەيدانىمۇ قالمىدى.

مەن بۇ ئىشلاردىن ئىنتايىن خوشال ۋە رازى بولدۇم. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆرۈشەلەمدۇق، كۆرۈشەلمەمدۇق؟ بۇنى هېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن ئويلاپ باقسام زادى بىر ئىش كەم قالغاندەك قىلاتتى. ئاۋادا ئۇنى تۈرلۈك چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن تولدۇرۇۋالغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرىۋالساممۇ، ئۆزۈمنى يەنىلا بەختلىك هېسابلايتتىم. شۇڭا مەن ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا چاقچاقىقا يۆلەپ بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكىنى دەۋالدىم:

— رازىيە كىچىك ۋاقتىمىزدىغۇ بىلمەپتۇق، ئەمدى چوڭ بولدۇق. ئويلاپ باقسام بىر ئارزۇيۇم تا هازىرغىچە ئەمەلگە ئاشماپتۇ.

— نېمە ئارزۇ؟ — رازىيە ئويلىمايلا سورىدى.

— قەلبىمدە مەڭگۈ گۈزەل بىر ئەسلىمە قالدۇرۇش ئۈچۈن «ماقۇل» دەڭ! ، مەن سىزنى بىر سۆيۈۋالاي! .

ئەتراپىمدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.
— نېمىگە كۈلۈسىلەر؟ مۇشۇ گەپكىمۇ كۈلەمسىلەر، كۈلمەڭلار، بۇ دېگەن مۇھەببەت، ئاڭلىمىغانمۇ؟ قىلسىلا دېگەن يېرىم دۆلەت!
رازىيەنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. ئۇ: قىزارغان پېتى:
— ئالىم سارالڭ بوپتۇ! — دەۋەتتى.

1989 - يىلى ماي

# تۇپراق بېشىدا

مەن تولىمۇ كۆيۈمچان، رەھمەتلىك ئانامنى ھەمىشە چوڭقۇر ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئەزىزانە تۇپراق بېشىغا پات ـ پات چىقىپ تۇرىمەن.

مانا ئەمدى چىناردەك، ئېگىلمەس قەددى ـ قامىتىم خۇددى تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، سۆيۈملۈك ئانامنىڭ ئەتراپى گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان قەبرىسى ئالدىدا جىمجىتلىق ئىچىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىمەن......

ئاجايىپ ئىش ھە؟. بىر چاغدىن كېيىن تىلىم ئاستا ـ ئاستا زۇۋانغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن چەكسىز ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئانام بىلەن ئاستا، غايىبانە مۇڭدىشىۋاتىمەن...

ئاھ ئانا! سۆيۈملۈك، قەدىردان ئانا! سىز خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، سۈتتەك ئاق ھەم پاك، غۇبارسىز، تولىمۇ سەممىي ئايال ئىدىڭىز! . مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. چىن كۆڭلۈمدىن قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا مەن خەلق ـ ئالەم ئالدىدا «بۇ دۇنيادا ئانا مېھرىدىن ئۇلۇق ۋە سۆيۈملۈك نەرسە يوق» دەپ ۋارقىراپ دېيەلەيمەن! .

ئانا، ئەي مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانا، بۇ دۇنيادا پەقەت سىز بولغىنىڭىز ئۈچۈنلا مەن بۇ پانىي ئالەمگە ئاپىرىدە بولۇپ، مېھمان سۈپىتىدە كېلەلىگەن ئەمەسمىدىم؟... سىز مېنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە

www.uyghurkitap.com

قورساق كۆتۈرۈپ، راسا بېجىرىم قىلىپ تۇغۇپلا قالماي، يەنە ماڭا پۈتۈن يۈرەك قېنىڭىزنى ۋە بارلىقىڭىزنى مەردلىك ۋە سېخىيلىق بىلەن بېغىشلىغان ئەمەسمىدىڭىز؟ . . مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن سىزنىڭ شەپقەتلىك ئانا مېھرىڭىزنى ۋە جاپالىق ئەجرىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟ . . مەن بىر ئۆمۈر سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەممۇ، ھەتتا سىزنى دۈمبەمگە ھاپاش قىلىپ، خاسىيەتلىك، ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنىپ، سان ـ ساناقسىز دەريالارنى كېچىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك دېڭىزلاردا غۇلاچ كېرىپ ئۈزۈپ، چەكسىز كەتكەن ئېدىر ـ دۆڭلەردە تۇلپاردەك چېپىپ، پىچاق بىسىدەك تىك، ئېگىز داۋانلاردىن مەردانە ئېشىپ، خۇددى جىمىكى ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان ئايالىلىرىدەك، سىزمۇ ئارزۇ ـ تىلەك قىلغان مەككە ـ مەدىنىگە تاۋاپ قىلدۇرۇپ، ھەج قىلدۇرغىلى توققۇز قېتىم ئاپارساممۇ، يەنىلا سىزنىڭ بىر تۈن ـ كېچىدە بىر دەملىك شېرىن ئۇيقىڭىزدىن كېچىپ، مېنى چەكسىز مېھرى ـ شەپقەتلىك، ئىسسىق باغرىڭىزغا بېسىپ، ۋۇجۇدىڭىزدىن ئاق سۈت سىڭدۈرگەن. بىباھا ئەجرىڭىزنى ياندۇرالمايمەن! ھەرگىز ياندۇرالمايمەن! ھەرقانچە قىلسانمۇ ياندۇرغان ھېسابلانمايمەن ئانا! . . .

ئانا، جېنىم ئانا، سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئانا، ماڭا بەرگەن مۇقەددەس ئاق سۈتىڭىزگە رازى بولۇڭ جۇمۇ؟

— مەن رازى بالام! مەن ساڭا ئاق سۈت بەرگەن بولسام بۇ ئانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى — تۇيۇقسىز غايىبتىن كەلگەن بۇ ئاۋازدىن ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئاھ خۇدا! نېمە ئىش، نېمە كارامەت بۇ! — مېنىڭ ئانامغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىم، چوڭقۇر سېغىنىشىم ۋە مېنىڭ ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقىۋاتقان، كىشى كۆڭلىنى ئېزىۋاتقان

موڭ - زارىم ئاخىر ئاللانىمۇ تەسىرلەندۈرۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ئاللادىن شاپائەت يېغىپ، ئانامنىڭ تېنىگە جان، تىلىغا زۇۋان كىرىۋاتامدۇ، نېمە؟. . .، — دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم - دە، ئاندىن ئاللانىڭ كۆرسەتكەن ھىممىتىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئوقۇدۇم.

— ھوي ئانا، سىز سۆزلىدىڭىزما؟ بۇ راستىنلا سىزنىڭ ئاۋازىڭىزغا ئوخشايدىغۇ؟. . . سىز سۆزلىگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدىم مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ھەيرانلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە.

— شۇنداق بالام، مەن سۆزلەۋاتىمەن. بۇ راستىنلا مېنىڭ ئاۋازىم.

ئانام بىر دەقىقىدىن كېيىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ:

— توۋا! — دەۋەتتى.

— نېمە بولدى ئانا؟.

— ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخى مېنىڭ ئاۋازىمنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭغا ھەيرانمەن!.

— نېمە دەۋاتىسىز ئانا؟، مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن دەڭە! مەن تېخى كۆڭلۈمدە سىز بىلەن كۈندە دېگۈدەك نەچچە ۋاخ سۆزلۈشۈپ تۇرىمەن.

— تېخى شۇنداقمۇ؟.

— ئەلۋەتتە شۇنداق ئانا. بۇنىڭغا تامامەن ئىشەنسىڭىز بولىدۇ!.

— سىز ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ياخشى بالام جۇمۇ؟.

شۇئان كۆز ئالدىمدا ئانامنىڭ يوپيۇمىلاق، ئاي يۈزلۈك چىرايى، دەرد - ئەلەمنى كۆپ تارتقىنىغا قارىماي، ھېلىھەم نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى، سىلىق، كەڭ،

قورۇقسىز پېشانىلىرى، ئورغاقتەك ئەگمە قاشلىرى، قىسقىسى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان چىرايى بىرچىرايلىق نامايان بولۇۋىدى. كۆڭلۈم خۇددى يامغۇردىن كېيىن قۇياش كۆلۈپ چىققاندەك يورۇپ كەتتى.

مەن غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ، ئانامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، ئانامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاھ، جېنىم ئانا! . . .

مەن ئانامنى چىڭ قۇچاقلاپ، كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا جايىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئانام بىلەن بولغان شېرىن سۆھبىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سۆيۈملۈك ئانا، سىز يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا كۆيۈپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا توڭۇپ، مىڭ بىر جاپا بىلەن مېنى چوڭ قىلىپ، بىر ئوبدان قاتارغا قوشتىڭىز. ھەمىشە ماڭا «ئەقىللىق، چېچەن، كۆيۈمچان، باتۇر، ئالىم بول!» دەيتتىڭىز، ھەربىر ئىشقا ئەقىل ئىشلىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلالايدىغان، ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا يۇقىرى ئۆرلەپ، بۇ ئالەمدە كارامەت مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان كاتتا ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىڭىز. بۇنى ئاللادىن كېچە ـ كۈندۈز تىلەيتتىڭىز (شۇ ئارزۇيىڭىزغا مۇناسىپ ھالدا ئىسمىمنىمۇ «ئالىم» دەپ قويۇپتىكەنسىز) سىز مەندىن ئاشۇنداق زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ توغرا قىلغان ئىدىڭىز. چۈنكى كونىلاردا: «ئاتاقسىز ئادەمدىن، ئاتاقلىق دۆڭ ياخشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمىدى؟ بۇ ھەرگىزمۇ بىكاردىن ـ بىكارغا ئېيتىلغان گەپ ئەمەستە، شۇنداقمۇ ئانا؟ . .

— شۇنداق بالام، بۇ دېگەن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ھەقىقەت! — ئانام بۇ گەپنى تولىمۇ تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن دېدى.

— بىراق ئانا، مەن بارغانسېرى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى، — دېدىم مەن خىجالەتچىلىكتە ئۆزۈمنى ئاران تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ، — ئويلاپ باقسام، مەن سىزنىڭ ئەقىدىڭىزنى ئوبدان ئاقلىيالماپتىمەن. بۇرچۇمنىمۇ ياخشى ئادا قىلالماپتىمەن. . تېخى نۇرغۇن جەھەتلەردە سىز كۈتكەن ئۈمدلەرنى ئورۇندىيالماپتىمەن. بۇلارنى ئويلىسام ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىل بولىمەن ئانا!

«ئۇھ، بىردەم ئولتۇرۇۋالايچۇ؟ — ھەمىشە جايىدا ياتىۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئانام قولى بىلەن يەرنى تىرەپ ئاستاغىنە ئولتۇرۇۋالغاندەك قىلدى. ئاندىن ئانام ماڭا رازىمەنلىك بىلەن:

— بۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق بالام، كۆڭلىمۇ ھەمىشە بىر خىلدا كۆلۈپ چىقمۇەرمەيدىغۇ؟. ئوقۇشسىزلىق، پىشكەللىك دېگەن ئادەمگە دائىم خۇددى سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرۈيدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنى دائىم سەگەك تۇتۇپ يۈرۈشى كېرەك. ئۇقسام سىز بارمىغان، سىز كەزمىگەن يەرلەرمۇ ئانچە قالماپتۇ. مەن بار ۋاقتىمدا باشلىغان ھېلىقى يېزىقچىلىق ئىشلىرىڭىزدىمۇ خېلى نەتىجە قازانغان ئوخشايسىز. مەرتىۋىڭىزمۇ خېلى ئۆسۈپتۇ. كىشىلەرگىمۇ ساۋابلىق ئىشلارنى خېلى جىق قىلىپسىز. بۇلارنى قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنداق ئاسانغۇ چۈشمەيدۇ. بۇنى ئوبدان بىلىمەن. قىسقىسى تۇپراق بېشىمغا پات ـ پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرغىنىڭىزمۇ ناھايىتى كاتتا ئىش! بۇ ماڭا خاتىرجەملىك ۋە ئارامىلىق بېغىشلايدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئانا، مەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇپراق بېشىڭىزغا سىزنى يوقلاپ، پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن.

— ھېلىقى كۈنى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چېغىمدا، ھاياتلىق شامىم ئۆچەي ـ ئۆچەي دېگەندە، دۆلەت بايرىمى بولغاندىكىن، دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرسە، سىزنى چوقۇم كېلىپ

قالار دەپ ئويلىدىم. سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈشۈۋېلىش نىيىتىدە لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، سىزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. بىراق سىز يېنىمغا يېتىپ كېلەلمىدىڭىز. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ماغدۇرۇممۇ تۈگىگەن، كۆز يېشىممۇ قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئاخىر بولالماي بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە ئاستا سەپەر قىلدىم. كۆزۈم ئوچۇق قالمىسۇن دەپ جىمجىتلىق ئىچىدە ئاستاغىنە كۆزۈمنى يۇمدۇم. بۇ يەرگە — باقىي ئالەمگە كەلگىنىمدىن كېيىنلا دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ئازابتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— جېنىم ئانا، مەن سىزنى ئۇنداق تېز كېتىپ قالار، دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. خەۋەر بارمىغاچقا، مەن سىزنىڭ ۋاپاتىڭىزدىن بىخەۋەر يۈرۈۋېرىپتىمەن، ھېچكىممۇ ماڭا خەۋەر بېرىپمۇ قويماي دېمەپتۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا بىرسىنىڭ تېخى ئاتا ـ ئانىسى ئەمەس، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋاپات بولۇپ كەتسىمۇ، ئاتايىن ماشىنا ئەۋەتىپ، ئۇ كىشىنى دەرھال ئەكەلدۈرىدۇ. لېكىن ئۇ چاغلاردا مۇنداق ئىشلار يوق ئىدى. ئۇ زامانلار راستىنلا ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن زامانلار ئوخشايدۇ، جۇمۇ؟ شۇ چاغدا ماڭا تېلېفون بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىمۇ كاشكى، پەقەت بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن بارغان بىرسىدىن ئۆيىمىزدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى يۈز بەرگەنلىكىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپلا، ئۆيگە دەرھال قايتىپ كەلدىم. ئەسلىدە سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز خېلى ياخشى بولغاچقا، مەن تېخى سىزدىن ئەمەس، ئاغرىقچان دادامدىن ئەنسىرىگەن ئىكەنمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا سىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىڭىزنىڭ ئۇنداق تېز ئاياغلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. مەن سىزنىڭ ۋاپاتىڭىزغا بەكمۇ قايغۇردۇم. كۆز

ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى. سىزنىڭ ھۇجرىڭىزگە كىرىپ، سىز يېيىپنىپ ياتىدىغان يوتقىنىڭىزنى خۇددى سىزنى قۇچاقلىغانىدەك چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆزۈمنىمۇ ئاچماي داد - پەرياد ئۇرۇپ، يىغلاپ كەتكەنلىرىمنى ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. . .

ئارىغا بىر ئاز جىمجىتلىق چۈشتى. «شۇ تاپتا مېھرىبان ئانام يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىۋاتاتتىم، ئانامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ھېلىقى باغرى تاش كېلىن يەنە ئەمرىڭىزدىمۇ؟

— ياق ئانا، مەن ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن، — دېدىم مەن ئانامنى خۇش قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ — مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ ئۆتنە ئالەمدە ئۇنىڭدىن ئەنتىڭىزنى ئېلىپ بەردىم، دېسەممۇ بولىدۇ!.

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ياخشى قىپسىز، بۇ ھىممىتىڭىزگە رەھمەت بالام، — مەن ئانامنىڭ خۇش ئاۋازىدىن ئۇنىڭغا خۇشاللىق بەخت ئەتكۈچ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېنىنىڭمۇ، روھىنىڭمۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم، — ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇ خوتۇن ماڭا قىلغان ئەسكىلىكنى سىزگىمۇ قىلىدۇ.

— توغرا دېدىڭىز ئانا، ھېلىمۇ ئەقلىڭىز جايىدا تۇرۇپتۇ، — دېدىم مەن ئانامنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرىگە تولىمۇ قايىل بولۇپ، مەن يەنە ئانامغا ئۇ خوتۇننىڭ ماڭا قىلمىغان دەرد - ئەلەملىرى قالمىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرمەكچى بولدۇمىيۇ، لېكىن ئانامنىڭ ئاران تۇرغان كۆڭلىنى غەش قىلىپ، غەم - قايغۇسىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، دەپ بۇ ئويۇمدىن دەرھال يالتايدىم. ئاندىن ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇنداق دېدىم:

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئانا، مەن ھەم ياش ھەم مۇلايىم

خىرتۇندىن بىرنى ئېلىۋالدىم. بۇ كېلىنچىكنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەكمۇ كۆيۈمچان ھەم مېھرىبان، ئۇ ھەمىشە روھىڭىزغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىپ تۇرىدۇ. «قېيىنانام بولغان بولسا راۋرۇس بېقىۋالاتتىم» دېگەننى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ! — مەن بۇ گەپلەرنى بىر ئوبدان جايىدا قوشۇپ قويدۇم.

— جېنىم بالام، بايىقى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ مەن سىزدىن تولىمۇ خاتىرجەم بولۇۋاتىمەن. كۆڭۈللۈك ياشاڭلار! — دېدى ئانام ئاخىرىدا.

ئانام شۇ گەپنى ماڭا دەپ بولۇپ، ئەمدى خۇددى كۆڭلى ئارام تېپىپ، كۆزى خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىدەك بىردىنلا جىمىقىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا زۇۋان سۈرمىدى. مەن ئىچىمدە: «بۈگۈن ئانام بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەلىگەن ئوخشايمەن» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئانامنىڭ روھىدىن مەدەت ئېلىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

1990 ـ يىلى ئىيۇن.

## نىمە دېگۈلۈك؟...

شەھىرىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغان «دۆڭ مەھەللە» مەسچىتىنىڭ ئاتاقلىق ئىمامى كېسەل بولۇپ، بەش ـ ئون كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتا ـ ياتمايلا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن!

بىراق، ئۇنىڭ بۇ پانىي ئالەمدىكى ئىماملىق ئورنىنى ئۆز ۇنغىچە مۇنداق بوش قالدۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى دەڭە. شۇڭا تۇگەپ كەتكەن ئىمامنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئىمامنى تولۇقلاپ قويۇش كىچىكتۇرۇشكە بولمايدىغان زۆرۈر بىر ئىش بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشىدىغان ئىشمۇ ئەمەستى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خېلى مۇرەككەپ، ئىنچىكە بىر ئىش ئىدى.

نېمىشقا دەمسىز؟ . بۇ ئادەتتىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىماملىق ئورۇن مەسىلىسى بولسىغۇ، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىمام بولۇشى بىلەن، ئادەتتە شۇ مەسچىت جامائىتىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭغۇ، تېخىمۇ كارى بولمايتتى. بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ كەتمەيتتى دەڭە.

لېكىن بۇ ئادەتتىكىدەك بىر مەسچىت بولماي، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان كىشى تەبىئىي ھالدا ئادەتتىكى بىر ئىمام ھېسابلانمايتتى. چۈنكى ئۇ جامائەتنىڭ ھىمايە قىلىشىغا

ئىگە بولغاندىن سىرت، هۆكۈمەت تەرەپنىڭمۇ نەزىرىدىكى ئىمام بولۇپ ئالاهىدە ئېتىباردىن بەھرىمەن بولالايتتى. جۇملىدىن ئۆزىدىن بىر دەرىجە، هەتتا بىرنەچچە دەرىجە يۇقىرى سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغىمۇ قاتنىشىپ ئۇنىڭ ئەزاسى، دائىمىي هەيئەت ئەزاسى بولالايتتى. تېخى ئۇنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى نام ـ ئابرۇيغا، مەرتىۋىلىك ئورۇنغا ئېرىشىشى هەر ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ، كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان بىر ئىش ئىدى.

مۇنداق ئىشقا ئېتىبارسىز قارىسا بولمايدىغانلىقى يۇقىرىقى گەپلەردىن مانامەن دەپ چىقىپلا تۇرمامدۇ؟.

شۇڭا بۇ ئىشقا شەهەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى تولىمۇ ئەهمىيەت بەردى. ئۇيانمۇ ئويلاپ، بۇيانمۇ ئويلاپ بۇ ئىشقا ئالايىتەن باش قاتۇرۇپ يۈرگەندە، ئەھۋالنى ئوبدان بىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى بىر رەھبىرى كادىر يېزىدىن ئۆمەر داموللىنى ئەكېلىپ، «بۇ مەسچىتكە ئىماملىققا قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تازىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەكلىپ ئىدى.

شەهەرلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىشقا ئازلا قالغاندا، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتارىدا ئۆمەر داموللىنىڭ ئىسمىمۇ يۇقىرىغا يوللاندى. قارىغاندا بۇ ئىش شۇنداق ئوڭۇشلۇق هالدا هەل بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى بىزدە تۆۋەننىڭ پىكىرىگىمۇ هۆرمەت قىلىدىغان قائىدە بار ئەمەسمۇ؟...

لېكىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي هەيئەتلەر يىغىنىدا گازىر كۆز، سېمىز رەك كەلگەن بىرەيلەن ئۆمەر داموللىنىڭ ئىسمىغا كەلگەندە تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئورنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— بولمايدۇ، مەن قوشۇلمايمەن. شەهەر ئىچىدىن ئىمام

تىپىلمىغاندەك، ئەمدى يېزىدىن ئىمام ئەكېلەمدۇق؟. بۇ ئىش مېنىڭ كالللامدىن ئۆتمەيدۇ. مەن قوشۇلمايمەن، خۇ شۇجى سىزچە قانداق؟ — دېدى. ئۇنىڭ خۇ شۇجى دېگىنى خۇداقۇل شۇجى ئىدى.

نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ ئولتۇرغان خۇداقۇل شۇجى گېلىنى قىرىپ، يۆتىلىپ قويۇپ، ئاغزىنى ئۆمەلەپ گەپكە كىرىشتى:

— مېنىڭچىمۇ بولمايدۇ. مەن ئۆمەر داموللا بىلەن بىرىەرلىك. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىمەن. ئۇنى ئەكەلسەك بولمايدۇ، — ئۇ يەنە سەل تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دېدى: — ماقۇل، بىر دەملىككە يۆتكەپمۇ كەلدۇق، دەيلى، لېكىن ئۇنىڭ نوپۇسىنى بۇيەرگە قانداق ئالدۇرالايمىز؟ بەش ـ ئالتە جاننىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلماق شۇنداق ئاسانمۇ؟. ئۇنى ئەكېلىشكە بولمايدۇ. مەنمۇ قوشۇلمايمەن.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ «نوپۇسىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟» دېگەن ساۋاتسىزلارچە سۆزىنى ئاڭلاپ، كۈلكىسى قىستاپ كېتىشۋېدى، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى. دېمىسىمۇ خۇداقۇل شۇجى ساۋاتسىز دېيىلمىگەن ھالەتتىمۇ، تۈزۈكرەك ئوقۇمايلا راكىتاغا ئولتۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەن كىشى ئىدى.

مۇئاۋىن شۇجى ئۇندان دەۋاتقان يەردە باشقىلار نېمە دېيەلەيتتى؟... شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ۋۇجۇتقا چىقماي قالدى.

لېكىن ئىش شۇنىڭلىق بىلەنمۇ تۈگەپ كەتمىدى. ھېلىقى قوشۇلمىغانلاردىن بىرى — گازىر كۆز ئادەم: «ئۇنى يۆتكەپ ئەكېلىشنى كىم تەشەببۇس قىلغان؟، بۇنى سۈرۈشتە قىلىڭلار!» دەپ ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپلا شەھەردىكىلەرگە تېلېفون بېرىۋېتىپ، دەرد ـ ئەلەم ئۇتىنى شەھەرگە تۇتاشتۇرۇۋەتتى. شەھەردىكىلەر بۇنى يۇقىرىنىڭ مۇقەددەس

يولىيورۇقى قانارىدا بىلىپ، ھېلىقى شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى «ئۆزىنى تەكشۈرۈش» كە سېلىپ، ئۇنىڭ جان – پىنىنى چىقىرىۋەتتى. ناھەقچىلىققا چىدىيالمىغان بىر بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقى ئۆزى بېرىپ ئېيتتىمۇ؟ ياكى ئۇ ئادەم باشقا تەرەپتىن ئۇقتىمۇ؟ — بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ، دەسلەپتە ئىسمىلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان ھېلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇۋەندە بولۇۋاتقان بۇ ناھەقچىلىق ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، «قانداق گەپ بۇ؟» دەپ ئۆزى كۆكرەك كېرىپ، مەيدانغا چۈشۈپ، بۇ ئىشنى توغرى يولغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقىنىمۇ غەمدىن خالاس قىلىۋەتتى. جاھان دېگەندە باشقىلارنىڭمۇ غېمىنى يەيدىغان مۇنداقمۇ ئېسىل ئادەملەر بولىدىكەن! جۇمۇ؟

. . . كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ئۇ ئىشقا مانا ئەمدى بىر نەچچە يىلمۇ بولۇپ قالدى. ئۆمەر داموللامغا ھېلىقى تەستىق نېسىپ بولمىغىنى بىلەن، ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا «دۆلەت مەھەللە» مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا ئولتۇرۇپ نوپۇسلىرىنىمۇ ئورنىتىپ، بىرئوبدان يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياردەم قىلىشى بىلەنمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرىۋېرىدىغان ئىش ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ مۇزاكىرە قىلىشى، تەستىق سېلىشى بىھاجەت ئىدى.

ئۆمەر داموللام ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن بۇ يەردىكى، يېقىن – يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ مۆتىۋەر كىشىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىلا يۈز – ئابرۇيى قەۋەتلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن

ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردا ئاجايىپ كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان مۇنداق بىر كىشىنى ئەمدى ھېچكىممۇ چەتكە قاقالمايتتى، بىرەرسى يەكلەي، دېسىمۇ يەكلەلمەيتتى.

شۇڭا ئۇ كېيىنكى نۆۋەتلىك شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە يوللىنىش بىلەنلا تېز تەستىقلىنىپ كەتتى. تېخى بۇ دەل ھېلىقى گازىر كۆز، سېمىز ئاتكاچى ئادەمنىڭ ئاغرىدىم، دەپ دوختۇرخانىغا كىرىپ يېتىپ قالغان، خۇداقول شۇجىنىڭ تۆۋەننىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرىمەن، دەپ كاماندىروپكىغا كېتىپ قالغان ۋاقتىغا توغرى كەلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ بىر تەلەيلىك ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى ئىدى.

ئۆمەر داموللام شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بىرەر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇلۇغ ئايەم — ھېيت بايرىمىمىز يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خۇداقول شۇجىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ھېيتلىغان ئۆيى ئۆمەر دامولىنىڭ ئۆيى بولۇپ قېلىشى كىمنىڭ يادىغا كەلگەن دەيسىز؟...

ئۇ ئۆمەر دامولامنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن:

— سىزنى شەھىرىمىزگە يۆتكەپ ئەكېلىپ، مۇشۇ داڭلىق مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا قويۇشنى، كېيىن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە (مۇئاۋىن رەئىسلىككە دېمەكچى ئىدى، يېڭىلىپ قالدىم) قويۇشنىمۇ ئۆزۈم ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆتكەن قېتىم مۇزاكىرە قىلغاندا بەزىلەرنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغان ئىدى. ئۇ چاغدا بۇنىڭغا شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەن ئىدى. ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇ قېتىم مۇزاكىرىگە قويۇلغاندا شۇنداق بىر كۈچ چىقىرىپتىمەن، بۇ ئىش ئاسانلا ھەل بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ ھا...ھا...ھا...

ئىچىدە: «ماۋۇ ھارامزادىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا! . . .» دەپ ئويلىغان ئۆمەر داموللام:

— شۇنداق بولغاندۇ! — دېدى بىلمەسكە سېلىپ.

— ناۋادا مەن ماۋۇ ئىش مۇنداق! . . . چوقۇم بولىدۇ دېسەم، كىم بىرنېمە دېيەلەيتتى؟

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان!

ئۇ، ئۆمەر داموللامنىڭ مەسخىرە كۆلكىسىدە كۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلمىدى. ئۆمەر داموللام بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولمىسىغۇ بىرگەپ. لېكىن ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا بۇ ئىشتىن تولۇق دېگۈدەك خەۋەر تاپقان ئىدى.

قارالىڭ! ، ئۆزىنى يۇرتىنىڭ ئاتىسى مەن، دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ، پاكىت بىلەن ھېسابلاشماي، ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاشۇنداق قىلىپ يۈرسىلە، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ . . .

ئاھ خۇدا، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەيسەن!

1992 - يىلى مارت.

# كىچىك بەخگى

مەن كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىستىلىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا تاماكا خۇمارىم تۇتۇپ، زادى چىداپ تۇرالمىدىم. شۇڭا يانچۇقىمدىن تاماكا ئېلىپ چەكمەكچى بولدۇم. مۇنداق بولۇشنى كىم بىلىدۇ؟ . . . مەن تاماكىنى ئاغزىمغا ئاپىرىپ شۇنداق سەرەڭگە ياقاي دېيىشىمگە «پاققىدە» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ تاماكام پەسكە چۈشۈپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكىنىمدىن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. شۇندىمۇ مەن تاماكا ئۇچقۇنلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىمنى قېقىشتۇردۇم. كىيىم ـ كېچەكىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتسە، كۆرگەنلا كىشى مېنى تاماكا چېكىدىكەن، دېمەمدۇ؟ . . . دېگەنلەرنى ئويلىدىم. بۇ چاغدا تاماكامنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئادەمگە قاتتىق ئاچچىقلاپ، غەزىپىم قايناپ ـ تاشتى. لېكىن مەن ئۇ كىشىنىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەممۇ، بىراق ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مەن تونۇشلاردىن بىرەرسى، بولۇپمۇ ئاچچىقى يامان دادام ياكى تاماكا چەكمەيدىغان تاغام بولۇپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟ . . . ،— دەپ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدىم. خۇددى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەندەك بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆتەپ ـ تېشىپ ئاپتوبۇس ئىچىدە تاماكا چەككىنىمگە ۋە بىخەستەلىك قىلغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان يېدىم.

«هوي، ئۇ تونۇش ـ بىلىش ياكى دادام ۋە تاغامنىڭ بىرى ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى بولۇپ قالسا بۇ چاغقىچە ماڭا ئاچچىقلىنىپ گەپ قىلماي قالامتى؟» دېگەن ئوي توساتتىنلا كاللامغا كېلىپ، پەرىشان كۆڭلۈم بىردىنلا ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. ئاندىن مەن ھوشۇمنى يىغىپ، تاغدەك ئىرادە بىلەن ئاستاغىنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئادەم داداممۇ ئەمەس، تاغاممۇ ئەمەس، ھەتتا تونۇشمۇ ئەمەس، بىر ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇ بەستلىك، يوغان كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن بىر كىشى بولۇپ ماڭا قارىغىنىچە چەكچىيىپ تۇرۇپتۇ. قانداقلىكىم بولمىسۇن، بايىقى قورقۇنچ سەۋەبىدىن شۇنداقمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ چىرايىدىن گويا يامانلىق كەلسە كېلىدۇكى، ياخشىلىق كەلمەيدىغاندەك بىرخىل ئىپادە چىقىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يات ئادەملىكى ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تۇرۇپلا خىيالىمغا مۇنداق بىر ئوي كەلدى: «خەقنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىكىنە؟ . . . نېمىشقا قولۇمغا ئۇرىدۇ؟ ئادەم ئۇرۇشنىڭ خاتالىقىنى بىلمەيدىغان قانداق ئادەم بۇ؟ . . .»، — دەپ تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس ئېلىشقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدىم. بۇ چاغدا ئۇ:

— بەك نوچى ئوخشىمامسەن؟ بىلىپ قوي، ئاپتوبۇس ئىچىدە سەندەكلەر تۇگۇل، بىزدەك چوڭلارمۇ ئەيمىنىپ تاماكا چېكەلمەيدۇ. مەنغۇ تاماكا دېگەننى زادىلا ئۆزۈمگە يولاتمايدىغان ئادەممەن. بىراق، سەن جىق بولساڭ، ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشقا كىرگەنسەن. مۇشتۇمدەك تۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان ئىشىڭنى قارا، مۇنداق قىلىشقا ئۇيالمامسەن؟! — دېدى.

مەن بۇرۇن «جاھان دېگەندە تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم يوق، تاماكا چېكىش كىشىگە تېخى سۆلەت بېغىشلايدۇ» دەپ

تونۇپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تاماكا چەكمەيدىغىنىنى دەۋاتىدۇ. راستىنلا تاماكا چەكمەيدىغان ئادەممىدۇ ياكى ماڭا شۇنداق دەپ قويۇۋاتامدىغاندۇ؟...

— كېمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن. مەن سېنىڭ قۇلىقىڭنى سوزۇپ داداڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن!...

بۇ ئادەم دادامنى راستىنلا تونۇمدىغاندۇ؟. ئەگەر راست شۇنداق قىلسا، دادامدىن ئۆلگۈچە تاياق يەيدىكەنمەن ـ دە، بۇمۇ دادامنىڭ «يامان باللارغا ئارىلاشما، ئەگەر تاماكا چېكىدىغان بولساڭ، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى چېقىۋېتىمەن»، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىمنىڭ كاساپىتى بولىدۇ ـ دە؟... تېخى باياتىندىن بىرى بۇ ئادەم بىلەن بىر قەپەس ئىلىشىمەن دەپ ئويلىغانلىرىمچۇ؟...

— قانداق، داداڭنىڭ يېنىغا ئاپىرايمۇ؟...، — ئۇ ئادەم بۇ گەپنى يەنە تەكرارلىدى.

مەن ئىچىمدە: «سىز دادامنى تونۇمتىڭىز؟...» دېيىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاندىن ياۋاشلىق بىلەن ئارانلا:

— بۇنىڭدىن كېيىن تاماكا چەكمىسەم بولمامدۇ؟...، — دېيەلىدىم.

— مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ؟.

ئۇ مېنىڭ ئاغزىمدىن مۇشۇنچىلىك گەپنى ئاسانلا چىقىدۇ، دەپ ئويلىمىغاندەك قىلاتتى.

— راست! — دېدىم.

ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ سەپ سالدىم. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ گېپىمگە ئىشىنىۋاتقان ياكى ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. قارىغاندا مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايىغا «ۋىلىلىدە» قىلىپ كۈلكە يۇگۈرگەندەك بولدى.

بۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىم.

— مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟ — سورىدى ئۇ.

باياتىندىن بېرى مەن ئۇنىڭ مۇشۇ سوئالنى سورىمىغىنىغا ھەيرانلىق ئىچىدە خۇشال بولغانتىم. ئەمدى بۇ سوئالمۇ پېشانەمگە دوق قىلىپ قويۇلدى. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. مەن شۇ تاپتا نېمىنىمۇ يوشۇرالايتتىم. شۇڭا يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدىم:

— ئوقۇيمەن! — دېگەن سۆزنى ئاغزىمدىن ئاران چىقىرالىدىم. ئۇ ئەسلىدە مېنى مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ ياكى بۇرۇن ئوقىغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالغان بالىلار قاتارىدا كۆرگەن. شۇڭا جەمئىيەتتىكى كەلسە ـ كەلمەس بالىلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ، تاماكا چېكىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغان دەپ ئويلىغان. ئەمدى مېنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى تۇرۇپ تاماكا چەكسە، تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى ئوپئوچۇق بىلگىلى بولاتتى.

ئۇ مېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن:

— مۇئەللىمىڭ ساڭا تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا تەربىيە بەرمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بۇ قېتىم بۇ سوئالنى جېنىمدىن ئۆتكۈدەك قىلىپ تەسىرلىك سورىدى. چىرايىدىن ئاچچىقىنىڭ تېخى يانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن بۇ سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق شەنىمگە داغ كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بەك ئىزا تارتتىم. يۈزلىرىم ئانار دەك قىزىرىپ كەتتى. شۇڭا مەن ناھايىتى بوش ئاۋازدا:



www.uyghurkitap.com

— تەربىيە بېرىدۇ! — دېگەننى ئاران دېيەلىدىم. ئاۋازىمنىڭ بەكمۇ مەيۈس چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ سېزىپ تۇرۇپتىمەن. ئاندىن: — تەربىيىنى ئېسىمدە تۇتماپتىمەن! — دېگەننى قوشۇپ قويدۇم.

— ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى ئەستە تۇتماسلىق، بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. زادى ياخشى ئىش ئەمەس، — دەپ سۆزىنى روھلۇق داۋام قىلدى ئۇ، — تاماكا ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق، تاماكا چەككەندە ئۆزىڭىزمۇ، باشقىلارغىمۇ زىيىنى يېتىدۇ. تېخى ئۆزىدىن كۆرە باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپرەك زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئۇ ماڭا زەن سېلىپ:

— گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلاۋاتىمەن! — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ كىشىنىڭ ماڭا تەربىيە بېرىپ دەۋاتقان گەپلىرىنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ، زېھنىم بىلەن ئاڭلاشقا كىرىشتىم.

— ئۇنداق بولسا، شۇنىمۇ بىلىپ قوي، — دېدى ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي. ئۇ ئالللىبۇرۇن ئالدىمدىكى بوشىغان ئورۇندا مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ئىدى، — تاماكا چەكمەيدىغان كىشى تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ يېنىدا بىر سائەت تۇرسا تۆت تال تاماكا چەككەنگە باراۋەر بولىدۇ. چۈنكى تاماكا دېگەن بۇ زەھەرنىڭ ئاچچىق ھىدى تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ دىمىقىغا تېخىمۇ بەكرەك ئۇرۇلىدۇ. ئاممىۋي سورۇنلاردا «تاماكا چەكمەڭلار» دەپ يېزىپ قويۇشنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. . . بۇنى چۈشىنىۋاتامسەن؟

مەن باش لىڭشىتىپ، «چۈشىنىۋاتىمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈردۈم. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى قەلبىمگە خۇددى قوغۇشۇندەك قۇيۇلۇۋاتاتتى.

مەن ئىچىمدە: «بۇ ئادەم خۇددى ئوقۇتقۇچىلاردەك بەك بەلەن سۆزلەيدىكەن، ئوقۇتقۇچىمىدۇ ـ يا؟. . .» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇمۇ خۇددى مىنىڭ مۇشۇ تۇرقىنىڭ ئۆزىدە نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلۋېلىشكە تىرىشىۋاتقاندەك ماڭا تازىمۇ زەن سېلىپ قاراۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

— كىچىك بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئىسقا بولغان سەزگۈرلىكى ھەممىدىن كۈچلۈك. بۇنى ئالىملار سۈت ئىمىۋاتقان چاشقاننىڭ تۇمشۇقىنى ئىسقا تۇتۇپ كۆرۈش ئارقىلىق تەجرىبە قىلغان. نەتىجىدە ئۇ چاشقان سۈتنى ئىچەلمىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇكى، كىچىك بالىلار تاماكا ئىسىنى پۇراپ قالسا، ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمايدۇ. بالىلارنىڭ تاماق خىللايدىغان ئادىتىمۇ شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇردۇم. بۇ مېنىڭ قوشۇلىمەن دېگىنىم ئىدى.

ئارىغا بىرئاز جىمجىتلىق چۈشتى. كېيىن ئۇ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن مەن ساڭا بۇ گەپلەرنى دېدىم. سەن يەنە ئون يىل ياكى ئون بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىشلارنى بىر ئەسلەپ باق. بۇنى ئەسلىگەننىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. ناۋادا سەن ئۇ چاغدا تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقساڭ مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمگە ۋە ئۆزۈڭنىڭ غەيرىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيسەن. ئەگەردە سەن تاماكا چېكىدىغان ئادەم بولۇپ چىقساڭ، مېنى ئۇ چاغدا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەن ـ دە، ئاشۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تاماكا چەكمىسەم بوپتىكەندۇق، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، دەيسەن. چوقۇم شۇنداق دەيسەن! .

شۇنداق قىلىپ بىز خېلى ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئابدۇقادىر ئىكەن. مەن ئىسمىمنىڭ سەمەت

ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. مەن ئۇ ئادەمنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم. دەسلەپتە بۇنى سوراشقا خىجىل بولدۇم. ئەمدى قارىسام، ھازىر سورىساممۇ بولغۇدەك. مەن شۇڭا باياتىنقى پەرىزىمنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن سورىدىم:

— سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟.

ئۇ ئادەم كۈلۈپ كېتىپ ئاندىن دېدى:

— شۇنداق كۆرسەتمۇ بولىدۇ، چۈنكى مەن بۇرۇن بۇ خىزمەتنىمۇ قىلغان. مېنى يەنە تەشۋىقاتچى، دېسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن ھازىر ساڭا تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىۋاتىمەن. يەنە مېنى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى، دېسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن سېنىڭ «ئاممىۋى سورۇندا تاماكا چەكمەسلىك» دېگەن قائىدە ـ نىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭنى تەكشۈرۈۋاتىمەن. قانداق، بولامدىكەنمەن؟.

مەنمۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— بولىدىكەنسىز! — دېدىم.

مېنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشىدىغان ۋاقتىم بوپ قالغان ئىدى. مەن ئاستا ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلۈۋېتىپ:

— ئەمدى ھەرگىز تاماكا چەكمەيمەن! — دەپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ۋەدە بەردىم.

ئۇ مەن تەرەپكە قاراپ باش لىڭشىتىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

1996 ـ يىلى ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قاپچۇق

يېقىندىن بىرى بەزى ئاغىنىلەر ئۇنى «سايىم باي» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. چۈنكى ئۇ پېشايۋانلىق قىلىپ چىرايلىق سېلىنغان ئۆيىنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش مەقسىتىدە بىر قېتىم ئازراق پۇلنىڭ مەرىدىن كېچىپ، مېھمان چاقىرغان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى تېخى «قولى ئوچۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ! .» دەپ تىلغا ئالىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. قارىغاندا «داستىخىنى چوڭ بولسا، يۈز ـ ئابرۇيى چوڭ بولىدۇ! .» دېگەن سۆز راست ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا، بۇرۇن ئۇنىڭ: «ئەگەر پالانى ئىش مەن دېگەندەك چىقمىسا، سىلەرنى چوقۇم مېھمان قىلىمەن. ئەگەر مېھمان قىلمىسام قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن! .» دەپ خۇددى قەسەم ئىچكەندەك ۋەدە قىلغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، مېھمان چاقىرىشتا، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندىمۇ بېخىللىق قىلىپ، مېھمان چاقىرماي، بىر ئوبدان يۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان ئىشىنىمۇ ئۈزۈپ قويۇدىغان يەرلىرى ئاز ئەمەستى! .

مەيلى، باشقىلار ئۇنى نېمە دەپ چاقىرسا چاقىرىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن داۋۇتنىڭ پەرۋايى پەلەك.

لېكىن يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش داۋۇتنىڭ كاللىسىدىن تا هازىرغىچە ئۆتمەيدۇ ـ دە!

ئۇ مۇنداق بولغان ئىش ئىدى:

بىر كۈنى داۋۇت دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى چوڭ، ئاۋات

رەستى كوچىدا بىر ئىش بىلەن نەگىدۇ بىريەرگە كېتىۋاتاتتى. كېتىۋاتقاندىمۇ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا توساتتىنلا «سايىم باي» ئۇچراپ قالدى. ئۇلار سالام - سائەتى قىلىشقاندىن كېيىن، ئاز - تولا پاراڭلاشتى. قارىغاندا «سايىم باي» سەل زېرىكىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قىيۇم ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بىللە بېرىپ كەلسەك، دەپ داۋۇتقا چىڭ يېپىشىۋالدى.

داۋۇت سەل تورۇۋېلىپ:

— بولسا، ئۆزۈڭ بېرىپ كەلگىن ئاداش، مەن بارمايمەن! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ تەئەججۇپلىنىپ سورىدى سايىم باي.

داۋۇت ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— مېنىڭ باشقا مۇھىم بىر ئىشىم بار! — دېدى.

— ئۇ ئىشىڭنى بۆلەك ۋاقىتتا قىلىۋالامسەن؟. ھازىر بىللە بېرىپ كېلەيلى! — سايىم باي داۋۇتنى زورلىغىلى تۇردى.

بىر دەقىقىدىن كېيىن، داۋۇت سەل كەسكىنرەك قىلىپ:

— سەن ئۆزۈڭ بارغىن، مەن بارمايمەن. چۈنكى سەن ئاتلىقكەنسەن (ۋېلىسىپىتلىك دېمەكچى) مەن بولسام پىيادە. نەدىمۇ پىيادە ئادەمنىڭ ئاتلىق ئادەم بىلەن تەڭ ماڭالىغان يېرى بار؟ — دېدى.

— قىزىقكەنسەن، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟. ئىككىمىز دوست - ئاغىنە بولغاندىكىن، بىر ۋېلىسىپىتكە تەڭ مىنسەك بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟. مانا مۇنداق قىلىمىز! — ئۇ قولى بىلەن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى تەرىپىگە قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ قويدى، — سەن كەينىمدە ئولتۇرىسەن، مەن سۆرەيمەن، بۇنىڭدا چاتاق يوق، — دېدى «سايىم باي» مۇغەمبەرلىك كۈلكىسىدە كۈلۈپ.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن داۋۇت ۋېلىسىپىتكە بىرقۇر كۆز

يوگورتۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ۋېلىسىپىتى «سايىم باي» دېگەن نامىغا قىلچىمۇ ماس كەلمەيدىغان دەرىجىدە كونا ۋە پاسكىنا ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ۋېلىسىپىتنىڭ ئۇزۇن ئۆمرىدە مىنىلگىنىگىمۇ كەم دېگەندىمۇ يىگىرمە بەش يىلدىن كەم ئەمەستەك قىلاتتى.

«سايىم باي» تەرسالىق بىلەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، داۋۇتمۇ ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ رايىغا باقتى. ئاندىن ئۇ دېگەندەك قىلىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە پەم بىلەن ئاستا ئولتۇردى. بولمىسا بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى ئادەم بىر ۋېلىسىپىتكە مىنىشكە توغرا كەلگەندە، داۋۇت سۆرىگۈچى بولۇشقا رازى ئىدىكى، ھەرگىز ئارقا تەرەپكە قارا قاغىدەك قونۇۋالغۇچى بولمايتتى.

ئۇلار بارغان ئۆيىدىن ھايال بولمايلا يېنىشتى. چوڭ يولغا چىققاندا ئۇ موتوسىكلىت مىنگەن بىر تونۇش ئادىمىنى تۇساتتىنلا ئۇچرىتىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بەك ياخشى بولاتتىكەندۇق. چاتاق مانا شۇ ئادەمنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقتى.

ئاقسېرىق، گازىر كۆز كەلگەن، كۆپتەك سەمىرىپ كەتكەن ئۇ ئادەم ئەسلىدە ئۇلارنى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە كېتىۋاتقان ئادەمنى چاقىرىشىنىڭمۇ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن «سايىم باي» قوللىرىنى ھەدەپ پۇلاڭلىتىپ، ئۇنلۇك ۋارقىراپ، ئۇنى بۇ تەرەپكە چاقىردى. ئۇ موتوسىكلىتنىڭ بېشىنى قايرىپ، قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىرىپ، يولنىڭ ئۇ قېتىدىن خۇشياقمىغان بىر قىياپەتتە يولنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى. «سايىم باي» ئۇنىڭ بىلەن تىخى تونۇكرەك كۆرۈشمەي تۇرۇپلا:

— مېنى پوچتىخانىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قوي! — دەپ بۇيرۇق قىلغىلى تۇردى.

«سايىم باي» نىڭ دېگىنىنى قىلماي، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك، موتوسىكلىتلىق ياش نېمە ئۈچۈندۇر كىنايە بىلەن دىمىقىدا بىر كۈلۈۋېتىپ، ئاندىن ماقۇل بولدى.

شۇنداق قىلىپ «سايىم باي» موتوسىكلىتلىق ئۈچۈپ كەتتى. داۋۇت ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن كونا ۋە پاسكىنا ۋېلسىپىت بىلەن قالدى. بۇ چاغدا ۋېلسىپىت ئۇنىڭ كۆزىگە بايىقىدىنمۇ بەتبەشىرە كۆرۈندى. ئىش بۇيەرگە يەتكەندە ئەمدى ۋېلسىپىتنى تاشلاپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق ـ دە، چۈنكى «يۇتكەن مالنىڭ سېپى ئالتۇن!.» ئەمدى ئۇنى كەينىدىن ئاپىرىپ بەرمىسە بولمايتتى. ئەگەر بۇ ئىش بولمىغان بولسا داۋۇت مۇشۇ يەردىلا ئۆز يولىغا ئۇدۇل، بەخۇدۇك كېتىۋەرمەمتتى؟. ئەمدى ماۋۇ ئاۋارىچىلىقنى قارىمامدىغان! بۇ خاپىلىقنى كۆرمەمدىغان؟..

شۇنداق قىلىپ ئۇلار موتوسىكلىتلىق ئالدىدا كەتتى، داۋۇت ۋېلسىپىتلىك كەينىدىن چامىنىڭ يېتىشىچە چاپتى. نەدىمۇ ئىشەكلىك ئادەمنىڭ ئاتلىق ئادەم بىلەن تەڭ ماڭالىغان يېرى بار دەيسىز؟

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، داۋۇت: «ئۇلاردىن بەكمۇ كېيىن قېلىپ، ‹سايىم باي› نى ساقلىتىپ قويماي» دەپ ۋېلسىپىتنى بارا ـ بارا بولۇشىغا چاپتۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا شۇ جەرياندا ئۇ ۋېلسىپىتنى بىر ھېسابتا سەل قوپالراق مىنىپ قالدى. بۇنى ئۆزىمۇ سەل كېيىنرەك سەزدى بولغاي. لېكىن ئەمدى نېمە ئامال بار؟.

بىرچاغدىن كېيىن داۋۇت ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن يېردە كۆرۈشتى. بۇ چاغدا «سايىم باي» ۋېلسىپىتنىڭ كەينىنى نەرىپىگە شۇنداق بىر قاراپتى، داۋۇت ھېچنېمىنى بىلەلمەي، نېمىشقا مۇنداق قارايدىغاندۇ؟ دەپ قالدى.

— ۋېلىسىپىت ئېگەرنىڭ قاپچۇقى قېنى؟ — «سايىم باي» داۋۇتتىن سورىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ ھەسرەتلىك تۈس ئالغان ئىدى.

بۇ گەپتىن داۋۇت نېمىدىنىدۇ چۆچىگەندەك بولۇپ، ئېتىشىك ئېگەرنىڭ ئۈستىگە لاپپىدە بىر قارىدى - دە، شۇندىلا قاملاشمىغان ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، قاپچۇقنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئاندىن ئۆزىمۇ بەك ئوڭايسىزلاندى. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى چوڭ بىر گۇناھ قىلىپ قويغان كىشىدەك تولىمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە نەزىرىنى ۋېلىسىپىتتىن «سايىم باي» غا ئاغدۇردى. «سايىم باي» نىڭ چىرايى كىچىككىنە زىياننىڭ ئاچچىقىدا خۇددى قارا كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەن ئىدى. كۆرۈمسىز كۆزلىرى خۇددى چانىقىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. داۋۇت ئىچىدە: «ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار، يامان يېرى كەلسە بازاردىن بىر قاپچۇق سېتىۋېلىپ، تۆلەپ بەرسەملا بولمىدىمۇ؟...» دېگەننى ئويلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىش مەقسىتىدە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن:

— كېرەك يوق، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ — دەپ قويۇپتى.

ئېھتىياتسىزلىق بىلەن دېيىلگەن بۇ گەپتىن داۋۇت شۇئان بالاغا قالدى:

— ھوي نېمە دېگىنىڭ ئۇ، قانداق نېمىسەن؟ — «سايىم باي» نىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى. ئەسلىدىمۇ بىر مەينەت ئېغىز ئەمدىلىكتە ئۇن مەينەت ئېغىزغا ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ داۋۇتنى بىردەم ھېچنېمىنى سەزمەس مۈڭگە ئوخشاتسا، بىردەم يەنە بىرنېمىلەرگە ئوخشىتاتتى. داۋۇت شۇتاپتا ئۇنىڭ نەزىرىدە راستىنلا «زىياندىش» بىر ئادەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

«سايىم باي» ئۇنىڭغا شۇنچە مەينەت، ھاقارەتلىك سۆزلەرنى دېگەن تۇرۇقلۇقمۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى.

ئۇ تېخى ھېلىقى موتوسىكلىتلىق ئادەمنى نەدىندۇ تېپىپ كېلىپ، خۇددى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر نەرسىسى باردەك ئۇ ئادەمنى ئاۋارە قىلغانلىقى ئۈستىگە يەنە ئاۋارە قىلىپ ئۇنىڭ موتوسىكلىتىنىڭ كەينىدە ئابىقىدەك چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ بايىقى يەرگە قاپچۇق ئىزدىگىلى كەلتى.

داۋۇت ئىچىدە: «ھەي ‹سايىم باي›، بىر ئەسكى قاپچۇق ئۈچۈن نېمانچىلا قىلىپ كېتىسەن؟. بەك نامرات ئادەممۇ پەقەت كۆڭلى تۇز بولسىلا، ھەرگىز سەن قىلىۋاتقاندەك مۇنداق قىلىپ كەتمەيدىغۇ؟ قېنى سېنىڭ بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك «سېخى»، «مەرد» لىكىڭ! خەقلەرنىڭ «باي دېگەن پۇلو يېسە قولىنى يالاپ يەيدۇ، دېگىنى توغرا ئوخشىمامدۇ؟...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشىغا «سايىم باي» قاپچۇق ئىزدىگەن يېرىدىن قايتىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز ئەلەم بىلەن كەلدى بولغاي، ئاچچىقى بايىقىدىنمۇ يامان، دەھشەتلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ داۋۇتقا خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغان ئەلپازدا قارىدى. ئۇ ئەمدى داۋۇتقا «يوتكەن مالنىڭ سېپى ئالتۇن!» دەپلا يېپىشىدىغاندەك قىلاتتى.

— مەن ساڭا ئەتىلا بىر قاپچۇق ئېلىپ بېرەي، ئەگەر مۇشۇ تاپتا ماگىزىنلار تاقىلىپ كەتمىگەن بولسا، ھازىرلا ئېلىپ بېرەتتىم! — دېدى داۋۇت خىجالەتچىلىك ئىچىدە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ «سايىم باي» ئەمدى سەل يۇمشاپ قالغاندەك بولۇپ، ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ داۋۇتنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەمدى داۋۇتتىن رازى بولۇۋاتقانلىقى ئاچچىق يۇتۇپ كەتكەن غەلىتە چىرايىدىن مانامەن دەپ مەلۇم بولۇشقا باشلىدى.

ئەتىسى داۋۇت ماگىزىندىن يېپيېڭى قاپچۇقتىن بىرنى

ئىگىرى بىلەن قوشۇپ سىتىۋېلىپ، «سايىم باي»نىڭ تۈۋىگە باردى. ئۇ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، هويلا ئىچىگە شۇنداق بىر نەزىرىنى تاشلاپتى، ئۇنىڭ «چۇشۇپ قېلىپ، تېپىلمىغىنى» دېگەن هېلىقى كونا قاپچۇقىنىڭ ۋېلىسىپىت ئۈستىدە ئەينى ۋاقىتتىكىدەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ هەيرانۇ ـ هەس قالدى...

ئەمدى قەلىمىمنى ئۇپرىتىپ باشقا گەپنى يېزىپ ئولتۇرمىساممۇ بولار؟. قالغىنىنى ئەقىللىق كىتابخان ئۆزى بىلىۋالالايدۇ.

1996 ـ يىلى دېكابىر.



www.uyghurkitap.com

## دىۋانە

خوددى بىر ـ بىرىگە قوشماقتەك زىچ جايلاشقان ئۈچ ناھىيىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، تولىمۇ ئاۋات مەركىزىگە يىراق بىر يېزىدىن، ئىشىمنى تاماملاپ قايتىپ كەلگىنىمگە مانا ئەمدى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ سائەت بولۇپ قالدى. ئەسلىدىغۇ مېنىڭ بۇ ئاۋات ناھىيە بازىرىدا يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەتكىم بار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇرۇپلا مېنىڭ ئۆزۈن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە بېرىپ ئايلىنىپ كەلگىم كېلىپ قالدى. مۇنداق بولۇشىدا مېنىڭ ئۆتكەنلەردە ئادەمنى تولىمۇ زېرىكتۈرىدىغان، بۇ كۆز يەتكۈسىز يوللاردا خوددى بابكارنىڭ مۆكىسىدەك ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان چېپىپ يۈرگىنىم سەۋەب بولدىمۇ ياكى قاتناشتىن ئىبارەت بۇ سەپتە ئۇزاق يولنى يېقىن قىلىدىغان ماشىنىلار ۋە ئاجايىپ جاسارەتلىك ئىشچى ـ شوپۇر ئۇستاملارغا ھەمراھ ھەم ھەمنەپەس بولۇپ، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ياشىغانلىقىم سەۋەبچى بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ كۆڭلۈم شۇ يەرنى تارتىپلا تۇرىدۇ. دەل مۇشۇ تاپتا كۆڭلۈمنىڭ رايىغا باقمىسام بولامدۇ؟ . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە تونۇش ـ بىلىش شوپۇرلاردىن كىملەرنىڭ كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ دەڭە. شۇڭا مەن تۈرلۈك خىياللار ئىلكىدە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە كەلدىم.

ئەمدىگىنە بېكەت ئىچىگە قەدەم قويۇپ، ئەتراپقا شۇنداق

بىر قارىسام، قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ھە دېگەندىلا بىلىش كەتكىلى بولمايدىغان سان ـ ساناقسىز ئاپتوبۇسلار بەئەينى قويۇق ئورماندەك ۋاقچىدە تۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۈمىدۋارلىق ۋە چەكسىز ھاياجانلىق ئىچىدە «نېمىدېگەن كۆپ ئاپتوبۇسلاردۇ؟ بۇ ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىمىزدە ئىگىلىكىمىزنىڭ راسا گۈللەپ ـ ياشناشقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈمچە ئويلاۋاتاتتىم.

كۈتۈلمىگەندە كىمدۇ بىرسىنىڭ مېنى توساتتىن چاقىرىشى خىيالىمنى شۇئان بۆلۈۋەتتى. مېنى چاقىرىۋاتقان زادى كىمدۇ؟ مەن بىرخىل قىزىقىش كەيپىياتى ئىچىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئىتتىك قارىدىم ۋە شۇندىلا مەندىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مېتىر نېرىسىدا ماشىنىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئابلىز شوپۇرنى كۆرۈپ خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ كىچىكىمدىن تارتىپ بىر نان تاپساق تەڭ يەپ، بىللە كۆڭۈللۈك ئويناپ، ئۆسكەن قەدىناس ئاغىنەم ئىدى.

مەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزاق بولغان بۇ ئاغىنەمنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتىم. بويى ئېگىز كەلمىگىنى بىلەن، لېكىن ئۆزى چىرايلىق، كېلىشكەن، شۇ تاپتا ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئالدىنى سەل ئېچىۋەتكەن بۇ ئاغىنەم بىلەن بۇرۇنقى بىر ئورۇندا دېگۈدەك بىللە ئىشلىگەچكە ھەمىشە كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، لېكىن مەن قاتناش سېپىدىن يۆتكىلىپ كەتكىنىمدىن كېيىن، مۇنداق ئىمكانىيەتلەر بىزگە زادىلا نېسىپ بولمىغان ئىدى. مۇنداق ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ ئۆزئارا دېيىشىدىغان گەپلىرىمىزنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقى تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. شۇڭا بىز بىردەمدىلا ئۇيان ـ بۇياندىن سۆز قىلىشىپ، خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

گەپتىن ـ گەپ چىقىپ ئۇ مېنىڭ بۇ يەردە يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرماقچى بولغانلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن:
— ئۇ گېپىڭنى قوي، مېنىڭ ماشىنامدا مەن بىللە كەت، ھېلىمۇ بىر ئايغا يېقىن سەيلى ـ تاماشا قىلغىنىڭمۇ يېتەر. . . ئائىلەڭنىمۇ بەلكى سېغىنىپمۇ قالغانسەن، ئەمدى ئارتۇقچە پۇل خەجلەپ، نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى. ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خەقنىڭ ماشىنىسىغا چىقساڭ يەنە پۇل تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ. — دېدى.
مەن خىيال ئىچىدە بىردەم تۇرۇۋېلىپ دېدىم:
— ئۇ، دېگەنلىرىڭغۇ راست، بىراق. . . .
— بىراق دېگىنىڭ نېمىسى؟. ئەگەر ئويۇنغا قانمىغان بولساڭ، كېلەر نۆۋەت مەن بىلەن بىللە يەنە كەل، مەن سېنى شەھەرمۇ ـ شەھەر راسا بىر ئوينىتىپ قويساي بولامدۇ؟
ئۇنىڭ گەپلىرى مېنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ كۈنلەردە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈردۈم، دېگەن بىلەن ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق قۇلاقتا ياقىدەك شېرىن گەپ تېپىلمايتتى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ كۆڭۈلنى بايرىتىدىغان تەرەپلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە دىلنى غەش قىلىپ، كۆڭۈلنى كىر قىلىپ قويىدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھېلىقى گېپىنىڭ تەسىرىدە: «بەس، مۇشۇنچىلىك ئوينىغىنىڭمۇ يېتىپ ئاشار! » دېگەن سادا خۇددى فونتانىدەك يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىقتى. بىردىنلا مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆز قىيالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاخىر ئاغىنەم بىلەن بىرگە كېتىشكە رازىلىق بىلدۈردۈم.
ماۋۇ ئىشنى قارىماسىز؟ ئۇ خۇددى مېنى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدىغاندەك، ئەتىسى تاڭ يورىماستىنلا ماشىنا بېكىتىگە بالدۇر كېلىۋاپتىمەن. بۇ، ئاغىنەمنىڭ كېلىشىگىمۇ،

ماشىنىنىڭ مېڭىشىغىمۇ خېلى ۋاقىت بار، دېگەن سۆز. بۇ جەرياندا خېلى ئىشلارنى قىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ. ئويلاپ باقسام، مېنىڭ سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئارا تولا سەدىقە بېرىۋېتىدىغان ئادىتىممۇ بار ئىدى. شۇڭا مەن بىر تەرەپتىن شوپۇر ئاغىنەمنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن سەدىقە بېرىۋېتىش مەقسىتىدە ئەتراپتىن دىۋانە ئىزدىدىم. لېكىن، قىرىشقاندەك ھېچ قەيەردىن دىۋانە كۆرۈنمىدى. بۇنىڭدىن مەن سەدىقە بېرەلمەي قېلىشىمدىن بەكمۇ ئەنسىردىم.

بىر چاغدىن كېيىن شوپۇر ئاغىنەم ماشىنىنىڭ يېنىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كېچىچە ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسەن؟... — دەپ چاقچاق قىلدى.

— سېنى، مېنى ئالماي قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، — دەپ ئۇنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

بۇ گەپ بىلەن ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشتۇق. بىر ئازدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، قولىدىن چېلەكنى تارتىۋېلىپ، سۇخانىغا بېرىپ، بىر چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ كەلدىم. ئاڭغىچە قۇچىقىدا بالىسى بار، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر دىۋانە ئايال ماشىنا ئەتراپىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەدەپ كىشىلەردىن سەدىقە تىلەۋاتاتتى. مەن دەرھال چېلەكتىكى سۇنى ئاغىنەمنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپلا: «ئەمدى سەدىقە بېرىش تىلىكىم ھەل بولىدىغان بولدى» دەپ يانچۇقىمدىن بىر يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، ھېلىقى دىۋانە ئايالغا ئۇزاتتىم. دىۋانە ئايال قولۇمدىن پۇلنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ، سەپىرىمگە ئامانلىق تىلەپ دۇئاغا

قولىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ يېنىمدىن نېرى كېتىشىگە سەككىز - ئون قەدەم نېرىدىكى ئۇزۇن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقان ئۇزۇن يەكتەك كۆڭلەك كىيگەن ساقاللىق بىر دىۋانە سىياقىدىكى ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. «بۇ خېلى ياشىنىپ قالغان دىۋانە ئىكەن. مۇنداقلارغا سەدىقە بەرسە تېخىمۇ ساۋاب بولىدۇ!» دېگەن ئوي بىلەن يانچۇقىمدىن دەرھال ئىككى يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇپ، يېنىغا مېڭىشىمغا دەل شۇ چاغدا ئابلىز ئاغىنەم كەينىمدىن ئۇچقاندەك كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى.

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ تەئەججۇپلەنگەنلىكتىن بولسا كېرەك، بەكمۇ قوپال ۋە غەلىتە چىقىپ كەتتى.

— ئاۋۇ دىۋانىگە سەدىقە بېرىۋېتەي، دەۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنى تۇتۇۋالغانلىقىنى بىلەلمەي.

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى تۇتۇۋالغىنىچە بىرھازاغىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئۇيان ئويلىساممۇ، بۇيان ئويلىساممۇ ئۇنىڭ نېمىگە شۇنداق كۈلۈۋاتقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. سەل - پەل جۇدۇنۇم تۇتتى بولغاي ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇ كۈلكىسىنى ئاران توختۇتۇۋېلىپ، چىرايىمغا بىرھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى - دە، ئاندىن بىردىنلا:

— ئۇنىڭ سېنى سېتىۋالغۇچىلىكى بار! — دېمەمدۇ، بۇ گەپ مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ، ئىمانىمنى بەش گەز ئۇچۇرۇۋەتتى. ئويلاپ بېقىڭە، بىر دىۋانىنىڭ قانداقسىگە مېنى سېتىۋالغۇچىلىك ھالى بولسۇن؟ نەدىمۇ مۇنداق ئىش بار؟. بۇ قاراپ تۇرۇپ مېنى ھاقارەتلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟.. ئۆتۈم

تېشىپ دېمىم ئىچىمگە كىرىپلا كەتتى. گەپ – سۆز قىلغۇدەك ماجالىممۇ قالمىدى. بەكمۇ شۈكلەپ كەتتىم «بۇمۇ شۇ ئاغىنىمنىڭ دەيدىغان گېپىمۇ؟...». مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا بىللە مېڭىشقا رازى بولغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلدىم.

بىراق بىزدە «ئاتقان ئوق يانمايدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا مەن ئىلاجىسىز ماشىنىغا چىقتىم. كابىنكىغا چىقىپ، ئالدىمدىكى رېئاللىقا ئىشەنمەيلا قالدىم. ھېلىقى دىۋانە كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەڭ ياخشى، ئازادە ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇرۇپتۇ. قارىسام ماڭا ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ قالماپتۇ. مەن ئاران دېگەندە ئۆزۈمنى سايمان ساندۇقىنىڭ ئۈستىگىلا قوندۇرۇۋالدىم. بۇمۇ شۇ ئاغىنەمنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام بۇ ماشىنىغا زادى چىقمىغان بولاتتىم. ئەمدى نېمە ئامال بار. چۈشۈپ كېتەي دېسەڭ، چۈشۈپ كېتەلمەيسەن، ئولتۇراي دېسەڭ تۈزۈككرەك ئولتۇرالمايسەن. بۇ چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال، دېگەندەك بىر ئىش بولدىغۇ؟..

ئاپتوبۇس ئالاھەزەل ئىككى سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن كىچىككىنە بىر ئۆتەڭگە كېلىپ يولۇچىلارنىڭ تاماق يەۋېلىشى ئۈچۈن توختىدى. مەن ھېلىقى كۆڭۈل خاپىلىقىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇدۇل ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ئۆزۈم يالغۇزلا ماڭدىم. مېنىڭ ماڭغىنىم قاتناش ئاشخانىسى تەرەپ بار ئىدى. مەن تېخى ئانچە ئۇزاق ماڭماي تۇرۇپلا ئاغىنەم مېنى كەينىمدىن چاقىردى. ئۇ چاقىرغان ئىكەن، توختىماي بولمىدى. مەن باشقا ئامال يوق توختىدىم. ئۇ مېنى ئۆزۈم كۆزلەپ ماڭغان يولۇمدىن ياندۇرۇپ باشقا بىر ئاشخانا بار تەرەپكە باشلىدى.

مەن ئاغىنەمگە ئەگىشىپ، بىر كىچىك ئاشخانىغا ئامالسىز كىردىم. ھېلىقى دىۋانىمۇ بایاتىندىن بېرى جىنىمغا تېگىپ،

بىرگە خۇددى سايىدەك ئەگىشىۋالغانتى. مەن ئىچىمدە: «ئەسلىدىغۇ، ماشىنىغا چۈشكەنلىكىم ئۈچۈن شوپۇرنىغۇ مېھمان قىلارمەن، ئەمدى بۇ دىۋانىنىڭ تاماق پۇلىنىمۇ مەن كۆتۈرىدىغان بولدۇممۇ؟...» دەپ ئويلىدىم. ئويلىغانسېرى ئىچىمدە شۇنچە غۇدىرىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ ئۇ دىۋانە بولغاندىكىن، بىز بىلەن بىللە ئاشخانىغا كىرگىنىگە خۇش بولۇپ، جايىدا ياۋاشلىق بىلەن جىم ئولتۇرماي، ھە دېسىلا ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ھېلى ئۇ تاماقنى، ھېلى بۇ سەيىنى بۇيرۇتۇشلىرىچۇ تېخى ئۇنىڭ!....

تاماق يېيىلىپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقىدىغان چېغىمىزدا، مەن ئاشخانا خوجايىنىدىن: قانچە پۇللۇق تاماق يېدۇق؟ دەپ سوراپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا ھېلىقى ئادەم (ئەمدى ئۇنى دىۋانە دېيىشكە تىلىم كۆيدى) مەن زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن يەردىن، يېنىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنەچچىنى شارتتىدە چىقىرىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويدى. مەن كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا تازا ھەيران بولۇپ، بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ دەپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم......

بىر دەقىقىدىن كېيىن ئاران ئېسىمگە كېلەلىدىم:

— بۇ...؟

ھېلىقى ئادەم مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىۋاتقاندەك، ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ مەنىلىك قىلىپ دېدى:

— ئۇكام سىلەر دېگەن تۆت تېيىنلىق مائاشقا قاراشلىق ئادەملەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەن بولسام يۈز مىڭ يۈەنلىك بېيىغان ئائىلىنىڭ خوجايىنى. ئەگەر ماڭا ئۆز بالامدەك بولۇپ قالغان ئابلىز ئۇستامنىڭ زورلىشى بولمىغان بولسا،

ئاپتوبۇسقىمۇ ئولتۇرماي، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، كۆپكۆك ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلغان بولاتتىم!

ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېخى ئايىغى چۈشە – چۈشمەيلا مەن: ھېچنېمىنى چۈشۈنەلمىدىمغۇ؟ . . . دېگەن مەنىدە ئاغىنەمگە سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

ئاغىنەم كۆزلىرىنى چۆچەكتەك يوغان ئېچىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، لېكىن تەمكىنلىك بىلەن ماڭا چۈشەندۈردى:

— ئىبراھىم ئاكا ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتتى. ئۇ سەمەنلىك بىيىغان دېھقان. قىرىق موغا يېقىن شاللىقنىڭ ھەر موسىدىن ئىككى مىڭ جىڭغا يېقىن ھوسۇل ئالىدۇ. يەنە، باغۇەنچىلىك، باقمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. تېخى ئۇن – ياغ تارتىش زاۋۇتى، يەنە بىرنەچچە ماشىنا – تراكتورلىرىمۇ بار. دېمەك توققۇزى تەل، قولىنى نەگە سۇنسا، شۇ يەرگە يېتىدىغان باي. ئۇ ئۆرۈمچىگە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان تۇغقىنىنى يوقلىغاچ، بىرمۇنچە ئىشلىرىنى بېجىرگىلى كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئېلىپ بولغان ئايروپىلان بىلىتىنى قايتۇرغۇزۋېتىپ، ئەتراپىنى كۆرگەچ ھەم مۇڭداشقاچ بىللە ماڭايلى، دەپ ئاران تەسلىكتە ماشىنامغا چىقاردىم.

مەن بۇ گەپلەرنى خۇددى چۈشۈمدىكىدەك ئاڭلاپ، تېخىمۇ ھاڭ – تاڭ قالدىم. دەسلەپتە ئۇنىڭغا خۇددى ھاقارەت كەلتۈرگەندەك ئىنتايىن بولمىغۇر ئوي – خىياللاردا بولغىنىم ئۈچۈن ئەمدى ئىچىمدە بەكمۇ خىجىل بولدۇم.

1997 – يىلى سېنتەببر.

# مەن تېخى ........

مەن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە ئالدىراش قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. يولدا ماڭا بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۈچىسىغا گۈللۈك ئاق كوپتا بىلەن بېغىررەڭ يوپكا كىيگەن ناھايىتى تونۇش بىر ئايال ئۇچرىدى. مەن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بۇرۇن بىر ئىدارىدا ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن ئىدىم. شۇڭا مەن بۇ ئايالنى خېلىدىن بېرى بىلەتتىم. ئۇ ئارا بوي، ئورۇقتىنا كەلگەن. بوغداي ئۆڭلۈك ئايال ئىدى. مەن ئۇ ئايال بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، قىزغىنلىق بىلەن سورۇدۇم:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟.

ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە سوئالىمغا:

— مۇھەببەتنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم. شۇ يەردىن كېلىۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

لېكىن ئۇنىڭ جاۋابى ماڭا شۇ تاپتا نېمىشقىدۇ باشقىچە ئاڭلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، چىرايىمدا غەلىتىلىك ئەكس ئەتتى.

— يەنە بىر دەڭە، قەيەرگە باردىم دېدىڭىز؟ — مەن قايتىلاپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مۇھەببەتنىڭ يېنىغا باردىم! — ئۇ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھەم ئاشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك بىرخىل ئىپادىدە تۇرۇپ دېدى.

— مۇھەببەتنىڭ يېنىغا باردىم دېدىڭىزمۇ؟.

— شۇنداق دېدىمغۇ؟ شۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ. بۇ گېپىمدە خاتالىق يوقتۇ؟. يا سىزگە باشقىچە ئاڭلىنىپ كېتىۋاتامدۇ؟.
— نېمە دەۋاتىسىز؟.
— نېمە دەپتىمەن؟.
— سىزنىڭمۇ مۇھەببىتىڭىز بارمۇ؟ — كۆزلىرىم چەكچىيىپ كەتتى، ئۆزۈممۇ ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالدىم.
لېكىن ئۇ بەخىرامان جاۋاب بەردى:
— بولمايچۇ؟ بولسا نېمە بولۇپتۇ؟..
مەن ئىچىمدە: «بۇ خوتۇن قىرىغىنىنى بىلمەي، نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئاندىن ئالدىغا سەل يېقىنراق بېرىپ سورۇدۇم:
— راستمۇ؟.
ئۇ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:
— راست بولسا نېمە بوپتۇ؟.
مەن ئىچىمدە ئويلىدىم: «بۇنىڭغا قارىغاندا، تول قالغان خوتۇنلارنىڭ كۆنى ھەقىقەتەنمۇ تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار بەزىدە زېرىكىدۇ، بەزىدە تېرىكىدۇ، دېگەندەك بىرخىل تۇيغۇلارغا كېلىپ قالىدۇ. ئىچ پۇشقىنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق يوللار بىلەن چىقىرىۋالسا، بىر ھېسابتىغۇ مەيلى دەيلى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟... لېكىن بۇ ئايالنىڭ كۆپكۆندۈزدە، خەلقى ـ ئالەمنىڭ ئالدىدا، مۇھەببىتىمنىڭ يېنىغا باردىم، دەپ ئاپئاشكارا داۋراڭ سېلىۋاتقىنى نېمىسى؟...
شۇلارنى ئويلاپ بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدىم. كاللامغا: ئىش بۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن، قېنى بۇ ئايالنى بىر گەپكە سېلىپ باقايچۇ؟ دېگەن ئوي كەلدى ـ دە ئاندىن سورىدۇم:
— جاپا تارتىپ بارغانغا چۇشلۇق، ئۇ مۇھەببىتىڭىز بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟

— بارغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ كۆرۈشىمەن - دە!

بۇ گەپنى دەۋەتقاندا ئۇنىڭ ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، بەكمۇ ئىسكەتسىز بولمىغان كۆزلىرى مۇھەببەت ۋە مەمنۇنىيەت ئىلكىدە قالتىس ئويناپ كەتتى.

— ۋاي ئاتام! — دەۋەتتىم مەن. چىرايىمدا بولسا، بىر خىل ھەيرانلىق ئىپادىسى قېتىپ قالغان ئىدى.

— نېمە بولۇۋاتىسىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ . . . — ئۇ تەئەججۇپ ئىچىدە مەندىن سورىدى.

مەن ئانچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا دېدىم:

— بىر يېرىم ئاغرىۋاتقان بولسىغۇ، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. چۈنكى، ئاغرىق دېگەن بەزىدە بىردەمدە توختاپمۇ قالىدۇ، بىراق. . .

— بىراق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ .

مەن سەل تۇرۇۋېلىپ دېدىم:

— خىجىل بولمىغىنىڭىزغا دەيمەن!.

— نېمىدىن خىجىل بولغۇدەكمەن؟ — ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ئاچچىقىدا ماڭا زەردە بىلەن تىكىلدى.

— مۇھەببىتىم بىلەن كۆرۈشتۇم، دېگىنىڭىزگىچۇ؟ .

بۇ گەپ ئاغزىمدىن شۇنداق تېز، شۇنداق غەلىتە چىقىپ كەتتى.

— شۇنداق دېسەم نېمە بوپتۇ؟ .

— سەت بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ .

بۇ چاغدا ئايالنىڭ يۇپيۇمىلاق، كىچىك كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ماڭا قارىغىنىچە:

— ئوھۇش نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ — دەپ قولىنى قاتتىق سىلكىدى.

مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاپىغا جىمجىتلىق چۈشتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ بىرچاغدىن كېيىن ئۇ:

— گەپلىرىڭىزنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، مۇھەببەت دېسەم، سىز قىز ـ يىگىت ياكى ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا بولۇدىغان ھېلىقى مۇھەببەتنى دەۋاتقان ئوخشىمامسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق مۇھەببەت بولاتتى؟.

— ھوي ئۆلگۈر، بۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا، قېرىغاندا ئۇنداق مۇھەببەت بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟..

— مەن تېخى..

— قۇلىقىڭىز نەگە كەتتى. مەن باياتىندىن بىرى قىزىم مۇھەببەتنىڭ قېشىغا بارغانلىقىمنى دەۋاتىمەنغۇ؟..

— ھوي ھەدە! — دېدىم مەن ئاندىن: — سىزنى شۇنداق دېگىنىمگە خاپا بولماڭ ـ ھە؟ — دېگەننى قوشۇپ قويدۇم.

— قانداق ئاتىغىڭىز كەلسە شۇنداق ئاتاۋېرىڭ!

— سىزنىڭ مۇھەببەت ئىسىملىك قىزىڭىز بارمۇ؟.

— ھوي، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى كۈنى دادىسىنىڭ تەزىيە يىغىنىدا تەسىرلىك قىلىپ، چاقماقتەك سۆزلەپ ھەممەيلەننى ھۆر ـ ھۆر يىغلىتىۋەتكەن مۇھەببەت ئىسىملىك قىز — مېنىڭ قىزىم بولماي، كىمنىڭ قىزى بولاتتى؟

مەن ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك، شۇندىلا ھوشۇمنى تاپتىم:

— ھە ـ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ھېلىقى ئاق يۈزلۈك، قارىقاش، قارا كۆز، ئىلىپتەك بۇرۇن، جىنەستىدەك

قىپقىزىل ئىنچىكە لەۋلىك چىرايلىققىنا قىز شۇمۇ؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى توختىتالماي سۆزلەپ كېتىپ.

— مانا ئېسىڭىزدە بار ئىكەنغۇ؟.

— ھوي ھەدە، ئۇنداق چىرايلىق قىز كىمنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ دەيسىز؟. ھېلىھەم كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ دەڭە؟...

— ھوي بىشىنى يەيدىغان!.

— ھوي ھەدە ئادەمنى نېمانچە تىللاۋېرىسىز؟.

— بايىتىندىن بېرى گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ بەرسەم، ئالا – جۇقا سۆزلەپ نېمىلەرنى دەپ كەتمىدىڭىز؟...

— راستىنى ئېيتسام، مەن تېخى بۇ ھەدەم قېرىغاندىمۇ، بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن!.

— ھوي، ئەقلى يوق سارالڭ!.

1997 – يىلى ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالدىرىشى www.uyghurkitap.com

# ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى

خەلچەمنىڭ قىلغان «ئۇياتسىز» لىقىغا ئەخمەتنىڭ شۇنچە ئاچچىقى كەلدىكى، ئۇنىڭ ئۆتى تېشىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. «ئەمدى خەلچەم بىلەن مۇناسىۋىتىمنى چوقۇم ئۈزىمەن. ئۇ ھەتتا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇمەن. ئەمدى خەلچەمنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. يوق دېدىممۇ يوق!»... دەيتتى ئەخمەت ئاچچىقىدا ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئەخمەت ئەنە شۇنداق ئاچچىق ـ چۈچۈك ۋە گادىرماش خىياللار مېڭىسىنى چىرمىۋالغان ھالدا سېخ ئىشخانىسى ئالدىدا كېتىۋېتىپ، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا خەلچەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. «مۇبادا ئۇنى ئىزدەپ ماڭغان بولسام ھەرگىزمۇ مۇنداق ئاسان ئۇچراپ قالمايتتى! ئەمدى ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، دەپ ماڭغىنىمدا ئۇچراپ قالغىنى نېمىسى؟... بوپتۇ، قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ، ئەمدى ئۇنى كۆرمەسكە ئامال يوق... بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. ئەمدى ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى بولۇشىغا دەۋېلىپ، بىراقلا قۇتۇلۇپ كەتسەم بولمىدىمۇ؟ لېكىن توختا، ئاۋۋال ئۆزى سۆز ئاچسۇن، شۇ چاغدا دېسەممۇ بەربىر كېچىكىپ قالمايمەن!».

خەلچەم چىراي ئېچىپ، ئەخمەتنىڭ ئالدىغا بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ كەلدى. قارىغاندا ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەخمەتكە: «نەگە ماڭدىڭىز؟...» دېگەن

گەپنى قىلىپلا ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى. ئەخمەت: «توۋا ئادەم دېگەن مۇشۇنداقمۇ يۈزى قېلىن بولامدۇ؟ يەنە تېخى گەپ قىلىۋاتقىنىنى قارا!» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەخمەتنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. چۈنكى گەپ قىلىپلا قالسا ئۆزىنىڭ بەك قاتتىق تېگىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىردەملىك بولسىمۇ ھېسسىياتىنى بېسىۋالدى. يەنە كېلىپ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— ئاخشام ئاچامغا نېمە بولدىكىنە؟ ئولتۇرۇش تۈگىمەي تۇرۇپلا كېتىپ قالدى،— دەپ گەپنى خەلچەم ئۆزى تەشتى. «توۋا، دۇنيادا مۇنداقمۇ قېلىن ئادەملەر بولىدىكەن؟ . . قىلىدىغانتى قىلىۋېلىپ، موللام مۇشۇك بولۇۋالغىنىنى؟ . . .» .

ئەخمەتنىڭ سەۋرى ـ تاقىتى قالمىغان ئىدى.

— ئۇياتسىزنىڭ دەۋەتقان گېپىنى قارا، ئاچامنىڭ نېمە بولغىنىنى مەندىن سورىماي، ئۆزىڭىزدىن سورىمامسىز؟ — بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىز قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەخمەت ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— نېمە؟ سىز مېنى ئۇياتسىز دەۋاتامسىز؟ — خەلچەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەئە!.

— مەن زادى نېمە ئىش قىپتىمەن؟.

— سىزنىڭ بەزى قىلىقلىرىڭىزنى مەن ئەمدى كۆتۈرەلمەيمەن.

— سىز مەندىن رەنجىۋاتامسىز؟.

خەلچەم شۇ تاپتا ئەخمەتنىڭ گەپلىرىگە ئەجەبلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئەخمەتكە شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا ئىشلەشتىن توختاپ قالغاندەكلا بىلىندى. ئەخمەت دەيدىغاننى دەپ ئازراق بولسىمۇ، ئاچچىقىنى

چىقىرىۋالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى خىلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ خەلچەم بىر ئازدىن كېيىن سەل ئېسىنى يىغقاندەك قىلىپ:

— يۇرۇڭ، ئىچكىرىسىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى! — دېدى.

ئەخمەت كۆڭلىدە: «بۇ قېتىم يەنە سېھرى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مېنى كولدۇرلىتاي دەۋاتامدۇ نېمە؟ ... ئەمدى مۇشۇ يەردىلا بولدى قىلاي!» دېگەننى ئويلىدى. يەنە بىر تۈرۈپ: «مۇنداق قىلسام بىر ھېسابتا ئۇنىڭ مەندىن قۇتۇلۇپ كېتىشى بەكمۇ ئاسانغا چۈشۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن ئەمدى قالغان گېپىمنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە راسا بىر دەۋىلىپ، ئاندىن بىراقلا ئادا ـ جۇدا بولاي!» دېگەننىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا ئەخمەت سىخقا كىرىپ ئىشلەي دېسىمۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ يېرىم كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى بايىلا ئورۇنداپ بولغان ئىدى.

ئەخمەت كىرسەممۇ كىرەي، دەپ ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان يېرىگە كىردى. ئۇ يەردە ھازىر باشقىلارمۇ يوق ئىدى. گەپنى ئاۋۋال خەلچەم قىلدى:

— مەن سىزنىڭ بايىقى گەپلىرىڭىزدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. زادى دەپ بېقىڭە، سىز نېمىگە شۇنچە خاپا بولۇۋاتىسىز؟.

— سىز قائىدە ـ يوسۇن دېگەننى زادى بىلمەيدىكەنسىز؟

— بىلمەي نېمە قىپتىمەن؟

— مېھماندارچىلىققا بارغاندا، سىز بۇرۇن بىرلىپسىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئاچام كەلگەندە نېمە ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ: «كېلىڭ ھەدە!» دېمەيسىز؟ تېخى تونۇمىغان كىشىدەك ئولتۇرۇپسىزغۇ! بىزدە نەدە شۇنداق قائىدە بار؟

— سالام بەردىڭىزمۇ؟. ئاندىن «ئىشتىن قايتىپ كەلدىڭىزما؟» دەپ سورىدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا ئورنىڭىزدىن قوزغىلىپ قويمايسىز؟

— مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟.. سالام بەرگەندىكىن، بەربىر ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— سىز دەك قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن «بەربىر ئوخشاش» بولغىنى بىلەن بىز دەك قائىدە - يوسۇن بىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوخشاش ئەمەستە! بىز ھەرقانچە تونۇمايدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ «يۇقىرىغا ئۆتۈڭ» دەيمىز! شۇنداق قائىدە يوقمۇ يا؟..

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى خەلچەم ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي. — ھە دەڭە؟. يەنە نېمە ئىش ئاچچىقىڭىزنىڭ كۆڭلىگە كەپتۇ؟.

— باقالى بار تەخسىنى ئالدىڭىزغا تارتىۋېلىپ، قۇرۇقدىلىپ قالغا تەخسىنى ئاچامنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟.

— مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىم.

— ئېيتىڭە، ئاچامنى سىز ھۆرمەتلىمىگەن يەردە باشقىلار ئىززەتلەمدۇ؟

— باشقىلارنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمىدىم؟.

— ساھىبخانىمۇ دەسلەپكى چاينى ئۆزى قۇيماي بالىلىرىگە قۇيدۇرغىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭدىن كېيىن قولىغا چەينەكنى ئېلىۋالغان تۇنىسا دېگەن بىرنېمىمۇ، چاينى ھەممىسىنىڭ قاچىسىغا تولۇقلاپ قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قۇيۇپ بولۇپ، خۇددى كۆزىگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، ئاندىن ئاچامنىڭ قاچىسىغا چاي قۇيۇپتۇ، ئېيتىڭە، بۇنداق خورلۇققا كىممۇ چىدالايدۇ؟ چۈنكى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىززەت - ئابرۇيى بار ئەمەسمۇ؟. ئاچامنى ئاشۇنداق بوزەك قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خارلىساڭلار بولامدۇ؟.

— مەن باشقا ئىشلارنى ئۇقمىدىم، — دېدى خەلچەم ئالدىن سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ.

— سىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاڭۋاقتى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئاشۇنداق ھېچنېمىنى ئۇقمايسىز! مانا ئەمدى ئۇقسىڭىزمۇ — ئۇقماسلىققا سېلىۋالىسىز ئەمەسمۇ؟. ئادەم دېگەنچۇ تۈيغۇن — زېرەك بولۇشى كېرەك!.

خەلچەمنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، قارىداپ كەتكەندەك بولدى. قاپقارا نۇرلۇق كۆزلىرى چەكچىيىپ قوشۇملىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ھە دەڭە؟ ئەمدى مەن «ئاخماق»، «ھاڭۋاقتى» بولۇپ قالدىمما؟ ، ئىلگىرى مېنى «ئەقىللىق»، «چېچەن...» دەۋاتقان ئىدىڭىزغۇ؟ ئەمدى ئۇ گەپلىرىڭىز نەگە كەتتى؟ ھازىر بىر ئۆرۈلۈپلا...... ، — خەلچەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

راست، ئەخمەت ئۆزىنىڭ شۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىقىدىن تېنىۋالالمايدۇ. ھېلىقىدەك بەزىبىر قىلىقلىرىنىمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۇ دېدى:

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ، ھازىرقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلچەمنىڭ سەل جۇدۇنى تۇتقاندەك بولدى. ئۇ دىمىغىنى قېقىپ:

— شۇنداقمىش تېخى؟...، — دەپ قويدى ۋە بېشىنى يانغا بۇرىۋالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قايىل بولماي، رەنجىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى.

ئەخمەتمۇ ئۇنىڭ مۇنداق مەڭسىتمىگەندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ، خۇددى يۈرەك يارىسىغا تۇز سېپىلگەندەك بولدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى گەپنى ئۇچۇق قىلىپ:

— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! — دەۋەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلچەم، چۆچۈپ ئەخمەتكە قارىدى. هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەخمەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇنچلۇق بىرخىل تۇيغۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. شۇنداقمۇ ئۇ خۇددى چاندۇرمىغانغا سېلىپ:

— قانداق مۇناسىۋەتكەن ئۇ؟ . . . — دېدى.

— قانداق مۇناسىۋەت بولاتتى؟ هازىرقى مۇهەببەت باغلاش هەم كېيىنكى نىكاهلىنىش مۇناسىۋىتى بولمامدۇ؟ — دېدى ئەخمەت ئاۋازىنى بەكرەك قويۇۋېتىپ.

لېكىن خەلچەم مۇنداق گەپنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشقا هەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. بەلكى توي قىلىمىزلا دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىرادىدىن زادى كەچمىگەن هالدا:

— ئەخمەت، توي قىلىپ، بىر ئۆيگە كىرگەن چېغىمىزدىمۇ پات - پات مۇشۇنداق جېدەللىشىپ قالارمىزمۇ؟ . . . — بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاب قىلىپ: — ياق، ئۇچاغدا ئۇنداق بولمايدۇ! — دېدى.

خەلچەمنىڭ ئاخىرقى بۇ گېپى خۇددى ئەخمەتنىڭ يۈرىكە ئۇرۇلغان باهار شامىلىدەك، ئىمىشقىدۇ ئۇنىڭ دەردلىك خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا، بولۇپمۇ ياخشى ئۆتكەن ئاشۇ گۈزەل، مەنىلىك چاغلارغا ئېلىپ كەتتى.

ئەخمەت بىلەن خەلچەمنىڭ ئۆزئارا مۇهەببەت باغلاپ يۈرۈۋاتقىنىغا خېلى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا كۆپ هاللاردا بەكمۇ يېقىن، بەكمۇ ئىناق ئۆتتى. كۆپ مۇڭداشتى. كۆپ پىكىرلەشتى. مۇنداق چاغلاردا ئوي - خىياللىرى خۇددى بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ياكى ئۆزئارا ماگنىت بولۇپ تارتىشقاندەك بىريەردىن چىقىپ قالاتتى. مىجەز - خۇلقلىرىمۇ خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك بىر -

بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭا ھازىرغىچە ئارىدا
ھېچقانداق قاتتىق - يىرىك گەپلەر بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئىنىسى
بەزىبىر تەييارلىقلىرى پۈتۈپ قالسىلا، ئالدىمىزدىكى ماي ئېيىدا
توي قىلىۋېتەيلى دەپمۇ يۈرىشەتتى. مانا بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە
ئارىغا مىتە چۈشتى. گەرچە بۇ ئىش باشقىلارغا كىچىك،
ئەرزىمەس ئىشلاردەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بىر ئىشقا تولىمۇ
ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان، قىلنى قىرىق يارىدىغان مىجەزى
بار ئەخمەت ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەستى. لېكىن ئەخمەت شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا كۆڭلى يۇمشاق يىگىت ئىدى.

ئەخمەت دەسلەپتە بۈگۈن خەلچەمدىن چوقۇم ئېنىق جاۋاب
ئالىمەن... مەن ھېلىقىدەك جىنىدىن ئۆتۈدىغان گەپنى
قىلسام، خەلچەم ئاچچىقىدا بولسىمۇ، بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ
قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ! — دەپ ئويلىغان
ئىدى. لېكىن، ئەھۋال ھازىر ئەخمەتنىڭ ئويلىغىنىدەك
بولمايۋاتاتتى. ئەكسىچە خەلچەم تولىمۇ بەخىرامان كۆرۈنۈشكە
كىرىۋالغان ئىدى. خېلىدىن كېيىن ئېغى ئۇ:

— ھازىر شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن بەش مىنۇتتىن كېيىن
ئاچچىقىڭىز يانسا، ئۇ گەپلىرىڭىز بىردەمدىلا نەلەرگە
كېتەمدىكىن ئەخمەت؟ — دېمەمدۇ.

— ئېغى شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئەخمەت تەنە ئارىلاش.

— مەسىلەن، مەن ھازىرلا سىزنى كۆلدۈرۈۋېتەلەيمەن
دېسەم شۇنداق قىلالايمەن، شۇنداقمۇ؟..

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا يەرگە قارىۋېلىپ، ئىچ -
ئىچىدىن پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى.

بىر قىز ئالدىڭىزدا شۇنچە قاتتىق - يىرىك گەپلىرىڭىزنى
ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، قىلچە ئاچچىقلانماي، چىرايىنىمۇ
ئۆزگەرتمەي، خۇددى بۇرۇنقى خۇشال چاغلىرىدەك تۇرسا،
ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە داۋاملىق يېقىملىق كۈلكە سوۋغا

قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى، بەك ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى بىلىۋالامسىز؟ سىزگە پەقەتلا «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپلا بەرسە، ئاندىن ھېساب بولامدۇ؟. قىزلارنىڭ «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.» دېگەن كۆڭلىنى ئىپادىلەشنىڭ ناھايىتى نازۇك، خىلمۇ خىل ۋاسىتىلىرى بارلىقىنى مانا ئەخمەت ئۆمرىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىدۇ. سۆيگەن قىزىڭىز ئالدىڭىزدا ئەنە شۇنداق كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، جىلۇىلىنىپ تۇرسا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خۇددى سىمابتەك ئېرىپ كەتمەمدۇ؟..

مانا ئەخمەتنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا دەل ئاشۇنداق بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر دەملىك قېتىشقا باشلىغان كۆڭلى ئەمدىلىكتە بىلىنەر ـ بىلىنمەس شېرىن مۇھەببەت قاينىمىغا قايتا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەمىسە ماڭا مۇشۇ تۇرقىدا خاتىرە دەپتىرىڭىزنى بىر كۆرسەتمەمسىز؟ — دېدى ئەخمەت چىرايىنى ئېچىپ، ئۇ خاتىرىدە ئۆزى توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى قىياس بىلەن بىلەتتى. بۇنى ئۇنىڭغا خەلچەمنىڭ ئۆزى دەپ بەرگەن. لېكىن مەزمۇننى دېمىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئەخمەتتە ئاشۇ خاتىرە دەپتەرنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلغان ئىدى. ئەخمەت خەلچەمگە لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئەخمەدكە يېقىملىقىنا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— مەن سىزگە بۇ ھەقتە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي ـ ھە؟. بولامدۇ؟ — دېدى.

— قېنى ئېيتىڭا! — دېدى ئەخمەت ھېكايىگە بىر قىزىقىپ، بىر قىزىقماي. قىزىقماسلىقىنىڭ سەۋەب، گەپ مۇھەببەت ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، نېمە ئۈچۈن بىر ھېكايە ئارىغا قىستۇرۇلىدۇ؟ بۇ ئەخمەدنىڭ كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمىدى.

خەلچەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر قىز بىلەن بىر ئوغول بالا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە بىللە ئوقۇيدىكەن، بىللە ئوينايدىكەن، ئۇقىزنىڭ بويىنىدا ئېسىۋالغان مارجىنى بولۇپ، ئۇ قىز بۇ مارجاننى بويىنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىمايدىكەن. ئۇنىسى باشقا مارجانلارغىمۇ تەڭ قىلمايدىكەن. بىرسى قولىغا ئېلىپ، كۆرۈپ باقاي، دېسىمۇ ئۇنىمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارغا قېرىلىق يېتىپتۇ. موماي ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كېسىلى ساقىيالماي ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدىغانغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بوۋاينى چاقىرىپ «بوينۇمدىكى مارجاننى ئېلىۋېتىڭ» دەپتۇ، مارجاننىڭ سىرىنى بىلمىگەن بوۋاي مارجاننى شۇنداق ئېلىۋەتكەن ئىكەن. موماي شۇئان كۆز يۇمۇپ، بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ مارجان باش بىلەن تەننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مارجان ئىكەندۇق!

خەلچەم ھېكايىسىنى شۇنىڭ بىلەن تۈگەتتى. ھېكايىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئەخمەت تولىمۇ مەيۈسلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىغا تېخىمۇ كۆزى يېتىپ، — ئاھ خۇدا، مەن ئاشۇ خاتىرە دەپتەرنى بىر كۆرۈشكە شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قانچە تەلمۈرگەن ئىدىم ـ ھە! دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

لېكىن ئەخمەت باشقىلارنى ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا زورلاشنىڭ ئۆزى ئاقىلانىلىق بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، خەلچەمنى خاتىرە دەپتەرنى كۆرسىتىشكە زورلىمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىگە بۇرۇنقىدەكلا مەنىلىك ھەم ئىللىق تىكىلىپ:

— خەلچەم، بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيانقى سۇنۇق

كۆڭلۈمنى بىر كۆتىرىۋېلىش ئۈچۈن خاتىرە دەپتىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەي، ئەمدى ئىككىنچى تەلىپىمنى ئورۇنداڭ، يەنە ماڭا لېۋىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇدەك قىلىپ بىر پىيالە چاي تۇتۇڭ،— دېدى.

— يا بۇ يەردە سىزگە قويۇپ بەرگۈدەك چاي بولمىسا؟ — دېدى خەلچەم يېقىملىق تەلەپپۇزدا، نازلىنىپ تۇرۇپ، دەرۋەقە بۇ يەردە ھېلىغۇ چاي ئىسكەن، ھەتتا قايناق سۇ قۇيۇپ بەرگۇدەكمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

خەلچەم خېنىملارغا خاس بىر تۇرلۇك نازۇك ھەرىكىتى بىلەن ئويناپ بىرىپ، ئوچۇق دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كەلدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ چۇشلۇك تاماققا كېتىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئەپچىل قوللىرى بىلەن كىيىم ئاسقۇچتىن قوڭۇر رەڭ پەلتوسىنى ئېلىپ كىيىپ، ياغلىقىنى بوينىغا تاشلىغاندىن كېيىن ئەخمەتكە قاراپ تولىمۇ يېقىملىق تەلەپپۇزدا:

— يۇرۇڭ! — دېدى.

— نەگە؟ — دېدى ئەخمەت خۇددى بىلمەسكە سېلىپ.

— بىزنىڭ ئۆيگە بولمامدۇ؟ بايا، سىز چاي قۇيۇپ بېرىڭ، دېدىڭىزغۇ؟. چاينى بۇ يەردە قۇيۇپ بېرەلمەيمەن ـ دە! خەلچەم بۇ قېتىممۇ تولىمۇ يېقىملىق بىرخىل قاراشتا ئەخمەتكە قارىدى.

— ئانىڭىز نېمە دەر؟

— ئانام نېمە دەيتتى؟ تېخى تۇنۇگۇنلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشۋاتقان. . . ئۆيگە بارغاندىن كېيىن مەن ئانامغا: «مەن ئەخمەتنى سەل رەنجىتىپ قويدۇم ئانا، شۇڭا ناماقۇل بولۇپ، چاي قۇيۇپ بەرگىلى ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدىم.» دېسەم، ئانام ھېچنېمە دېمەيدۇ. تېخى «ئوبدان قىپسەن قىزىم! .» دەيدۇ. ئانام بۇ سەتنىڭ نەرىنى ياقتۇرۇپ قالدىكىن ـ تاڭ، خەلچەم ئەخمەتكە قاراپ قاشلىرىنى ھىمىرىپ چاقچاق قىلىپ كۇلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەخمەتمۇ كۇلۇپ تاشلىدى ۋە:

— بارمايمەن. چۈنكى نىسىدىن تەلىيىم يوق! — دەپ خۇددى قىيىدىغان بالىدەك يان تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ — خەلچەم شوخلۇق قىلىپ، ئەخمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، بۇ ئەخمەت ئۈچۈن ئانچە ئاسان قولغا كەلمەيدىغان ئەپلىك پەيت ئىدى. شۇڭا ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، چاقچاقلىق قىلىپ «مىنى سۆيۈپ قويۇڭ» دىگەن ئىشارەتنى قىلدى. ھەرقاچە يېقىن بولغان ھالەتتىمۇ قىزبالا دىگەن «ماقۇل» دىگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقارمايدۇ - دە. ئەخمەتنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى سۆيدۈرۈش بولغاچقا، قىنى مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋالسام قانداق قىلىدىكىن؟، دەپ ئورنىدىن قوپماي، چىڭ ئولتۇرۇۋالدى.

ئامالسىز قىلىۋاتقان خەلچەم ئۇنى «يۇرۇڭ» دەپ قولىدىن تارتقىلى ئالدىغا كېلىۋىدى، ئەخمەت شۇئان چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇچىقىنى ئېچىپ خەلچەمگە ئېتىلدى. لېكىن نىمىشقىدۇ خەلچەممۇ بۇ قېتىم خۇددى بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرمىدى. ئەخمەت ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، قويۇپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق لېۋىنى ئۇنىڭ تاتلىق لېۋىگە يېقىملىقىنە تەگكۈزدى.

1997 - يىلى دېكابىر.